ابن هشام (عبد الملك): (ئىبنى ھىشام، ئابدۇلمەلىك) (ھ ?ـ213 / م ?ـ828). مەشھۇر تارىخچى. ئىبنى ئىسھاق يازغان رەسۇلۇللاھنىڭ تەرجىمىھالىدىن پايدىلىنىپ، "سيرة الرسول" «سىيرەتۇررەسۇل» (رەسۇلۇللاھنىڭ تەرجىمىھالى) ناملىق كىتابىنى يازغان. ئۇنىڭ يەنە "التيجان في ملوك حمير" «ئەتتىيجان فى مۇلۇكى ھىمىيەر» ناملىق كىتابمۇ بار.

ابن الهمام كمال الدين محمد: (ئىبنى ھۇمام، كامالىددىن مۇھەممەد) (ھ ?ـ861 / م ?ـ1457). مىسىرلىق، ھەنەفىي مەزھىپىدىكى

داڭلىق فەقىھ، ئۇنىڭ ئۇسۇل توغرىسىدا "التحرير" «ئەتتەھرىير» ۋە "فتح القدير" «فەتھۇل قەدىير» ناملىق كىتابلىرى بار.

أبو الأسود الدولي، ظالم بن عمرو بن سفيان بن جندل الدولي: (ئەبۇ ئەسۋەد دۇۋەلى، زالىم ئىبنى ئەمرى ئىبنى سۇفيان ئىبنى جەندەلىددۇۋەلى) (ھ ?-69 / م 605-688). تابىئىنلاردىن بولۇپ، لۇغەتشۇناس، فىقھشۇناس، ھازىر جاۋاب ئەدىب ئىدى. بەزىلەر ئۇنى نەھۋى ئىلمىنىڭ ئاساسچىسى دەپ قارايدۇ. خەلىپە ئۆمەر زامانىدا بەسرەدە تۇرغان. خەلىپە ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب تەرىپىدىن بەسرەگە ئەمىر قىلىپ تەيىنلەنگەن، خاۋارىجلارغا قارشى قوشۇن تارتقان. قۇرئاننىڭ توغرا تەلەپپۇز قىلىنىشى ئۈچۈن زەبەر، زىر، پىش قاتارلىق بەلگىلەرنى ئىجاد قىلغان. ئۇنىڭ نەشىر قىلىنغان بىر شېئىرلار دىۋانى بار.

أبو أمامة الباهلي، سدى بن عجلان بن وهب: (ئەبۇ ئۇمامەتۇلباھىلى، سەدا ئىبنى ئەجلان ئىبنى ۋەھب) (ھ ?-81 / م ?-700). ساھابە. ھەزرىتى ئەلى بىلەن سىففىين ئۇرۇشىدا بىللە بولغان. 250 ھەدىس رىۋايەت قىلغان.

أبو أيوب الأنصاري (خالد بن زيد): (ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارى، خالىد ئىبنى زەيد) (ھ ?-52 / م ?-672). مەدىنىلىك ساھابە، خەزرەج قەبىلىسىدىن. رەسۇلۇللاھ ھىجرەت قىلىپ مەدىنىگە كەلگەن كۈنى مۇشۇ كىشىنىڭ ئۆيىگە چۈشكەن. ئۇ، قۇستەنتىيە (كونىستانتىنوپول)نى فەتھى قىلىش ئۇرۇشىدا شېھىت بولغان.

أبو بردة عامر بن أبو موسى عبد الله بن قيس الأشعري: (ئەبۇ بۇردە، ئامىر ئىبنى ئەبۇ مۇسا ئابدۇللاھ ئىبنى قەيسىل ئەشئەرى) (ھ ?-103 / م ?-721). تابىئىنلاردىن بولۇپ، كۇفەگە قازى بولغان.

أبو بكر بن أبي شيبة، عبدالله بن محمد بن إبراهيم بن عثمان العبسي (ابن أبي شيبة): (ئەبۇ بەكرى ئىبنى ئەبۇ شەيبەم ئابدۇللاھ ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم ئىبنى ئۇسمانىل ئەبەسى، ئىبنى ئەبى شەيبە) (ھ 159-235 / م 776-850). مەشھۇر ئىماملارنىڭ بىرى، ھەدىسشۇناسلارنىڭ كاتتىسى. "المسند" «ئەلمۇسنەد» (12جىلدلىق)، "المصنف" «ئەلمۇسەننىف» ۋە "التفسير" «ئەتتەفسىر» قاتارلىق چوڭ ھەدىس كىتابلىرىنىڭ مۇئەللىپى. ئۇ ئۇسمان ئىبنى ئەبۇ شەيبە ۋە قاسىم ئىبنى ئەبۇ شەيبە قاتارلىق ھەدىسشۇناس ئالىملار بىلەن قېرىنداش. كۇفىدا ۋاپات بولغان.

أبو بكر الصديق (عبد الله): (ئەبۇ بەكرى سىددىق، ئابدۇللاھ) (م 573-634). ھىجرىيە 11-يىلىدىن 13-يىلىغىچە خەلىپە بولغان. چاھارىيارلارنىڭ بىرىنچىسى. مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئاتىسى. مۇرتەدلەرگە قارشى جىھاد قىلىپ، مۇسەيلىمە كاززاپنى مەغلۇپ قىلغان. مەدىنىدە ۋاپات بولغان.

أبو بكر عبد الرحمن ابن حرث: (ئەبۇ بەكرى ئابدۇراھمان ئىبنى ھەرس) (ھ ?-94 / م ?-713). مەدىنە مۇنەۋۋەرەدىكى مەشھۇر يەتتە فەقىھنىڭ بىرى. ھىجرىيە 94-يىلى بىر تۈركۈم فەقىھلەر ۋاپات بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ يىل «فەقىھلەر يىلى» دەپ ئاتالغان.

أبو تمام (حبيب بن أوس الطائي): (ئەبۇ

تەممام، ھەبىب ئىبنى ئەۋس تائى) (ھ 190 ـ 230 / م 806 ـ 845). ئابباسىيلار شائىرى، دەمەشقتە تۇغۇلۇپ، مەۋسىلدە ۋاپات بولغان. خەلىپىلەرنى، بولۇپمۇ مۇئتەسىمنى مەدھىيىلەيدىغان شېئىرلارنى كۆپ يازغان. بەدىئىي تەسەۋۋۇرغا ناھايىتى باي ئىدى. ئۇنىڭ "ديوان أبي تمام" «دىۋانى ئەبى تەممام» ناملىق بىر شېئىرىي دىۋانى ھەمدە "ألحماسة" «ئەلھەماسە» ناملىق (باشقا شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدىن توپلىغان) بىر توپلىمى بار.

أبو جهل (عمرو بن هشام): (ئەبۇ جەھل، ئەمرى ئىبنى ھىشام) (م ؟ ـ 623). قۇرەيش قەبىلىسىدىن، ئابرۇيلۇق ۋە باي كىشى بولۇپ، بەنىي مەخزۇم ئايمىقىنىڭ كاتتىسى ئىدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ناھايىتى ئۆچ بولۇپ، ئۇنىڭغا ناھايىتى كۆپ ئەزىيەت يەتكۈزگەن، بەدرى ئۇرۇشىدا ئۆلتۈرۈلگەن.

أبو الحجاج المزي يوسف بن عبد الرحمن بن يوسف جمالدين بن الزكي: (ئەبۇلھەججاجىل مىززىي، يۈسۈف ئىبنى ئابدۇراھمان ئىبنى يۈسۈف جامالۇددىن ئىبنى زەكىي) (ھ 654 ـ 742 / م 1256 ـ 1341). شامدا ئۆتكەن مەشھۇر مۇھەددىس، لۇغەت ۋە ھەدىس ئىلمىدە يېتىشكەن ئالىم. 34 توملۇق "تهذيب الكمال" «تەھزىيبۇلكامال فى ئەسمائىررىجال»، يەنە "تحفة الأشراف" «تۇھفەتۇل ئەشراف»، "المنهج الأحمد" «ئەلمەنھەجۇل ئەھمەد» قاتارلىق نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان.

أبو الحسن عز الدين علي بن محمد الجزرى (باب الامير): (ئەبۇلھەسەن ئىززۇددىن ئەلى ئىبنى مۇھەممەد جەزەرى) (ھ ؟ ـ 630 / م ؟ ـ 1233). مەشھۇر تارىخشۇناس بولۇپ، مۇھىم ئەسەرلەرنى يازغان. مەشھۇر ئون جىلدلىق "تاريخ الكامل" «تارىخۇل كامىل» ۋە ساھابىلەرنىڭ تەرجىمىھالى خاتىرىلەنگەن "اسد الغابة" «ئەسەدۇلغابە» ناملىق كىتابلار مۇشۇ زاتنىڭ ئەسەرلىرىدۇر.

أبو داود سليمان ابن أشعث بن إسحاق الأزدى السجستاني: (ئەبۇ داۋۇد سۇلەيمان ئىبنى ئەشئەس ئىبنى ئىسھاقىل ئەزدىس سىجىستانى) (ھ 202 ـ 275 / م 818 ـ 889). «سىھاھ سىتتە» كىتابلىرىنىڭ بىرى بولغان "سنن أبي داود" «سۇنەنى ئەبۇ داۋۇد»نىڭ توپلىغۇچىسى. بۇ زات خۇراسان، شام، ئىراق قاتارلىق جايلارنى كېزىپ يۈرۈپ چوڭ مۇھەددىسلەردىن ھەدىس تەلىم ئالغان. بۇ زات توپلىغان «سۇنەنى ئەبۇ داۋۇد» ناملىق كىتابتا 4800 ھەدىس بار. بۇ ھەدىسلەر يۈزمىڭ ھەدىس ئىچىدىن تاللىنىپ، ئىمام ھەنبەل (ئىمام ئەھمەد)گە كۆرسىتىلگەندە، ئالاھىدە ئالقىشلانغان. بۇ زات مەشھۇر ئىماملاردىن بولۇپ، ھەدىس، فىقھى ۋە ئۇسۇلى فىقھى ئىلمىدە يۇقىرى سەۋىيىگە ئىگە ئىدى.

أبو الدرداء عويمر بن مالك بن قيس بن أمية الأنصاري الخزرجي: (ئەبۇددەردائ، ئۇۋەيمىر ئىبنى مالىك ئىبنى قەيس ئىبنى ئۇمەييەتىل ئەنسارىل خەزرەجى) (ھ ؟ ـ 32 / م ؟ ـ 652). ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى مەدىنىدە سودا بىلەن شۇغۇللانغان. ئىسلامىيەتتىن كېيىن قەيسەرلىكى ۋە ئىبادەتگۈيلىقى بىلەن تونۇلغان دانىشمەن، زاھىد ساھابە. ھەدىستە: «ئۇۋەيمىر (ئەبۇ دەردائىنى دېمەكچى) ئۈممىتىمنىڭ ھەكىمى» دېيىلگەن. خەلىپە ئۇمەر تەرىپىدىن دەمەشقكە قازى قىلىنىپ تەيىنلەنگەن. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە قۇرئاننى يادقا ئېلىپ قارىي بولغان ساھابىلارنىڭ بىرى. 179 ھەدىس رىۋايەت قىلغان.

أبو ذر الغفاري، جندب بن جنادة بن سفيان بن عبيد: (ئەبۇ زەررىلغىفارى، جۇندۇب ئىبنى جەنادە ئىبنى سۇفيان ئىبنى ئۇبەيد) (ھ ?- 32 / م ?- 652). تۇنجى تۈركۈمدە ئىسلامغا كىرگەن ساھابىلەردىن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن شامغا كۆچۈپ كەتكەن. 281 ھەدىس رىۋايەت قىلغان. ئۇ ئىنتايىن سېخىي بولۇپ، پۇل-مال توپلىمىغان، مەدىنىنىڭ رەبزە دېگەن جايىغا سۈرگۈن قىلىنغان، ۋاپات بولغانغا قەدەر شۇ يەردە ياشىغان. ۋاپات بولغاندا ئۆيىدە كېپەنلىككە يارىغۇدەك بىر نەرسىسمۇ يوق ئىدى.

أبو السُّعود العمادي: (ئەبۇ سۇئۇدىل ئىمادى) (ھ 898-982 / م 1493-1574). تۈركلەردىن چىققان فەقىھ ئۆلىما، يازغۇچى ۋە شائىر، «قانۇننامە» ناملىق ئەسىرىدە دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئۇسۇللىرى ۋە پرىنسىپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان، مەشھۇر مۇفتى. ئۇنىڭ "تفسير أبي السعود" «تەفسىرۇ ئەبىيسسۇئۇد» (ئەبى سۇئۇد تەپسىرى) نامى بىلەن تونۇلغان "إرشاد العقل السليم إلى مزايا الكتاب الكريم" «ئىرشادۇل ئەقلىسسەلىم ئىلا مەزايەل كىتابىل كەرىم» ناملىق تەپسىر كىتابى ئەڭ مەشھۇر.

أبو سعيد الخدري، سعد بن مالك بن سنان الخزرج الأنصاري: (ئەبۇ سەئىدىل خۇدەرى، سەئد ئىبنى مالىك ئىبنى سەنانىل خەزرەجىل ئەنسارى) (ھ ?-74 / م ?-693). كۆپ ھەدىس رىۋايەت قىلغان يەتتە ساھابىنىڭ بىرى بولۇپ، 1170 ھەدىس رىۋايەت قىلغان. ئۇ داۋاملىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئىدى.

أبو سفيان (صخر بن حرب بن أمية): (ئەبۇ سۇفيان، سەخرى ئىبنى ھەرب ئىبنى ئۇمەييە) (ھ ?-31 / م ?-652). قۇرەيش قەبىلىسىدىكى چوڭ سودىگەر. ئىسلامغا قاتتىق دۈشمەنلىك قىلغانلارنىڭ بىرى. ئوھۇد ۋە خەندەك غازىتىدا مۇشرىكلارغا قوماندان بولغان. مەككە فەتھى بولغان كۈنى ئىسلامغا كىرگەن. ئۇمەييىلەر سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىسى مۇئاۋىيەنىڭ دادىسى.

أبو شريح العدوي خويلد بن عمرو: (ئەبۇ شۇرەيھىل ئەدەۋىي، خۇۋەيلىد ئىبنى ئەمرى) (ھ ?-68 / م ?-688). مەككە فەتھىسىدە بايراق كۆتۈرگەن ساھابە.

أبو الشعثاء، جابر بن زيد البصري: (ئەبۇششەئسائ، جابىر ئىبنى زەيدىل بەسەرى) (ھ 21-93 / م 642-712). تابىئىنلاردىن بولغان كاتتا فەقىھ. ئىبنى ئابباسنىڭ شاگىرتى. ئۇ ۋاپات بولغان كۈنى قەتادە: «بۈگۈن ئىراق ئەھلىنىڭ ئەڭ بىلىملىك ئادىمى قازا قىلدى» دېگەن.

أبو طالب بن عبد المطلب (عبد مناف): (ئەبۇ تالىب ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىب، ئابدۇمەناف) (م ?-620). رەسۇلۇللاھنىڭ ئاتا تەرەپ تاغىسى، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دادىسى. ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ دادىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن رەسۇلۇللاھقا ھامىي بولۇپ، بېقىپ چوڭ قىلغان. گەرچە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلمىغان بولسىمۇ، رەسۇلۇللاھنى داۋاملىق قوغدىغان.

أبو ظبي: (ئەبۇ زەبىي). ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىگە قاراشلىق بىر خەلىپىلىك. سەئۇدى، قاتار، ئومان ۋە دۇبەي ئارىسىدىكى ئارالغا جايلاشقان. پايتەختى ئەبۇ زەبىي. ئۇنىڭ تەۋەلىكىدە 200 ئارال بار.

پورتۇگالىيە 16 ـ ئەسىردە ئۇنى مۇستەملىكە قىلىۋالغان. 1624 ـ يىلى ئازاد بولغان. بۇ خەلىپىلىكنى 1816 ـ يىلى شەيخ شەخبۇت ئىبنى دەيياب قۇرغان. مول نېفىت بايلىقىغا ۋە ئىقتىسادىي ئەۋزەللىككە ئىگە.

أبو عبد الرحمن سلمي: (ئەبۇ ئابدۇراھمان سۇلەمى) (ھ ؟ ـ 74 / م ؟ ـ 693). تابىئىنلار ـ دىن چىققان چوڭ فەقىھ ئىدى. قىرائەت ئىلمىدە پېشۋا بولۇپ، قۇرئاننى خىلمۇخىل ئۇسلۇبتا ئوقۇيتتى. قىرائەت ئىلمىنى ئوسمان ئىبنى ئەففاندىن ئۆگەنگەن. بۇ زات پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدىدە 40 يىل قۇرئان تىلاۋەت بىلەن مەشغۇل بولغان. ھەممە ئادەم ئۇنىڭ قىرائىتىنى تولىمۇ ئىخلاس بىلەن تىڭشايتتى. فىقھى جەھەتتىمۇ يۇقىرى سەۋىيىگە ئىگە ئىدى.

أبو عبيد القاسم بن سلام الحروي الخراساني البغدادي (أبو عبيدة): (ئەبۇ ئۇبەيدىلقاسىم ئىبنى سالامىل ھەرۇۋىل خۇراسانىل بەغدادى، ئەبۇ ئۇبەيدە) (ھ 157 ـ 224 / م 774 ـ 838). ھەدىس، فىقھى ۋە تىل ـ ئەدەبىياتتا يېتىشكەن كاتتا ئالىم. ھىراتتا تۇغۇلغان. كېيىن باغدادقا يەرلەشكەن. 18 يىل تاراسۇس دېگەن جايغا قازى بولغان. يازغان كىتابلىرى ھايات ۋاقتىدىلا كىشىلەر ئارىسىدا كەڭ تارقالغان. ھەدىس سۆزلۈكلىرى ھەققىدە 40 يىلدا يېزىپ چىققان 4 جىلدلىق "الغريب المصنف" «ئەلغەرىبۇل مۇسەننىف» ناملىق كىتابى بار ۋە "الطهور" «ئەتتۇھۇر» ، "الأجناس من كلام العرب" «ئەلئەجناس مىن كەلامىل ئەرەب» ، "أدب القاضي" «ئەدەبۇل قازى» ، "فضائل القرآن" «فەزائىلۇل قۇرئان» ، "الأمثال" «ئەلئەمسال» ، "المذكر والمؤنث" «ئەلمۇزەككەر ۋەلمۇئەننەس» ، "المقصور والممدود" «ئەلمەقسۇر ۋەلمەمدۇد» ، "الأموال" «ئەلئەمۋال» ، "الإيمان" «ئەلئىمان» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان. ئىمام جاھىز: «ھېچكىم ئىبنى سالامدەك سەھىھ ۋە پايدىلىق كىتابلارنى يېزىپ باقمىغان» دېگەن.

أبو عبيدة الجراح، هلال القرشي (عامر بن عبد الله): (ئەبۇ ئۇبەيدەتۇل جەرراھ، ئامىر ئىبنى ئابدۇللاھ، ھىلالۇل قۇرەشى) (ھ ؟ ـ 18 / م ؟ ـ 639). فىھرىلىك. قۇرەيش قەبىلىسىدىن. جەننەت بىلەن بىشارەت بېرىلگەن ئون ساھابىنىڭ بىرى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا "أمين الأمة" «ئەمىنۇل ئۇممە» (مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشەنچلىك ئادىمى) دەپ نام بەرگەن. خالىدتىن كېيىن شامنى فەتھى قىلىشقا ئاتلانغان قوشۇنغا قوماندانلىق قىلغان. بۇرۇن ئىسلامغا كىرىپ بارلىق ئۇرۇشلارغا قاتناشقان. ئوھۇد كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پېشانىسىگە تەگكەن ئوقنى چىشى بىلەن چىشلەپ چىقارغاندا ئالدى ئىككى چىشى چۈشۈپ كەتكەن. يۇقۇملۇق كېسەل سەۋەبلىك قازا قىلغان.

أبو العلاء المعري: (ئەبۇلئەلا مەئەررى) (ھ 362 ـ 449 / م 973 ـ 1057). مەئەررەدە ياشىغان پەيلاسوپ شائىر، مۇتەپەككۇر. تۆت يېشىدا كۆزىدىن ئايرىلغان (كۆزى تۇتۇلۇپ قالغان). ھەلەب، تىرابلىس، ئانتاكىيىلەردە ئوقۇغان. كىشىلەردىن ئايرىلىپ زاھىدلىق بىلەن كۈن ئۆتكۈزگەن. ئۇ ناھايىتى ھېسسىياتچان، ئەقىللىق، ئۆتكۈر تەنقىدچى، ناھايىتى سەزگۈر، يېگانىلىقنى ۋە زاھىدلىقنى ياقتۇرىدىغان ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ "سقط الزند" «سەقتۇززەند» ناملىق قەسىدىلەر توپلىمى، پەلسەپە توغرىسىدا "اللزوميات" «ئەللۇزۇمىيات» ، ئىلاھىي ئاجايىباتلار توغرىسىدا "رسالة الغفران" «رىسالەتۇل غۇفران» (تۆۋىنامە) ناملىق ئەسەرلىرى بار.

أبوعمر يوسف بن عبد الله بن محمد (ابن عبد البر): (ئەبۇ ئۇمەر يۇسۇف ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى مۇھەممەد، ئىبنى ئابدۇلبەر) (ھ 368 ـ 463 / م 978 ـ 1071). مەشھۇر ھەدىسشۇناس. مۆتىۋەر فەقىھ، تارىخشۇناس، ئەدىب. «مەغرىبنىڭ مۇھەددىسى» دەپ ئاتالغان. ئەندەلۇس (ئىسپانىيە)دە تۇغۇلغان. لىشبونە ۋە سەنتەرىين شەھەرلىرىگە قازى بولغان. "الدرر في اختصار المغازي والسير" «ئەددۇرەر فى ئىختىسارىل مەغازىي ۋەسسىيەر»، "العقل والعقلاء" «ئەلئەقلۇ ۋەلئۇقەلا»، "جامع بيان العلم وفضله" «جامىئۇ بەيانىل ئىلمى ۋە فەزلىھى»، "المدخل" «ئەلمەدخەل»، "بهجة المجالس" «بەھجەتۇل مەجالىس» قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ئەسەرلىرى بار.

أبو الفداء (إسماعيل): (ئەبۇلفىدا، ئىسمائىل) (ھ 671 ـ 731 / م 1273 ـ 1331). ئەمىر، تارىخشۇناس، جۇغراپىيىشۇناس. ئۇنىڭ "تقويم البلدان" «تەقۋىمۇل بۇلدان» (جۇغراپىيە لۇغىتى) ۋە "المختصر في أخبار البشر" «ئەلمۇختەسەر فى ئەخبارىل بەشەر» (قىسقىچە جاھان تارىخى) ناملىق كىتابلىرى بار.

أبو الفرج الأصبهاني (علي بن الحسين): (ئەبۇلفەرەجىل ئەسبەھانى، ئەلى ئىبنى ھۇسەين) (ھ ؟ ـ 356 / م ؟ ـ 967). ئابباسىيلار دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر جامائەت ئەربابى. كۆزگە كۆرۈنگەن تارىخچى. باغدادتا ياشاپ، شۇ يەردە ۋاپات بولغان. مەھلەبىيلەر ۋەزىرىگە يېقىنلىشىپ، ئۇنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن. ئۇ ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ مەشھۇر مەنبەسى دەپ قارىلىدىغان "الأغاني" «ئەلئەغانىي» ناملىق كىتابنىڭ مۇئەللىپى. ئۇنىڭ "مقاتل الطالبين" «مەقاتىلۇتتالىبىين» قاتارلىق نۇرغۇن ئەسەرلىرى بار.

أبو القاسم البغوي (عبد الله بن محمد بن عبد العزيز): (ئەبۇلقاسىمىل بەغەۋى، ئابدۇللاھ ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلئەزىز) (ھ 213 ـ 317 / م 828 ـ 929). مەشھۇر ھەدىسشۇناس، ئىراقنىڭ بەغشۇر دېگەن يېرىدىن. ئۇ "معجم الصحابة" «مۇئجەمۇسساھابە» (ساھابىلارنىڭ تەرجىمھالى)، "الجعديات" «ئەلجەئدىيات» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان. ئۇ باغدادتا ۋاپات بولغان.

أبو القاسم الطبراني (سليمان بن أحمد بن أيوب اللخم الشامي): (ئەبۇلقاسىم تەبەرانىي، سۇلەيمان ئىبنى ئەھمەد ئىبنى ئەييۇبىل لەخمىششامى) (ھ 260 ـ 360 / م 873 ـ 971). مەشھۇر ھەدىسشۇناس. ھەدىس توغرىسىدا "المعجم الكبير" «ئەلمۇئجەمۇل كەبىر»، "المعجم الأوسط" «ئەلمۇئجەمۇل ئەۋسەت»، "المعجم الصغير" «ئەلمۇئجەمۇسسەغىير»، "الأوائل" «ئەلئەۋائىل»، "دلائل النبوة" «دەلائىلۇن نۇبۇۋۋە» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان.

أبو الليث السمرقندي (نصر، إمام المهدي): (ئەبۇللەيس سەمەرقەندى، نەسر، ئىمام مەھدى) (ھ ؟ ـ 373 / م ؟ ـ 983). ھەنەفىي ئىماملىرىدىن بىرى بولغان فەقىھ، تەرىقەتچى. ئۇ "تفسير القرآن" «تەفسىرۇل قۇرئان»، "نوازل"، «نەۋازىل»، "العيون" «ئەلئۇيۇن» قاتارلىق تەپسىرلەرنى؛ ۋەز-نەسىھەت توغرىسىدا "تنبيه الغافلين" «تەنبىيھۇل غافىلىين» (غاپىللار سەمىگە)، تەرىقەت توغرىسىدا "بستان العارفين" «بوستانۇل ئارىفىين» (ئارىفلار گۈلىستانى) ناملىق ۋەز-نەسىھەت خاراكتېرىدىكى كىتابلىرى بار. «ئىمام مەھدى» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان.

أبو محمد طلحة بن عبدالله: (ئەبۇ مۇھەممەد تەلھە ئىبنى ئابدۇللاھ) (ھ ?-16 / م ?-637). ساھابىلەرنىڭ چوڭلىرىدىن بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن نۇرغۇن ھەدىس رىۋايەت قىلغان. ناھايىتى قولى ئوچۇق كىشى بولغانلىقى ئۈچۈن، ساھابىلەر ئىچىدە «سېخىي» دەپ ئالاھىدە تەرىپلىنەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نۇرغۇن ئىشلاردا ئەبۇ تەلھە بىلەن مەسلىھەتلىشەتتى. ئوھۇد جېڭىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قوغداش ئۈچۈن كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، دۈشمەنگە ئۆزىنى تۇتۇپ بەرگەن ۋە يىگىرمە تۆت يېرى يارىلانغان. ۋاپات بولغاندىن كېيىن بەسرەگە دەپنە قىلىنغان.

أبو مسلم الخراساني: (ئەبۇ مۇسلىم خۇراسانى) (ھ ?-137 / م ?-755). ئاببا-سىيلار دەۋەتچىسى ۋە سەركەردىسى. مەرۋەنى ئىشغال قىلىپ، 749-يىلى كۇفىگە كىرگەن. ئابدۇللاھ ئىبنى مۇھەممەد سەففاھقا بەيئەت قىلغان. مەنسۇر ئۇنىڭ ئىشلىرىدىن ئەنسىرەپ ئۇنى قەتلى قىلىۋەتكەن.

أبو نواس (الحسن بن هاني): (ئەبۇ نۇۋاس، ھەسەن ئىبنى ھانى) (ھ 140-199 / م 757-814). ئابباسىيلار دەۋرىدىكى ئەڭ داڭلىق شائىرلارنىڭ بىرى بولۇپ، مەي شائىرى دەپ ئاتالغان. رەشىد ئۇنى ئۆزىگە تارتىپ ئىشەنچلىك شائىرى قىلىۋالغان. بەرمەكىلەر بىلەن ئالاقە ئورناتقان. مەيگە، ئويۇن-تاماشىغا بېرىلىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا تەۋبە قىلغان. ئۇنىڭ مەي توغرىسىدا يازغان بىر دىۋانى بار.

أبو هريرة (عبد الرحمن بن صخر الأزدي): (ئەبۇ ھۇرەيرە، ئابدۇراھمان ئىبنى سەخرىل ئەزدى) (ھ ?-59 / م ?-678). ساھابە. ھىجرىيىنىڭ 7-يىلى مۇسۇلمان بولغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئەڭ كۆپ ھەدىس رىۋايەت قىلغان. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە بەھرەينگە ۋالىي بولغان. مەدىنىدە ۋاپات بولغان.

أبو الهول: (ئەبۇلھەۋل). مىسىر پىرئەۋنلىرىنىڭ ناھايىتى چوڭ تاش ھەيكىلى. جىيزە ئەھراملىرى ئالدىغا تىكلەنگەن بېشى ئادەمگە، تېنى شىرغا ئوخشايدىغان ئەپسانىۋى مەخلۇق. ئۇنىڭ كەڭلىكى 17 مېتىر، ئېگىزلىكى 39 مېتىر. يۇنانلىقلار «سفىنكس» دەپ ئاتايتتى. ئۇ دۇنيا بىناكارلىقىدىكى ئاجايىپ-غارايىپ ۋە نەپىس قۇرۇلۇشلارنىڭ بىرى. تەخمىنەن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 2480-يىلى خەفرەئە بىنا قىلغان.

أبو يحي مالك بن دينار: (ئەبۇ يەھيا مالىك ئىبنى دىنار) (ھ ?-131 / م ?-748). بۇ زات چوڭ فەقىھلەردىن بولۇپ، ئىمام ئەزەمنىڭ شاگىرتلىرىدىن ئىدى. ھاياتىنى تولىمۇ زاھىدلىقتا ئۆتكۈزگەن، ئۆيىدە بىر قۇرئان، تاھارەت ئالىدىغان بىر ئىۋرىق، بىر پارچە بورىدىن باشقا مۈلكى يوق ئىدى.

أبو يزيد البسطامي (طيفور): (ئەبۇ يەزىد بەستامى، تەيفۇر) (ھ ?-261 / م ?-875). خۇراسانلىق مەشھۇر تەرىقەتچى. فەنا ۋە ۋەھدەتۇل ۋۇجۇد نەزەرىيىسىنىڭ تەشەببۇسچىسى. ئۇنىڭ مۇرىتلىرى «بسطامية» «بەستامىيە» ياكى «الطيفورية» «ئەتتەيفۇرىيە» دەپ ئاتىلىدۇ.

أبو يوسف القاضي (يعقوب بن إبراهيم): (ئەبۇ يۇسۇف قازى، يەئقۇب ئىبنى ئىبراھىم)

(ھ ؟ ـ 182 / م ؟ ـ 798). كۇفىدا تۇغۇلغان. ئىمام ئەزەم ـــ ئەبۇھەنىفىنىڭ ئەڭ چوڭ شاگىرتى. مەھدى، ھادى، رەشىد دەۋرلىرىدە باغدادقا قازى بولغان. ئۇ "قاضي القضاة" «قازىلارنىڭ قازىسى» دەپ ئاتالغانلارنىڭ تۇنجىسى. ھەنەفىي مەزھىپىدە تۇنجى قېتىم كىتاب يازغان زات، شۇنداقلا قىيىن مەسىلىلەرنى يېشىپ بەرگەن. بۇ زاتنىڭ "آمالي" «ئامالىي»، "نوادر" «نەۋادىر»، "الخراج" «ئەلخىراج» ۋە "الرد على سير الأوزاعي" «ئەررەددۇ ئەلا سىيەرىل ئەۋزائىي» (ئەۋزائىيلارغا رەددىيە) ناملىق كىتابى بار.

أبي بن كعب بن قيس بن زيد الأنصاري الخزرجي (أبو المنذر): (ئۇبەي ئىبنى كەئەب، ئىبنى قەيس ئىبنى زەيدىل ئەنسارىل خەزرەجى، ئەبۇلمۇنزىر) (ھ ؟ ـ 21 / م ؟ ـ 642). كاتىتا ساھابە، ئىسلامىيەتتىن بۇرۇن قەدىمىي كىتابلار بىلەن ھەپىلەشىدىغان يەھۇدىي ئالىملىرىدىن ئىدى. مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن ۋەھىي يازىدىغان كاتىپلاردىن بولغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بەدر، ئۇھۇد، خەندەك ۋە باشقا بارلىق غازاتلارغا قاتناشقان، قىرائەتتە ساھابىلارنىڭ ئەڭ ئۈستىسى بولۇپ، ئىلىمدە كامالەتكە يەتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا پەتىۋا بېرىشكە باشلىغان. ھەزرىتى ئوسمان زامانىدا قۇرئاننى توپلاشقا قاتناشقان. 164 ھەدىس رىۋايەت قىلغان. مەدىنىدە ۋاپات بولغان.

اتحاد الإمارات، الإمارات العربية المتحدة: (ئىتتىھادىل ئىمارات، ئەلئىماراتىل ئەرەبىيەتىل مۇتتەھىدە). ئىمارات. ئەبۇ زەبىي، دۇبەي، رەئسۇلخەيمە، شارىقە، ئەجمان، فۇجەيرە، ئۇممۇلقەيۋەينى قاتارلىق ئارال خەلىپىلىكلىرىدىن تەركىب تاپقان ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى. 1971 ـ يىلى قۇرۇلغان. بۇلارنىڭ مەركىزى ئەبۇ زەبىي، ئاساسىي ئىقتىسادى نېفىتتىن كېلىدۇ.

الإثنا عشرية: (ئىسنا ئەشەرىيە). شىئە ئىمامىيە مەزھىبىدىكىلەرنىڭ ئاتىلىشى. بۇ مەزھەبتىكىلەر تۆۋەندىكى ئون ئىككى ئىمامنى پېشۋايىمىز دەپ قارايدۇ:

1. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ.
2. ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ.
3. ھۈسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ.
4. ئەلى زەينۇلئابىدىن.
5. مۇھەممەد باقىر.
6. جەئفەر سادىق.
7. مۇسا كازىم.
8. ئەلى رىزا.
9. مۇھەممەد جەۋۋاد.
10. ئەلى ھادى.
11. ھەسەن ئەسكەرى.
12. مۇھەممەد مەھدى.

الأثير، ابن الأثير: (ئىبنى ئەسىر). بۇ مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان ئۈچ قېرىنداشنىڭ ئورتاق نامى. ئۇلار ئىراقنىڭ مەۋسىل دېگەن يېرىدە ياشىغان. چوڭ ـ كىچىكلىك تەرتىۋى بويىچە:

1. مجد الدين المبارك: (مەجدۇددىن مۇبارەك، ئىبنى مۇھەممەد) (ھ 545 ـ 607 / م 1150 ـ 1210). مۇھەددىس ۋە تىلشۇناس. ئۇنىڭ "النهاية في غريب الحديث والأثر" «ئەننىھايە فى غەرىيبىل ھەدىيسى ۋەلئەسەر» (ھەدىس ۋە ئەسەرلەردىكى قىيىن سۆزلەر)، "جامع الأصول" «جامىئۇل ئۇسۇل» (جامىئۇل ئۇسۇل) ناملىق كىتابلىرى بار.
2. عزالدين علي: (ئىززۇددىن ئەلى، ئىبنى مۇھەممەد) (ھ 562 ـ 632 / م

1166 ـ 1234). تارىخشۇناس. ئۇ "الكامل في التــــاريخ" «ئەلكـامىلۇ فىتتـارىيخ» (كامىل) نامىلىق تـارىخ كـتابىنى ۋە "أسد الغابة في معرفة الصحابة" «ئەسەدۇل غابە فـى مەئرىفەتىسساھابە» (ساھابىلەرنىڭ تەرجىمىھالى) نامىلىق كىتابىنى يازغان.

3. ضياء الدين نـصر الله: (زىيائۇددىن نەسرۇللا، ئىبنى مۇھەممەد) (ھ 559 ـ 637 / م 1163 ـ 1239). يـازغۇچى. ئـۇ "المثـل الـسائر" «ئەلمەسەلۇسسائىر» (مەشـھۇر ماقـال ـ تەمـسىللەر) نـامىلىق كىتابىنى يازغان.

أثينا: (ئاسىينا). گرېتسىيىنىڭ پايتەختى. دېڭىـز قىرغىقىـدىكى دۆلەت بولـۇپ، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى بەشىنچى ئەسىرلەردە گـۈللەنگەن. ماكېدونىيە، ئاندىن رىمغا بويسۇنغان، كېيىن ئوسمانىيلارغا ئىتائەت قىلغـان. بۇجـاي گـۈللەنگەن مەزگىلـلەردە نۇرغۇنلىغـان پەلـسەپە ئـالىملىرى، سـەنئەتكارلار، سىياسـيونلار ۋە ھەربـي قوماندانلار مەيدانغا چىققان.

أثيوبيـا: (ئاسىيوبىيا يەنى ئېفىئوپىيە). ئافرىقـا دۆلەتلىرىنىـڭ بىـرى. قەدىمـدە ھەبەشىـستان دېـگەن نـام بىـلەن مەشـھۇر بولغـان. ئۇنىـڭ پايتەختى ئەددىس ئەببە. ئاھالىـسى ئەمھەرىيە تىلىدا سۆزلىشىدۇ. ئـۇ يېقىنقـى زامـانلاردا ئىتـالىيە مۇستەملىكىـسىگە ئايلانغـان. ئىككىنچـى دۇنيـا ئۇرۇشـى ئاخىرلىششتىن بۇرۇن ئازاد بولغان. ئۇ يەردە 1963 ـ يىلـى ئافرىقـا بىرلىـك تەشـكىلاتى قۇرۇلغـان. دۆلەت تۈزۈلمـسى پادىـشاھلىق تۈزۈمدە بولـۇپ، ئـالىي رەھبىرى ئىمپېراتور دېيىلىـدۇ. ھـازىر بـۇ دۆلەتنىڭ پادىشاھلىق تۈزۈمى جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىلدى.

اللآجُرُومِيَّة: (ئـاجۇرۇمىيە). ئەرەب تىلـى گراماتىكىا ساھەسىدىكى ئىنچام بىر كىتابنىڭ ئىسمى. ئۇ ماراكەشلىك گراماتىكىشۇناس ئىبنى ئاجۇرۇمىينىڭ باشلانغۇچ ئەرەب تىلـى گراماتىكـا ساھەسـدىكى ئـاجۇرۇمىيە نەزەرىيىلىرىنىڭ قىسقارتىپ ئاتىلىشى بولۇپ، تاكى يېقىنغىچە باشلانغۇچ سەۋىيىدىكىلەرنىڭ ئەرەب تىلـى گراماتىكىسىنى ئۆگىنىشتىكى ئاساسلىق دەرسلىك ماتېرىيالى بولغان.

أحـسن التقاسـيم في معرفـة الأقـاليم: (ئەھسەنۇتتەقاسىم في مەئرىفەتىل ئەقالىم). شەمـشىددىن مەقدىـسى يازغـان جـۇغراپىيە كىتابى.

أحمد بن أبو جعفر الطحـاوى: (ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد ئەبۇ جەئفەر تەھاۋىي) (ھ 229 ـ 321 / م 843 ـ 933). مەشـھۇر ئـالىم بولۇپ، "أحكام القران" «ئەھكامۇل قۇرئان»، "معاني الآثار" «مەئانىل ئاسار»، "مشكل الآثار" «مۇشكۇلۇل ئاسار»، "شرح الجـامع الكـبير" «شەرھى جامئۇل كەبىر»، "شـرح الجـامع الصغير" «شەرھى جامئۇسسەغىير»، "الأوسط" «ئەلئەۋسەت»، "كتاب المناقـب لأبي حنيفـة" «كىتابۇل مەناقىب لىئەبىي ھەنىفە»، "تاريخ الكبير" «تارىيخۇل كەبىر» قاتارلىق نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان.

أحمد بن عبد الله القرمي: (ئەھمەد ئىبنى ئابدۇللاھ قۇرەمى) (ھ ? ـ 943 / م ? ـ 1536). بـۇ زات "ألفتـاوى البزازيـة" «ئەلفەتاۋال بەززازىيە» (بەززازىيە پەتىۋالىرى) نامىلىق چوڭ پەتىۋا كىتابنىڭ مۇئەللىپى مۇھەممەد بەززازدا ئوقـۇپ يېتىلگەن مـۇھەددىس، مۇپەسسىر، فەقىھ ئىدى. "حواشي علي التلويح" «ھەۋاشىي ئەلەتتەلۋىيھ» (تەلۋىھكە ھاشىيە)، "حواشي علي شرح العقائد النـسفية" «ھەۋاشىي

ئەلا شەرھىل ئەقائىدىننەسەفىيە» (ئەقائىد نەسەفىينىڭ شەرھىگە ھاشىيە) قاتارلىق كىتابلارنى يازغان.

أحمد بن على أبو بكر رازى: (ئەھمەد ئىبنى ئەلى ئەبۇ بەكرى رازى) (ھ 305 ـ 370 / م 917 ـ 980). بۇ زات ئۆز زامانىسىدە ھەنەفىي مەزھىپىنىڭ پېشۋاسى ئىدى. باغدادتا دەرس ئۆتكەن. ئۇنىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرى بولۇپ، جۈملىدىن: "أحكام القران" «ئەھكامۇل قۇرئان» (قۇرئان ئەھكاملىرى)، "شرح مختصر الكرخي" «شەرھى مۇختەسەرىل كەرخىي»، "شرح مختصر الطحاوى" «شەرھى مۇختەسەرىتتەھاۋىي» (شەرھى تەھاۋىي)، "كتاب في أصول الفقه" «كىتاب فى ئۇسۇلىل فىقھى» (ئۇسۇلى فىقھى)، "أدب القضاء" «ئەدەبۇل قازا» (ئەدەبۇل قەزا) نامىلىق كىتابلار شۇ كىشىنىڭ ئەسەرلىرىدىندۇر.

أحمد بن محمد ألقدوري: (ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد قۇدۇرى) (ھ 362 ـ 428 / م 972 ـ 1036). "ألقدوري" «قۇدۇرى» نامىلىق مەشھۇر كىتابنىڭ مۇئەللىپى. فىقھشۇناس بولۇپ، مەشھۇر فەقىھ شەيخ ئەبۇ ھامىد ئىسفرائىنى بىلەن قىلىشقان مۇنازىرىسى بىلەن مەشھۇر. ئىراقتا ھەنەفىي مەزھىپىدىكى ئەڭ نوپۇزلۇق ئالىم ئىدى. ئۇنىڭ "تجريد" «تەجرىد» نامىلىق يەتتە جىلدلىق كىتابى بار بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىمام ئەزەم بىلەن ئىمام شافىئىينىڭ ئوخشاش بولمىغان قاراشلىرى بايان قىلىنغان. يەنە "تقريب" «تەقرىب» نامىلىق كىتابىنى يازغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىمام ئەزەم بىلەن ئۇنىڭ شاگىرتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپىي مەسىلىلەر بايان قىلىنغان.

أحمد بن موسى شمس الدين الخيالي: (ئەھمەد ئىبنى مۇسا شەمسىددىن خىيالىي) (ھ 847 ـ 870 / م 1443 ـ 1465). ئىلمىي ئىشلاردا جۇشقۇن، ئىبادەتتە ئىستىقامەتلىك كىشى بولۇپ، كۈندە بىر قېتىملا تاماق يەيتتى. «خىيالىي» تەخەللۇسى بىلەن مەشھۇر. ئۇنىڭ "حواشي على شرح عقائد النسفية" «ھەۋاشىي ئەلا شەرھى ئەقائىدىننەسەفىيە» (ئاقائىد نەسەفىينىڭ شەرھىسىگە ھاشىيە)، "حواشي شرح التجريد" «ھەۋاشىي شەرھى تەجرىد» (تەجرىدنىڭ شەرھىسىگە ھاشىيە) نامىلىق ئەسەرلىرى بولۇپ، مەشھۇر ئالىم ئابدۇلھەي لەكنەۋىي ئۇنىڭ " شرح عقائد" «شەرھى ئەقائىد» نامىلىق كىتابقا يازغان ھاشىيىسى ھەققىدە: «بۇ، پايدىلىنىش قىممىتى يۇقىرى، ئىسىل ئەسەر بولۇپ، ئۆلىمالار تا ھازىرغىچە دەرسلىك قىلىپ كېلىۋاتىدۇ» دېگەن.

أحمد بن يحي بن فضل الله العمرى: (ئەھمەد ئىبنى يەھيا ئىبنى فەزلۇللا ئۇمەر) (ھ ؟ ـ 749 / م ؟ ـ 1348). تۈرلۈك ئىلىملەردە يېتىشكەن ئالىم بولۇپ، شافىئىي مەزھىپىدە ئىدى. ئۇ 27 جىلدلىق "مسالك الأبصار في ممالك الأمصار" «مەسالىكۇل ئەبسار فى مەمەلىكىل ئەبسار» نامىلىق تارىخ كىتابىنى يازغان. شۇنداقلا ھەزرىتى ئۇمەرنىڭ پەزىلەتلىرى ھەققىدە تۆت جىلدلىق ئەسەر يازغان. ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مەدھىيىلەپ يازغان بىر شېئىرىي دىۋانى بار.

أحمد جابر الصباح: (ئەھمەد جابىر سەبباھ) (ھ 1302 ـ 1369 / م 1885 ـ 1950). كۇۋەيتنىڭ پادىشاھى. 1921 ـ يىلى ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان. ئۇنىڭ دەۋرىدە ئىشلەپچىقىرىش قىلىپلاشتۇرۇلۇپ، دۆلەت ئىقتىسادى يۈكسەلگەن.

أحمد خان (سيد): (ئەھمەد خان، سەيد)

(ھ 1232_1315 / م 1817_1898). ھىندىستانلىق مەشھۇر دىنىي ئىسلاھاتچى، دېھلىدا تۇغۇلغان. مەشھۇر ئەلەيغەرە ئۇنىۋېرسىتېتىنى قۇرغان. ئۇنىڭ بىرقانچە ئەسەرلىرى بار بولۇپ، ئەڭ مەشھۇرى "تفسير القرآن" «تەفسىرۇل قۇرئان»دۇر.

أحمد مدحت: (ئەھمەد مەدھەت) (ھ 1257_1330 / م 1841_1912). تۈركىيىلىك ئەدىب، ژۇرنالىست. يېڭى تۈركىيىدىكى ئويغىنىش ھەرىكىتى بايراقدارلىرىنىڭ بىرى.

الأحنف بن قيس: (ئەھنەف ئىبنى قەيس) (ھ ?_72 / م ?_691). بەسرەدىكى بەنى تەمىم قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى، ئىسلامنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى ئەرەبلەرنىڭ دانىشمەنلىرى ۋە يېتەكچىلىرىدىن بىرى.

إحياء علوم الدين: (ئىھيا ئۇلۇمىددىن). دىنىي ئىلىملەر، تەسەۋۋۇپ ۋە ۋەز-نەسىھەتلەر توغرىسىدا يېزىلغان كىتاب بولۇپ، ئۇنىڭ ئاپتورى ئىمام مۇھەممەد غەززالى. بۇ ئەسەردە ئىلىم ۋە ئەمەل بىر گەۋدە قىلىنغان. مۇئەللىپ كىتابىدا بەخت-سائادەت ۋە كامالەتكە يېتىش يوللىرىدا ئىزدەنگەن بولۇپ، شەرئىي پەرز ئەمەللەردە روھىيەتنى يۈكسەلدۈرۈش ۋە روھنى ئىلاھىي مۇھەببەت يىلتىزىغا يەتكۈزۈشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. بۇ كىتابقا مۇرتەزا زۇبەيدى شەرھ يازغان.

الإخشيديون: (ئىخشىدىيون). ئەسلى يىلتىزى تۈركلەرگە تۇتىشىدىغان مۇھەممەد ئىبنى توغۇچقا مەنسۇپ بولغان سۇلالە. ئىخشىدىيونلار سۈرىيە ۋە مىسىرغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان. ھىجرىيە 324_359_يىللار (مىلادىيە 935_969_يىللار)دا تولۇنىيە دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان. كېيىن فاتىمىيلەر ئۇلارنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان. ئەبۇلمىسك كافۇر ئۇلارنىڭ ئەڭ مەشھۇر ھۆكۈمرانىدۇر.

الأخضري (عبد الرحمن محمد): (ئەخزەرى، ئابدۇراھمان ئىبنى مۇھەممەد) (ھ 918_983 / م 1512_1575). ئالجىر-بىيلىك ئەدىب ۋە تىلشۇناس، ئۇنىڭ مەنتىق ۋە ئەرەب تىلى ئىستىلىستىكىسى توغرىسىدا بىرقانچە پارچە ئەسەرلىرى بار. مەنتىق توغرىسىدا "السلم" «ئەسسۇللەم»، "شرح السلم" «شەرھى سۇللەم» ۋە ئىلمى بالاغەت توغرىسىدا "الجوهر المكنون" «ئەلجەۋھەرۇل مەكنۇن»، ئاسترونومىيە ساھەسىدە "شرح السراج" «شەرھۇسسىراج» ناملىق كىتابلىرى بار.

الأخطل، غياث بن غوث التغلبي: (ئەختەل، غىياس ئىبنى غەۋسىتتەغلىبى) (ھ 19_92 / م 640_710). ئۇمەۋىي دەۋرىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن شائىرلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ ئېغىزى يامان، تولا گەپ قىلىدىغان ئادەم بولغانلىقى ئۈچۈن "الأخطل" «ئەلئەختەل» (جۆيلىگەك دېگەن مەنىدە) دېگەن تەخەللۇس بىلەن مەشھۇر بولغان. ئۇنىڭ بىر شېئىرىي دىۋانى بار. ئۇ يەزىد ئىبنى مۇئاۋىيە دەۋرىدىن باشلاپ، ئۇمەۋىيلار بىلەن ئالاقە باغلاپ كەلگەن. ئۇنىڭ قەسىدىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى مەدھىيە ۋە ساتىرالاردىن ئىبارەت ئىدى.

الأخفش: (ئەخفەش). بۇ ئاتاقلىق ئەرەب تىلى گرامماتىكا ئالىملىرىنىڭ ئورتاق تەخەللۇسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەڭ مەشھۇرلىرى:

1. چوڭ ئەخفەش — ئابدۇلھەمىد ئىبنى ئابدۇلمەجىد. (ھ ?_177 / م ?_793).

2. ئوتتۇرا ئەخفەش — سەئىد ئىبنى مەسئۇد. (ھ ؟ـ 215 / م ؟ـ 830).

3. كىچىك ئەخفەش — ئەلى ئىبنى سۇلەيمان. (ھ ؟ـ 315 / م ؟ـ 927).

الإخوان، الإخوان المسلمون: (ئىخۋانۇلمۇسلىمۇن). ھەسەنۇل بەننا ھىجرىيە 1374 (م 1928) ـ يىلى مىسىرنىڭ ئىسمائىلىيە شەھرىدە قۇرغان دىنىي ۋە سىياسىي تەشكىلات، كېيىن باشقا ئەرەب ئەللىرىگە تارقالغان. بۇ تەشكىلات ئاساسەن دىنىي ۋە مەدەنىي، ئىجتىمائىي ئىشلارنى ئىسلاھ قىلىشنى نىشان قىلىدۇ، ئىسلام شەرىئىتىنى ھاكىمىيەت بېشىغا ئېلىپ چىقىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

آدم (ئادەم). ئادەم ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ئاتىسى بولۇپ، تۇنجى يارىتىلغان ئىنساندۇر. ئاللاھ ئۇنى تۇپراقتىن يارىتىپ جان كىرگۈزگەن. ئۇنىڭغا شەيئىلەرنىڭ نامىنى بىلدۈرگەن. ئاللاھ ئۇنى ئۆز ئەۋلادلىرىنى ئاللاھنى بىر دەپ تونۇشقا، ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن زېمىندا تۇرغۇزۇشنى ئىرادە قىلغان. ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن پەرىشتىلەرنى ئۇنىڭغا سەجدە قىلىشقا بۇيرۇغاندا، ئىبلىستىن باشقا ھەممىسى سەجدە قىلغان. ئاللاھ ئىبلىسنى رەھمىتى دائىرىسىدىن قوغلىغان ۋە جەننەتتىن يىراق قىلغان. ئىبلىس بۇنىڭغا ئادەم ئەلەيھىسسالام سەۋەبچى دەپ قاراپ، ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەۋۋاغا ۋەسۋەسە قىلىپ، ئۇلارنىڭ جەننەتتىن چىقىرىلىشىغا سەۋەب بولغان. ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەۋۋا زېمىنغا چۈشۈرۈلگەن. بەزى مەنبەلەردە ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ 1000 يىل ئۆمۈر كۆرگەنلىكى قەيت قىلىنغان.

آراميُّون: (ئاراميۇن). مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 13 ـ 18 ـ ئەسىرلەردە فۇرات دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىدا ھايات كەچۈرگەن سام خەلقى. ئۇلارنىڭ ئاراميە تىلى غەربىي ئاسىيا ئەللىرىگە كەڭ تارقالغان، ئىسا ئەلەيھىسسالاممۇ مۇشۇ تىلدا سۆزلەيتتى. ئارام مەدەنىيىتى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 8 ـ 9 ـ ئەسىرلەردە ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىققانىدى.

آريٌّ: (ئارىي). 1. ئارىيان قان سىستېمىسى. ئورتاق ھالدا ئۆزىگە خاس تىل ۋە قانداشلىق خۇسۇسىيەتلەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن بىر ئىرق. ئۇلارنىڭ بىر بۆلۈكى ھىندىستان ۋە ئىراندا، يەنە بىر بۆلۈكى ياۋروپادا.

2. ئارىيان. ئارىيان مىللىتىگە تەۋە كىشى.

الآرية: 1.ياۋروپا، ھىندى تىللىرىنىڭ ئاساسى.

2. ئارىيان نەسلىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى دەۋا قىلىدىغان بىر خىل نەزەرىيە بولۇپ، ئۇنى گېرمان ناتسىستلىرى ئوتتۇرىغا قويغان.

أدب الدين والدنيا: (ئەدەبۇددىن ۋە دۇنيا). دىن ۋە دۇنيا ئەدەبىياتى. ئىمام ماۋەردى تۈزگەن بىر كىتاب.

إدريس، نبي الله: (ئىدرىس، ئىدرىس ئەلەيھىسسالام). قۇرئان كەرىمدە تىلغا ئېلىنغان پەيغەمبەر. ﴿واذكر في الكتاب إدريس إنه كان صديقا نبيا﴾ «كىتابتا (يەنى قۇرئاندا) ئىدرىس (قىسسىسى) نى بايان قىلغىن، ئۇ ھەقىقەتەن راستچىل پەيغەمبەر ئىدى.» ‹قۇرئان كەرىم›

إدريس، ابن إدريس بن عبد الله بن الحسن: (ئىدرىس، ئىبنى ئىدرىس ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ھەسەن). بۇ كىشى ئۆزىنىڭ ئاتىسى ئىدرىسI نىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ھوقۇقتا ئىگە بولغان. ئۇ ماراكەشنى كېڭەيتكەن. ھىجرىيە 192 (م 807)-يىلى فاس شەھىرىنى بەرپا قىلغان ۋە ئۇنى ئۆز دۆلىتىنىڭ پايتەختى قىلغان.

إدريس، بن عبد الله بن الحسن، إدريس الأول: (ئىدرىس، ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ھەسەن) (ھ ?-177 / م ?-793). بۇ كىشى بىرىنچى ئىدرىس دەپ ئاتالغان. ماراكەشتىكى ئىدرىسىيە خانلىقىنى قۇرغان. مەدىنە مۇنەۋۋەرەدىكى ئابباسىيە خەلىپىسى مەھدىگە قارشى كۆتۈرۈلگەن ئەلەۋىي قوزغىلىڭىغا قاتناشقان، مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن مىسىرغا، ئاندىن ماراكەشكە قېچىپ كەتكەن.

الإدريسيّ، الشريف أبو عبد الله محمد بن محمد: (ئىدرىسى. شەرىف مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد) (ھ 493-561 / م 1100-1160). مەشھۇر جۇغراپىيە ئالىمى، ئېكسپېدىتسىيىچى، تېۋىپ. سىبتە دېگەن جايدا تۇغۇلغان. قۇرتۇبىدە ئىلىم تەھسىل قىلغان ۋە كۆپلىگەن ئەللەرنى كۆزدىن كەچۈرگەن. ئۇ "نزهة المشتاق في اختراق الآفاق" «نۇزھەتۇل مۇشتاق فى ئىختىراقىل ئافاق»، "الممالك والمسالك" «ئەلمەمالىك ۋەلمەسالىك» (مەملىكەتلەر ۋە يوللار) ناملىق كىتابلارنى يازغان.

آراء أهل المدينة الفاضلة: (ئارائۇ ئەھلىل مەدىنەتۇل فازىلە) (پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسى). فارابى ئۆزىنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ يازغان كىتاب. بۇ كىتابتىن ئۇنىڭ ئەپلاتون پەلسەپىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

أرامكو: (ئارامكو). ئەرەب ـــ ئامېرىكا نېفىت شىركىتى. ئۇنىڭ باش ئاپپاراتى سەئۇدىي دۆلىتىنىڭ زەھران دېگەن يېرىدە. بۇ شىركەت مىلادىيە 1933-يىلى قۇرۇلغان.

إربد: (ئىربىد). ئىئوردانىيە سۈرىيە چېگرىسىغا يېقىن بىر شەھەر. بۇ شەھەر مۇنبەت تۇپرىقى بىلەن مەشھۇر.

أربيلُ: (ئەربىل). شىمالىي ئىراقتىكى ئەڭ قەدىمىي شەھەر. ئۇ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 3000-يىللارغا تەۋە سومىرىيە قولىيازمىلىرىدا تىلغا ئېلىنىدۇ. ئاشۇرىيلار زامانىدا تازا گۈللەنگەن شەھەر ئىدى.

أرثوذكس: (ئارسوزوكس). «ئورتودوكسال» ـــ بۇ يۇنانچە ئاتالغۇ بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسلى مەنىسى توغرا پىكىر دېگەنلىكتۇر. بۇ سۆز خرىستىئان دىنىنىڭ كاتولىك مەزھىپى چېركاۋلىرىدا ئىشلىتىلىدۇ. كاتولىك مەزھىپى شەرق خرىستىئانلىرىنىڭ مەزھىپى بولۇپ، ھازىر ئۇلارنىڭ غەرب خرىستىئانلىرى بىلەن مۇناسىۋىتى يوق. غەرب خرىستىئان چېركاۋلىرى شەرق خرىستىئان چېركاۋلىرىدىن ھىجرىيە 446-يىلى (مىلادىيە 1054-يىلى) ئۈزۈل-كېسىل ئايرىلغان. غەرب خرىستىئان چېركاۋلىرى ھازىر پاپا رەھبەرلىكىگە بويسۇنمايدۇ.

الأُرْدُنّ: (ئوردۇن). 1. پەلەستىن ۋە ئىئوردانىيىدىكى بىر دەريا. 2. ئىئوردانىيە مەملىكىتى دەپ ئاتىلىدىغان ئەرەب دۆلىتى. ئۇنىڭ پايتەختى ئوممان. قىزىل دېڭىز بويىغا جايلاشقان. ئەقەبە قولتۇقىدا ئەقەبە پورتى دەپ ئاتىلىدىغان بىر پورتى بار.

الأردنية (المملكة الهاشمية): (ئوردۇنيە، مەملىكەتۇل ھاشىمىيە) (ئىئوردانىيە). ئوتتۇرا شەرقتىكى ئەرەب دۆلىتى. شىمالدا سۇرىيە، شەرقتە ئىراق، جەنۇبتا سەئۇدىي ئەرەبىستان، غەربتە پەلەستىن بىلەن چېگرىلىنىدۇ. پايتەختى ئوممان. ئاساسلىق شەھەرلىرى: ئىربىد، ئەرىھا، زەرقا، بەترائىلاردىن ئىبارەت. ئابدۇللاھ ھۆسەيىن 1921 - يىلى شەرقىي ئىئوردانىيە دېگەن نام بىلەن قۇرغان. 1946 - يىلى پادىشاھلىق دۆلىتى دەپ ئېلان قىلىنغان.

أرسطو: (ئەرىستو) (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 374 - 322). ئەرىستو، ئارىستوتالىس، ئارىستوتېل دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ يۇنان پەيلاسوپلىرىنىڭ ئەڭ كاتتىلىرىدىن. ئۇنىڭ "المقولات" «ئەلمەقۇلات»، "الجدل" «ئەلجەدەل»، "الخطابة" «ئەلختابە»، "كتاب ما بعد الطبيعة" «كىتابۇ ما بەئدەتتەبىيئە»، "السياسة" «ئەسسىياسە»، "النفس" «ئەننەفسۇ» ناملىق ئەسەرلىرى ئىسلامىيەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىنغان. ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى مېڭىپ يۈرۈپ لېكسىيە سۆزلەيدىغان بولغاچقا، مەششائىيىنلار (پىيادىلەر) دەپ ئاتالغان.

أرسلان، الأمير شكيب: (ئارسلان، ئەمىر شەكىب) (ھ 1288 - 1366 / م 1871 - 1946). ئەدىب، تارىخشۇناس. ئۇ دەمەشقتىكى ئەرەب تىلى جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ۋە ئەرەب ئىسلام سىياسىي بايراقدارلىرىنىڭ بىرى. لىۋاندا تۇغۇلۇپ، شۇ يەردە ۋاپات بولغان. ئۇ «ئەمىرۇلبايان» دېگەن نام بىلەن تونۇلغان. "الحلل السندسية في الأخبار والآثار الأندلسية" «ھۇلەلۇسسۇندۇسىيە فىل ئەخبارى ۋەلئاسارىل ئەندەلۇسىيە» (ئەندەلۇس تارىخى توغرىسىدا)، "حاضر العالم الإسلامي" «ھازىرۇل ئالەمىل ئىسلامىي» (ھازىرقى ئىسلام دۇنياسى) ناملىق كىتابلار ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىم ئەسەرلىرىدۇر.

إرشاد الأريب الى معرفة الاديب: (ئىرشادۇلئەرىيب ئىلا مەئرىفەتىلئەدىيب). بۇ ياقۇت ھەمەۋىي تۈزگەن (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە رەتكە تۇرغۇزۇلغان) ئېنسىكلوپېدىيە بولۇپ، "معجم الأدباء" «مۇئجەمۇل ئۇدەبا» (ئەدىبلەر تەرجىمھالى) دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

الأرقم ابن الارقم بن عبد مناف: (ئەرقەم ئىبنى ئەرقەم ئىبنى ئابدۇمەناب) (ھ ? - 55 / م ? - 675). مەخزۇم قەبىلىسىلىك ساھابە بولۇپ، ئىسلامنى قوبۇل قىلغانلارنىڭ يەتتىنچىسى ئىدى. ھىجرەتتىن بۇرۇن مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ ئۆيىگە يىغىلىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ مەككىدىكى ئائىلىسى "بيت الإسلام" «بەيتۇل ئىسلام» (ئىسلام ئائىلىسى) دەپ ئاتىلاتتى.

أروى بنت الحارث بن عبدالمطلب: (ئەرۋا بىنتى ھارىس ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىب) (ھ ? - 50 / م ? - 670). ئۇلۇغ ئايال ساھابە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسىنىڭ قىزى.

أريحا: (ئەرىيھا). پەلەستىندىكى قەدىمىي شەھەر، ئۇنىڭ تارىخى تاش قورال دەۋرىگە تۇتىشىدۇ. كەنئانىلىقلار شۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان. بۇ يەرنىڭ نامى تەۋراتتا ۋە ئىنجىلدا تىلغا ئېلىنغان. بۇ جايدا ئۇمەۋىيلەر خەلىپىسى ھىشام ئىبنى ئابدۇلمەلىكنىڭ ئوردا خارابىلىكى ۋە نۇرغۇن ئاسار-ئەتىقىلەر تا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتىدۇ.

الأَزَارِقَيةُ: (ئەزارىقىيە). خاۋارىجلار ئىچىدىن چىققان بىر پىرقە بولۇپ، ئۇلار

نافىئ ئىبنى ئەزرەققە نىسبەت بېرىلىدۇ. ئۇلار: «گۇناھ ئۆتكۈزگەن كىشى كاپىر بولۇپ دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ، زالىم پادىشاھقا ئۇرۇش ئېچىش ۋاجىپ» دەپ قارايدۇ. قەترى ئىبنى فۇجائە ئۇنىڭ كاتتىۋاشلىرىنىڭ بىرى. مۇھلەب ئىبنى سۇفرە ئۇلارنى باستۇرغان.

الأزد: (ئەزەد). ئەرەب قەھتانى قەبىلىسى، بۇ قەبىلە يەمەن ئەللىرى ۋە ئۇممان ساھىللىرىغا تارقالغان. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى شىمالىي ئەرەب يېرىم ئارىلى، سۈرىيە ۋە ئىراققا ھىجرەت قىلغان. فەتھى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئۇلاردىن نۇرغۇن كىشىلەر خۇراساندا ئولتۇراقلىشىپ قالغان بولۇپ، ئۇلار ئەبۇ مۇسلىم خۇراسانىينىڭ بايرىقى ئاستىغا توپلىشىپ، ئۇنىڭ ئابباسىيە دۆلىتىنى قۇرۇشىغا ياردەم بەرگەن.

الأزهر: (ئەزھەر). قاھىرەدىكى ئۇنىۋېرسىتېت، جەۋھەرۇسسەقەلىي قۇرغان. ئۇ قۇرۇلغاندىن بۇيان ئىسلام ئىدېئولوگىيە مەركىزى بولۇپ كەلگەن. مىلادىيە 1936 ـ يىلىدىن بۇيان ئەرەب تىلى ۋە شەرىئەت ئىلمى دەرسلىك قىلىنىدىغان بىرقانچە فاكۇلتېتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇنىۋېرسىتېت بولغان. كېيىن تىل ۋە شەرىئەت ئىلمى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، ئۇنىڭغا قوشۇپ خىلمۇخىل يېڭى زامان پەنلىرى دەرسلىك قىلىنىدىغان زامانىۋى ئۇنىۋېرسىتېتقا ئايلانغان.

الأزهري، أبو منصور محمد بن أحمد: (ئەزھەرى، ئەبۇ مەنسۇر مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد) (ھ 282 ـ 370 / م 895 ـ 980). مەشھۇر تىلشۇناس، شافىئىي مەزھەپىگە تەۋە فەقىھ، ھىراتتا تۇغۇلۇپ، باغدادتا ئىلىم تەھسىل قىلغان ۋە شۇ يەردە ياشىغان. "التهذيب في اللغة" «ئەتتەھزىبۇ فىللۇغە» ناملىق لۇغەت كىتابى ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىم كىتابىدۇر.

أساسُ البَلاَغَة: (ئاساسۇلبەلاغەت). جارۇللا زەمەخشەرى تۈزگەن ۋە سۆزلەرنىڭ تۈنجى ھەرپى ئاساسىدا ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە رەتلىگەن تىل قامۇسى. ئۇ سۆزلەرنىڭ ئەسلى مەنىسى بىلەن مەجازىي مەنىسى ئېنىق ئايرىپ بېرىلگەنلىكى ۋە سۆزلۈكلەردىن بەكرەك جۈملىلەرگە ئەھمىيەت بېرىلگەنلىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

أسامة بن زيد بن حارثة: (ئۇسامە ئىبنى زەيد ئىبنى ھارىسە) (ھ ؟ ـ 54 / م ؟ ـ 674). ساھابە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئازادگەردىسى زەيد ئىبنى ھارىسىنىڭ ئوغلى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ نۇرغۇن جەڭلەرگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە قاتناشقان. ئۇ تېخى يىگىرمە ياشقا كىرمىگەن ۋاقتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى رۇمغا يۈرۈش قىلغان ئەسكەرلەرنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىگەن. بۇ قوشۇن مەدىنىدىن قوزغىلىشتىن بۇرۇن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغان.

إستانبول، إسْتَنْبُول: (ئىستانبۇل). تۈركىيىدىكى ئەڭ چوڭ شەھەر. ئۇ مەرمەر دېڭىزى بىلەن قارا دېڭىز ئوتتۇرىسىدىكى فوسفور بوغۇزىغا جايلاشقان. بۇ جاي بۇرۇن كونىستانتىنوپول ياكى ۋىزانتىيە دەپ ئاتالغان. ئوسمانىيلار ئۇ يەرنى فەتھى قىلغاندىن كېيىن ئاستانە دەپ ئاتالغان. بۇ جاي ھىجرىيە 1341 ـ يىلى (مىلادىيە 1923 ـ يىلى) ئوسمانىيە خەلىپىلىكى مۇنقەرىز بولۇپ، تۈركىيە پايتەختى ھازىرقى ئەنقەرەگە

يۆتكەلگەنگە قەدەر خەلىپىلىك پايتەختى بولۇپ كەلگەن. سۇلتان سەلىم جامەسى ۋە ئوسمانىيلار مەسجىدكە ئايلاندۇرغاندىن كېيىن، يېڭى تۈركىيە دۆلىتى مۇزېي قىلىۋالغان بۇرۇنقى ئايا سوفىيا چېركاۋى قاتارلىقلار ئىستانبۇلنىڭ ئەڭ مۇھىم مەدەنىي يادىكارلىقلىرى ھېسابلىنىدۇ.

إسْحاق: (ئىسھاق ئەلەيھىسسالام). مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 18-ئەسىرلەردە ياشىغان. ئىسھاق ئەلەيھىسسالام ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ سارەدىن تۇغۇلغان ئوغلى. ئۇنىڭ تۆرىلىدىغانلىقىنى پەرىشتىلەر ئالدىن خۇش خەۋەر بەرگەن. ئىسھاق ئەلەيھىسسالام دۇنياغا كەلگەن چاغدا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام 100 ياشتا ئىدى. بەنى ئىسرائىلنىڭ پەيغەمبەرلىرى ئەنە شۇ ئىسھاق ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىندۇر. ئىسھاق ئەلەيھىسسالام شام ۋە پەلەستىن زېمىنلىرىدا ياشايدىغان كەنئانلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەن. يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ئىسرائىل دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، يەھۇدىيلار يەئقۇب ئەلەيھىسسالامغا نىسبەت بېرىلىدۇ. ئىسھاق ئەلەيھىسسالام 180 يېشىدا ۋاپات بولغان. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسى يېنىغا دەپنە قىلىنغان.

إسحاق بن ابراهيم النديم الموصلي: (ئىسھاق ئىبنى ئىبراھىم نەدىيمىل مەۋسىلى) (ھ 150-236 / م 767-850). ئەدىب، شائىر، ئابباسىيە دۆلىتىنىڭ مۇزىكانتى. ئۇ رەي شەھىرىدە تۇغۇلۇپ، باغدادتا ۋاپات بولغان. ئۇ ئۆز دەۋرىنىڭ ئۇستا سازەندىسى بولۇپ، كۆپلىگەن خەلىپىلەر بىلەن ئۈلپەتداش بولغانىدى. ئۇنىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرى بار.

إسحاق: (ئىسھاق) (ھ 1272-1302 / م 1856-1885). تېگىدىن ئەرمەنىستانلىق يازغۇچى. ئۇ مىسىردا ئولتۇراقلاشقان ۋە ئۇ يەردە «مىسىر گېزىتى»نى تەسىس قىلغان. ئۇنىڭ تاللانما ئەسەرلىرى "الدرر" «ئەددۇرەر» (گۆھەرلەر) نامىدا توپلام قىلىنغان.

إسحاق بن حنين: (ئىسھاق ئىبنى ھۇنەين) (ھ ?-299 / م ?-911). تېۋىپ، نىستورىي پەيلاسوپى. باغدادتا ياشاپ، شۇ يەردە ۋاپات بولغان. ئۇ گرېك پەلسەپىسى ۋە گېئومېتىرىيىگە ئائىت بەزى كىتابلارنى يۇنان ۋە سۈرىيان تىلىدىن ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلغان. يەنە تېبابەت ھەققىدە "الأدوية المفردة" «ئەلئەدۋىيەتۇل مۇفرەدە» (يەككە دورىلار)، "تاريخ الأطباء" «تارىيخۇل ئەتىببا» (تېۋىپلار تارىخى) ۋە ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان.

إسحاق بن راهوى: (ئىسھاق ئىبنى راھەۋى) (ھ 161-236 / م 778-851). مەشھۇر فەقىھ، مۇجتەھىد. 70مىڭ ھەدىس بىلەتتى. ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل بۇ كىشىگە باھا بېرىپ: ئىسھاق ئىبنى راھەۋى بىزنىڭ نەزىرىمىزدە مۇسۇلمانلارنىڭ پېشۋا ئىماملىرىدىندۇر، باغدادتىن بۇنىڭدىن بۇرۇن مۇنداق فەقىھ چىقىپ باقمىغان، دەيدۇ. ئۇ توپلىغان «مۇسنەد» ناملىق ھەدىس كىتاب مۇھەددىسلەرنىڭ نەزىرىدە مەقبۇل ۋە مۆتىۋەر كىتابدۇر. ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىملارمۇ شۇ زاتتىن ھەدىس ئۆگەنگەن.

إسحاق بن علي بن يحيى: (ئىسھاق ئىبنى ئەلى ئىبنى يەھيا) (ھ ?-711 / م ?-1311). شەرىئەت ئىلىملىرىدە يۇقىرى سەۋىيىلىك ئالىم بولۇپ، "هداية" «ھىدايە» ناملىق كىتابقا نۇرغۇن قىممەتلىك مەزمۇنلارنى ئۆز

ئىچىگە ئالغان بىر ھاشىيە يېزىپ چىققان. ئۇ قاھىرەدە ۋاپات بولغان.

إسحاق، محمد بن إسحاق: (ئىسھاق، مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق) (ھ ?ـ151 / م ?ـ788). تارىخشۇناس، "المغازي" «ئەلمەغازى» نامىدىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھال كىتابى ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىم ئەمگەك سەمەرىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ كىتابتا باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىجرەتتىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى ھاياتى بايان قىلىنغان.

الإسكندر الأكبر: (ئىسكەندەرىل ئەكبەر) بۈيۈك ئىسكەندەر (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 356ـ323). يۇناننىڭ ئىمپېراتورى. ماكېدونىيە (يۇنان)دا تۇغۇلۇپ، بابىل (ئىراق)دا ۋاپات بولغان. ئۇ تارىختىكى ئەڭ بۈيۈك ھەربىي قوماندان ۋە ئەڭ مەشھۇر شەخس ھېسابلىنىدۇ. پارس ئىمپېرىيىسى بىلەن بىرقانچە قېتىم شىددەتلىك جەڭ قىلىپ، غەلىبە قىلغان. ئىسكەندەرىيە شەھىرىنى بەرپا قىلغان. زۇلقەرنەيىن دېگەن نامى بىلەن مەشھۇر.

الإسكندرية: (ئىسكەندەرىيە). ئىسكەندەرىيە. مىسىردىكى ئوتتۇرا دېڭىز ساھىلىغا جايلاشقان بىر شەھەر. بۇ شەھەرنى بۈيۈك ئىسكەندەر بەرپا قىلغان. ھىجرىيە 21ـيىلى (مىلادىيە641ـيىلى) مىسىرنىڭ پايتەختى بولغان. ئۇ ئۆزىنىڭ باي كۇتۇپخانىسى بىلەن مەشھۇر بولغان. ئەمرى ئىبنى ئاس بۇ يەرنى فەتھى قىلىپ، پايتەختنى فۇستات شەھىرىگە يۆتكەپ كەتكەن.

الإسكوريال: (ئىسكورىيال). ئىسپانىيىنىڭ مادرىدقا يېقىن بىر جايىدىكى چېركاۋ. ئۇنىڭ ئىچىدە بىر كۇتۇپخانا بولۇپ، ئۇنىڭدا نۇرغۇنلىغان ئەرەبچە قولىيازمىلار بار.

أسماء بنت أبي بكر: (ئەسما بىنتى ئەبۇ بەكرى) (ھ ?ـ73 / م ?ـ692). دەسلەپتە مۇسۇلمان بولغان ساھابە ئاياللاردىن بولۇپ، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ھەمشىرىسى، ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەيرنىڭ ئانىسى. "ذات النطاقين" «زاتۇننىتاقەيىن» دەپ ئاتالغان.

إسماعِيل: (ئىسمائىل). ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ چوڭ ئوغلى بولۇپ، قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان پەيغەمبەر. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ھاجەرنى مەككىگە ئېلىپ بارغان. ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام مەككىدە تۇغۇلۇپ، شۇ يەردە ياشىغان. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام چۈشىدە ئاللاھ تەرىپىدىن ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنى قۇربانلىق قىلىشقا بۇيرۇلغانلىقىنى كۆرۈپ، ئاللاھنىڭ ئەمرىنى ئورۇنلاشقا تەييارلىنىپ تۇرغاندا ئاللاھ قۇربانلىققا بىر قوچقارنى كەلتۈرۈپ بەرگەن. ھەر يىلى قۇربانلىق قىلىش مانا شۇنىڭدىن كېلىپ چىققان. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەمرى بويىچە ئوغلى ئىسمائىل بىلەن بىللە كەئبىنى بىنا قىلغان. بەيتۇللاھنىڭ ئىچىگە ھەجەر ئەسۋەدنى ئورۇنلاشتۇرغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەنە شۇ ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىندۇر. ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام مەككىدە ۋاپات بولۇپ، ئانىسىنىڭ قەبرىسى يېنىغا دەپنە قىلىنغان.

إسماعيل بن ابراهيم، إسماعيل باشا: (ئىسمائىل ئىبنى ئىبراھىم، ئىسمائىل پاشا) (ھ 1246ـ1312 / م 1830ـ1895). قاـ

ھىرەدە تۇغۇلغان، ھىجرىيە 1279 (م 1863)-يىلى مىسىردا ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان. ئۇنىڭغا سۇلتان ئابدۇلئەزىز تەرىپىدىن خىدەيۋ (ئوسمان خەلىپىلىكى دەۋرىدە مىسىرنىڭ ھۆكۈمرانىغا بېرىلگەن نام بولۇپ، شاھنىڭ ۋەزىرى دېگەن مەنىدە) دەپ نام بېرىلگەن. ئۇ ھىجرىيە 128 (م 1869)-يىلى سۇۋەيش قانىلىنى قازدۇرغان ۋە قۇرۇلۇش، مەدەنىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن نۇرغۇن تۆھپە قوشقان. ئۇنىڭ دەۋرىدە مىسىرنىڭ قەرزى كۆپىيىپ، چەت ئەل دۆلەتلىرىنىڭ مىسىرنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىغا سەۋەب بولغان.

إسماعيل بن عبد الرحمن السدي الكوفي: (ئىسمائىل ئىبنى ئابدۇراھمان سۇددىل كۇفى) (ھ ?-128 / م ?-745). ئەسلى ھىجازلىق بولۇپ، كۇفەدە ئولتۇراقلاشقان. چوڭ سۇددى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ كۆپ ھەدىس رىۋايەت قىلغان.

إسماعيل شمس الدين الكوراني: (ئىسمائىل شەمسىددىن كۇرانى) (ھ ?-933 / م ?-1527). فەقىھ، تەپسىرشۇناس، ھەدىسشۇناس، يېتۈك ئالىم. ئۇ رۇمغا بېرىپ، ئوسمان خانلىقىنىڭ سۇلتانى مۇرادخان بىلەن ئۇچراشقان. مۇرادخان ئۇنىڭ پەزىلەتلىك ئۆلىما كىشى ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، بوۋىسىنىڭ بورسا شەھىرىدىكى مەدرىسىسىگە مۇدەررىسلىككە ۋە ئۆز ئوغلى مۇھەممەدخاننىڭ خاس ئۇستازلىقىغا تەيىنلىگەن. مۇھەممەدخان تەختكە ئولتۇرغاندا ئۇنى ھۆرمەتلەپ، باش مۇفتىلىق ۋەزىپىسىگە بەلگىلىگەن. بۇ زات «قۇرئان كەرىم»گە "غاية الأماني" «غايەتۇل ئەمانىي» ناملىق تەپسىرنى؛ «سەھىھۇل بۇخارى»غا "ألكوثر الجاري علي رياض صحيح البخاري" «ئەلكەۋسەرۇل جارىي ئەلا رىيازى سەھىھۇل بۇخارى» (بۇخارى باغچىسىدىكى كەۋسەر ئېقىنى) ناملىق شەرھىنى ۋە شاتىبىينىڭ "شرح الجعفري" «شەرھى جەئفەرى» ناملىق كىتابىغا ھاشىيە يېزىپ چىققان. ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا قۇستەنتىنىيەدە ۋاپات بولغان.

إسماعيل كمال الدين القراماني: (ئىسمائىل كامالۇددىن قەرامانىي). پەزىلەتلىك ئالىم، تۈركىيىنىڭ ئادانا شەھىرىدە مۇدەررىسلىك قىلغان. «قەرم كامال» نامى بىلەن مەشھۇر. ئۇ "تفسير الكشاف" «تەفسىر كەششاف»، "تفسير البيضاوي" «تەفسىر بەيزاۋى»لارغا شەرھ يېزىپ چىققان. شۇنىڭدەك "شرح الوقاية" «شەرھى ۋىقايە»، "شرح المواقف" «شەرھى مەۋاقىف»، "شرح العقائد" «شەرھى ئاقائىد» ناملىق كىتابلارغا ھاشىيە يازغان. ئۇنىڭ «شەرھى مەۋاقىف»قا يازغان ھاشىيىسىنىڭ ئاخىرىغا «سۇلتان بايەزىدخاننىڭ دەۋرىدە سەككىز مەدرىسىنىڭ بىرىدە يېزىلدى» دەپ ئەسكەرتىلگەن.

الإسماعِيليّة: (ئىسمائىلىيە). شىئەلەرنىڭ ئىسمائىل ئىبنى سادىققا نىسبەت بېرىلىدىغان بىر پىرقىسى. ئۇ پىرقە ئاساسلىقى ئىران ۋە ھىندىستانغا تارقالغان. مەيمۇن قەداھ ئۇلارنىڭ ئەڭ مەشھۇر دەۋەتچىلىرىدىن بىرى.

الإسماعيلية: (ئىسمائىلىيە). مىسىردىكى تىمساھ كۆلى بويىغا جايلاشقان بىر شەھەر. بۇ شەھەر ھىجرىيە 1280 (م 1863)-يىلى بىنا قىلىنغان. بۇ شەھەر خىدەيۋ ئىسمائىل (ھ 1246-1308 / م 1830-1890)نىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

أسْوَان: (ئەسۋان). مىسىردىكى نىل دەرياسى بويىغا جايلاشقان ئىستراتېگىيىلىك

شەھەر، ئەسۋان رايونىنىڭ مەركىزى. ئەسۋان توسمىسى (نىل دەرياسىغا قۇرۇلغان چوڭ توسما) شۇ يەرگە جايلاشقان.

آسيا الصغرى: (ئاسىيا سۇغرا). كىچىك ئاسىيا، تۈركىيىنىڭ ئاسىياغا تەۋە قىسمى، ئاناتولىيىگە تۇتىشىدۇ.

أسيوط: (ئەسيوت). مىسىر دۆلىتىنىڭ ئەڭ چوڭ ئۆلكىلىرىنىڭ بىرى. ئۆلكە مەركىزى ئەسيوت. مەشھۇر ئەسيوت ئۇنىۋېرسىتېتى مۇشۇ يەرگە جايلاشقان. بۇرۇن ئۇ جاي سۇيۇت دەپ ئاتىلاتتى. مەشھۇر ئالىم جالالىددىن سۇيۇتى شۇ يەرلىك.

الاشارات والتنبيهات: (ئىشارەت ۋە تەنبىھات). پەيلاسوپ ئىبنى سىنا يازغان ئەڭ ئاخىرقى كىتاب. بۇ كىتاب لوگىكا، تەبىئەت، ئىلاھىيەت ۋە تەسەۋۋۇپ توغرىسىدىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

إشبيلية: (ئىشبىلىيە). ئىسپانىيىدىكى بىر شەھەر. ئۇ يەرگە ئەرەب مۇسۇلمانلىرى ئالتە يۈز يىل (ھ 94-646 / م 712-1248)غا يېقىن ھۆكۈمرانلىق قىلغان.

أشْعَبُ: (ئەشئەب) (ھ ?-154 / م ?-771). مەدىنىنىڭ قىزىقچىلىرىنىڭ بىرى، ئوسمان ئىبنى ئەففاننىڭ ئازادگەردىسى. تەمەخورلۇقى بىلەن داڭق چىقارغان ۋە تەمسىلگە ئايلانغاندى. ئۇنىڭ قىزىقچىلىقلىرى ئەدەبىيات كىتابلىرىدا بايان قىلىنغان.

الأشْعَرِيّ، أبو الحسن علي بن أبي موسى: (ئەشئەرى، ئەبۇلھەسەن ئەلى ئىبنى ئەبۇ مۇسا) (ھ 260-330 / م 873-941). بەسرەدە تۇغۇلۇپ، كېيىن باغدادقا كۆچۈپ كەتكەن. مۇئتەزىلە پىرقىسىدىكى جۇببائىيغا شاگىرت بولغان. كېيىن بەزى مەسىلىلەردە ئۇنىڭ پىكرى مۇئتەزىلىلەرنىڭ قارىشى بىلەن بىر يەردىن چىقمىغاچقا، ئۇ مەزھەپكە قارشى چىقىپ، ئەشائىرە ياكى ئەشئەرىيە دەپ ئاتىلىدىغان كالامي مەزھەپنى بەرپا قىلغان.

أشعرية، أشاعرة، أشعري: (ئەشئەرى، ئەشائىرە). مۇتەكەللىملەردىن بولغان ئەبۇلھەسەن ئەشئەرىگە مەنسۇپ بىر پىرقە. ئۇلارنىڭ قارىشى مۇئتەزىلىلەرنىڭ قاراشلىرىغا زىت كېلىدۇ.

أشُورُ، آشُورُ: (ئەشۇر، ئاشۇر). 1. ئىراقتىكى مابەينەننەھرەيننىڭ شىمالىدىكى قەدىمىي شەھەر. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 9-ئەسىرلەردە ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى يېقىن شەرق رايونلىرىغىچە كېڭەيگەن بولۇپ، ئۇنىڭ تۇنجى مەركىزى ئاشۇر ئىدى. 2. ئاشۇرىيلارنىڭ چوڭ ئىلاھىنىڭ نامى.

أشور بانيبال: (ئاشۇر بانىيبال) (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 669-630). بۈيۈك ئاشۇر دۆلىتىنىڭ ئاخىرقى پادىشاھى بولۇپ، شۇ دەۋردە دۆلەت ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە ھۈنەر-سەنئەتتە تازا گۈللەنگەن. بۇ دۆلەتنىڭ پايتەختى نىنەۋەي ئىدى.

الإصابة في تمييز الصحابة: (ئەلئىسابە فىي تەمييزىس ساھابە). ئىبنى ھەجەر ئەسقەلانىينىڭ ساھابىلەر تەرجىمھالى توغرىسىدىكى كىتابى. ئىبنى ھەجەر بۇ كىتابتا ئىبنى ئابدۇلبەرنىڭ "الاستيعاب في معرفة الأصحاب" «ئەلئىستىئاب فى مەئرىفەتىل ئەسھاب» ناملىق كىتابىدىكى ۋە ئىبنى ئەسىرنىڭ "أسد الغابة" «ئەسەدۇل غابە» ناملىق كىتابىدىكى مەزمۇنلارنى تولۇقلاپ

تۈزگەن. سۈيۈتى بۇ كىتابنى قىسقارتقان.

أصحابُ الأخدود: (ئەسھابۇل ئۇخدۇد). ئورەك ئىگىلىرى. يەمەن پادىشاھى زۇنۇۋانىس ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇلار نەجران ناسارالىرى بولۇپ، يەھۇدىي دىنىغا زورلانغاندا ئۇنىمىغاچقا، ئورەك كولاپ ئوت بىلەن توشقۇزۇپ شۇ ئورەككە تاشلىۋېتىلگەن. «ئورەكلەرنىڭ ئىگىلىرىگە لەنەت بولسۇن، ئۇ ئورەكلەر لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتلار بىلەن تولدۇرۇلغاندى.» (قۇرئان كەرىم)

أصحاب الكهف: (ئەسھابۇلكەھف)، (ئەھلۇلكەھف). ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرگەن ۋە ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىنى قوبۇل قىلغان يىگىتلەر. ئۇلار بۇتپەرەسلەرنىڭ زۇلۇملىرىدىن قېچىپ غارغا يوشۇرۇنۇشقا مەجبۇر بولغان. ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن غاردا 309يىل ئۇخلىغان.

الإصْطَخْرِيّ، أبو إسحاق إبراهيم بن محمد: (ئىستىخرىي، ئەبۇ ئىسھاق ئىبراھىم ئىبنى مۇھەممەد). مۇسۇلمانلار ئىچىدىن چىققان جۇغراپىيە ئالىمى. ئۇ پارستىكى ئىستەخرىيگە نىسبەت بېرىلىدۇ. ھىجرىيە 4-ئەسىر (مىلادىيە 10-ئەسىر)نىڭ دەسلەپكى يېرىملىرىدا ياشىغان. ئۇنىڭ "المسالك والممالك" «ئەلمەسالىك ۋەلمەمالىك» (يوللار ۋە مەملىكەتلەر) ناملىق ئەسىرى بار.

الأصْمَعِيّ، أبو سعيد عبد الملك بن قريب الباهلي: (ئەسمەئىي، ئەبۇ سەئىد ئابدۇلمەلىك ئىبنى قەرىيبۇل باھىلى) (ھ 125-216 / م 742-831). تىلشۇناس، بەسرەدە تۇغۇلۇپ يەنە شۇ يەردە ۋاپات بولغان. ھەدىس، تىل ۋە شېئىر ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان. ئۇنىڭغا "راوية العرب" «راۋىيەتۇل ئەرەب» (ئەرەب قىسسىچىسى) دەپ نام بېرىلگەن. ئۇنىڭ "الخيل" «ئەلخەيل» (ئات)، "الإبل" «ئەلئىبىل» (تۆگە)، "الأضداد" «ئەلئەزداد» (قارىمۇ-قارشى مەنىلىك سۆزلەر)، "الأصْمَعِيّ" «ئەلئەسمەئىي» (ئەسمەئىي رىۋايەتلىرى) ناملىق ئەسەرلىرى بار.

الأعْشَى: (ئەئشا). جاھىلىيەت دەۋرىدىكى بىر تۈركۈم شائىرلارغا ئورتاق ئىشلىتىلگەن نام. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىلىكى شائىر مەيمۇن ئىبنى قەيستۇر.

أعيانُ الشِّيعة: (ئەئيانۇششىئە). ئېنسىكلوپېدىيىلىك كىتاب بولۇپ، بۇنىڭدا شىئە ئۆلىمالىرىنىڭ تەرجىمىھالى، مەزھەپلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىدېئولوگىيە تارىخى بېرىلگەن. بۇ كىتابنى يېزىشنى مۇھسىن ئەمىن باشلاپ، ئوغلى سەيىد ھەسەن ئەمىن تاماملىغان.

أغادِيرُ: (ئاغادىير). ماراكەشتىكى بىر شەھەر ۋە ئىستىراتېگىيىلىك پورت. بۇ جاي ئاتلانتىك ئوكيان ساھىلىغا جايلاشقان.

الأغاني: (ئەغانىي، كىتابۇلئەغانىي). بۇ ئەبۇلفەرەجىل ئىسفاھانىي (ھ ؟-356 / م ؟-967) تۈزگەن كىتاب بولۇپ، ناھايىتى مۇھىم ئەدەبىي مەنبەدۇر. بۇ كىتاب ھارۇن رەشىدنىڭ ئاتاقلىق مۇزىكانتلىرى تاللاپ چىققان يۈز خىل ئاھاڭنى، شائىرلار، ناخشىچىلار، مۇزىكانتلار ۋە غەزەلچىلەرنىڭ تەرجىمىھاللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ كىتابنى تۈزۈشكە ئەللىك يىل ۋاقىت سەرپ قىلىنغان.

الأغْلَب، بنو أغلب: (ئەغلەب، بەنۇ ئەغلەب). ئافرىقىدا (ھ 184-297 / م 800-909) ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ئىسلامىي

سۇلالە. ھاكىمىيەت قۇرغۇچىسى ئىبراھىم ئىبنى ئەغلەب. فاتىمىيە سۇلالىسى ئۇلارنى مۇنقەرىز قىلغانغا قەدەر تۇنىستىكى قەيرۇۋان شەھىرى سۇلالىنىڭ پايتەختى بولغان.

الأفغانيّ، جمال الدين بن صفدر: (ئافغانى، جامالۇددىن ئىبنى سەفدەر) (ھ 1254ـ1315 / م 1838ـ1897). ئىسلام مۇتەپەككۇرى، دىنىي ئىسلاھاتچى، ئافغانىستاننىڭ ئەسئەد ئاباد دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان. ئۇ ئۆز دەۋرىدە ئىسلام ئەللىرىنى مۇستەملىكىدىن قۇتۇلۇشقا ئۈندىگەن، ئىسلامىي ئىتتىپاقلىققا چاقىرغان. شەرق ۋە غەرب ئەللىرىنى ئايلانغان ۋە پارىژدا شەيخ مۇھەممەد ئابدۇ بىلەن بىرلىشىپ "العروة الوثقى" «ئەلئۇرۋەتۇل ۋۇسقا» «مۇستەھكەم تۇتقا»ناملىق ژۇرنالنى نەشر قىلغان.

أفْلاطُونُ: (ئەپلاتۇن) (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 427ـ347). داڭلىق يۇنان پەيلاسوپى. سوقراتتىن تەلىم ئالغان، ئارىستوتېل ئۇنىڭ شاگىرتى ئىدى. ئۇنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ئەسەرلىرىدىن "الجمهورية" «ئەلجۇمھورىيە» (جۇمھورىيەت)، "المحاورات" «ئەلمۇھاۋەرات» (دىئالوگ)، "الشرائع" «ئەششەرائىئ» (قانۇن)، "السياسي" «ئەسسىياسى» (سىياسەت) قاتارلىقلار بولۇپ، بۇ ئەسەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىنغان.

أفلاطوني: (ئەفلاتۇنىي). 1. ئەپلاتۇن پەلسەپىسىگە ئالاقىدار كىشىلەر.

2. ئەپلاتۇن پەلسەپىسىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى.

3. ئەپلاتۇنچە مۇھەببەت. (روھىي مۇھەببەت جىسمانىي مۇھەببەتتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، دەيدىغان قاراش)

الأفلاطونية الجديدة، المحدثة، الحديثة: (ئەفلاتونىيەلجەدىيدىيە، ئەلمۇھدىسە، ئەلھەدىيسىيە). يېڭى پلاتونىزم، مىلادىيە 3ـ ئەسىردىن 6ـ ئەسىرلەرگىچە ئىسكەندەرىيىدە بارلىققا كەلگەن بىر خىل پەلسەپىۋى ئېقىم. ئۇنىڭ تۈپ نېگىزى: «كۆپلۈكنىڭ مەنبەسى بىرلىكتۇر». بۇنىڭدا سوفىزم خاھىشى بولۇپ، پەلسەپە بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن.

الأقْصى: (ئەقسا). ئەقسا مەسجىدى، قۇددۇس شەھىرىدىكى مۇقەددەس چوڭ مەسجىد، سەخرەنىڭ جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ مەسجىد «قۇرئان كەرىم»دە تىلغا ئېلىنغان. ھازىرقى بەيتۇللاھ (كەئبە) قىبلە قىلىنىشتىن ئىلگىرى مۇسۇلمانلارنىڭ قىبلىسى بولغان. ھازىر ئىسرائىلىيىنىڭ ئىشغالىيىتىدە تۇرۇۋاتىدۇ.

أكثَمُ بن صَيْفِيّ التميمي: (ئەكسەم ئىبنى سەيفى تەمىيمىي) (ھ ?ـ9 / م ?ـ630). ئەرەبلەرنىڭ جاھىلىيەت دەۋرىدىكى مەشھۇر دانىشمىنى ۋە ناتىقى. ئۇ مۇسۇلمان بولۇش ئىستىكىدە مەدىنىگە كېتىۋاتقاندا يولدا ۋاپات بولغان.

ألف ليلة وليلة: (ئەلفۇ لەيلە ۋە لەيلە). «مىڭبىر كېچە». ئەرەب خەلق ھېكايىلىرى توپلىمى. ھىجرىيە 7ـ8 (م 13ـ14)ـ ئەسىرلەردە يېزىلغان توقۇلما خاراكتېرىدىكى فانتازىيىلىك ئەسەر. ئۇ ئەدەبىي تىل بىلەن ئاغزاكى تىل ئارىسىدىكى مۆتىدىل تىلدا يېزىلغان. ھېكايىلەر ئارىسىغا شېئىرلار قىستۇرۇلغان. بۇ كىتاب جەمئىي 264 ھېكايىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇنى شەھرىزاد شەھرىيار شاھىنىڭ ھۇزۇرىدا

هەمشىرىسى دۇنيازادىگە مىڭبىر كېچىدە ئېيتىپ بەرگەن. بۇ ياۋروپا تىللىرىنىڭ تولىسىغا تەرجىمە قىلىنغان ۋە مۇزىكانت، رەسسام، سىنارىستلار ۋە يازغۇچىلارغا زور ئىلھام بەخش ئەتكەن.

الألفيّة: (ئەلفىيە). ئىبنى مالىكنىڭ مەشھۇر گراماتىكا كىتابى. ئاپتور بۇ كىتابتا ئەرەب تىلى گراماتىكا قائىدىلىرىنى مىڭ بېيىتقا يىغىنچاقلىغان.

الألْكسُو: (ئەلكسۇ). ئەرەب تەلىم-تەربىيە، مەدەنىيەت ۋە ئىلىم-پەن تەشكىلاتى. بۇ ئەرەب دۆلەتلىرى ئىتتىپاقىدىكى تەشكىلاتلارنىڭ بىرى بولۇپ، باش ئاپپاراتى تۇنىستا.

الآمدي (أبو القاسم): (ئامىدى، ئەبۇلقاسىم) (ھ ؟-371 / م ؟-981). بەسرەدە ياشىغان ئەدىب، ئوبزورچى، تىلشۇناس. ئۇنىڭ شائىرلارنىڭ ئىسىملىرى توغرىسىدا يازغان "المؤتلف والمختلف في أسماء الشعراء" «ئەلمۇئتەلەف ۋەلمۇختەلەف فى ئەسمائىششۇئەرا» ناملىق كىتابى ۋە "الموازنة بين أبي تمام والبحتري" «ئەلمۇۋازەنەتۇ بەينە ئەبى تەممام ۋەلبۇھتۇرى» (ئەبۇ تەممام بىلەن بۇھتۇرى ئوتتۇرىسىدا سېلىشتۇرما) قاتارلىق بىرقانچە پارچە ئەسىرى بار.

الآمدي (سيف الدين): (ئامىدى، سەيفۇددىن) (ھ ؟-631 / م ؟-1233). ئۇسۇلشۇناس. دەمەشقتە مۇدەررىسلىك قىلغان. ئۇنىڭ "الإحكام في أصول الأحكام" «ئەلئىھكام فى ئۇسۇلىل ئەھكام» (دىنى ئەھكاملار) ناملىق كىتابى بار.

الآمدي (عبد الواحد): (ئامىدى، ئابدۇلۋاھىد) (ھ ؟-550 / م ؟-1155). مەشھۇر ئەدىب. ئۇ ھەزرىتى ئەلىنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرىنى توپلاپ، "غرر الحكم ودرر الكلم" «غۇرەرۇل ھېكەم ۋە دۇرەرۇل كەلىم» (ئېسىل ھېكمەتلەر) ناملىق كىتابىنى يېزىپ چىققان.

امرؤ القيس: (ئىمرۇئۇلقەيس) (م 500-545). نەجدەدە تۇغۇلۇپ، ئەنقەرەدە ۋاپات بولغان. ئۇ جاھىلىيەت شائىرلىرىنىڭ پېشۋاسى. كەئبىگە ئېسىلغان شېئىرلار ئىچىدە ئۇنىڭمۇ شېئىرى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئىسمى ھەندەج ئىبنى ھەجەر، تەخەللۇسى مەلەكۇززەلىل. ئۇنىڭ بىر شېئىرلار توپلىمى بار.

الأمَالِي: (ئەمالى). ئەبۇ ئەلى قالى تۈزگەن ئەدەبىيات ۋە لۇغەت كىتابى.

إمام الخطابي، محمد بن محمد: (ئىمامۇل خەتتابى، مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد) (ھ ؟-388 / م ؟-998). فەقىھ، مۇھەددىس، لۇغەتشۇناس.

آمِنَةُ: (ئامىنە). ۋەھبى ئىبنى ئابدۇمانافنىڭ قىزى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالتە ياشقا كىرگەندە مەدىنىدىن مەككىگە قايتىش يولىدا ئەبۋا كەنتىدە ئالەمدىن ئۆتكەن.

أم حبيبة (رملة بنت أبي سفيان): (ئۇممۇ ھەبىبە، رەملە بىنتى سوفيان) (ھ ؟-44 / م ؟-664). رەسۇلۇللاھنىڭ ئاياللىرىدىن بىرى.

أم القيوين: (ئۇممۇلقەيۋىن). ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكدىكى رەئسۇلخەيمە بىلەن ئەجمان ئارىسىغا جايلاشقان بىر خەلىپىلىك. پايتەختى ئۇممۇلقەيۋىن.

ئاساسلىق كىرىمى بېلىقچىلىق ۋە مەرۋايىتتىن كېلىدۇ.

أم كلثوم: (ئۇممۇ كۇلسۇم) (ھ ؟-9 / م ؟-630). رەسۇلۇللاھنىڭ قىزى. جاھىلىيەت دەۋرىدە ئۇتەيبە ئىبنى ئەبۇ لەھەبكە ياتلىق بولغان. ھەمشىرىسى رۇقىيە ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ياتلىق بولغان.

الأمين العباسي: (ئەمىن ئابباسىي) (ھ 170-197 / م 787-813). ئابباسىي خەلىپىلىكىنىڭ ئالتىنچى خەلىپىسى. ھارۇن رەشىدنىڭ ئايالى زۇبەيدەدىن تۇغۇلغان ئوغلى. ھىجرىيە 193-يىلى ئاتىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن خەلىپە بولغان، لېكىن ئۇزاق ئۆتمەيلا قېرىندىشى مەئمۇن بىلەن توقۇنۇش يۈز بېرىپ جەڭ پارتىلىغان. ئەمىن مۇشۇ جەڭدە ئۆلتۈرۈلگەن.

أُمَيَّةُ بن أبي الصلت: (ئۇمەييە ئىبنى ئەبى سەلت) (م ؟-630). سەقىف قەبىلىسىدىن بولۇپ، جاھىلىيەت دەۋرىدە ئۆتكەن ئەرەب شائىرى. تائىفتا تۇغۇلۇپ، شۇ يەردە ۋاپات بولغان. ئۇ بۇتقا چوقۇنۇشنى تاشلاپ، كىشىلەرنى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلغان. ئۇ تولىمۇ زاھىد كىشى بولۇپ، شېئىرلىرىغا ھېكمەتلىك مەزمۇنلارنى سىڭدۈرگەنىدى. ئۇنىڭ بىر شېئىرلار توپلىمى بار.

أُمَيَّةُ: بنو أُمَيَّةَ: (ئۇمەييە، بەنۇ ئۇمەييە). 1. قۇرەيشلەرنىڭ ئۇمەييە ئىبنى ئابدۇشەمسكە نىسبەت بېرىلىدىغان بىر ئايمىقى. ئۇمەۋىيلارمۇ شۇنىڭغا نىسبەت بېرىلىدۇ. 2. بەنۇ ئۇمەييە، ئۇمەۋىيۇن ھىجرىيە 40-132 (م 660-750)-يىللاردا ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان مۇسۇلمانلار خەلىپىلىكى سۇلالىسى، ئۇلارنىڭ پايتەختى دەمەشق ئىدى. ئابباسىي سۇلالىسى شەرقتە ئۇلارنى مۇنقەرىز قىلغاندىن كېيىن، ئەندەلۇسقا كۆچۈپ ھىجرىيە 137-يىلى شۇ يەردە فەتھى قىلغۇچى ئابدۇراھماننىڭ باشچىلىقىدا بىر دۆلەت قۇرغان. ئۇمەۋىيلەر ھاكىمىيىتى ئۇ يەردە تاكى ھىجرىيە 424-يىلى (مىلادىيە 1031-يىلى)غىچە دەۋر سۈرگەن.

الأندلس: (ئەندەلۇس). ئەرەب مۇسۇلمانلىرى ئىبېرىيە (ئىسپانىيە ۋە پورتۇگالىيە) يېرىم ئارىلىغا ئورتاق قوللانغان ئىسىم. ئۇ ھازىر جەنۇبىي ئىسپانىيىنىڭ بىر ئۆلكىسى. بۇ جاي ئۇمەۋىيلار خەلىپىلىكى مەزگىلىدە راسا گۈللەپ ياشنىغان. ئەرەبلەر ئۇ يەردە تەخمىنەن سەككىز ئەسىرچە ھۆكۈم سۈرگەن.

أندونيسيا، أندونوسيا: (ئەندونېسىيا، ئەندونۇسىيا) ھىندونېزىيە. شەرقىي ئاسىيانىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى بىر جۇمھۇرىيەت. ئۇنىڭ پايتەختى جاكارتا. ئاھالىسىنىڭ كۆپىنچىسى مۇسۇلمان. ئۇلار ئەھمەد سوكارنونىڭ رەھبەرلىكىدە گوللاندىيە ۋە ياپونىيىنىڭ مۇستەملىكىسىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ، مىلادىيە 1949-يىلى مۇستەقىللىققا ئېرىشكەن.

أنس بن مالك: (ئەنەس ئىبنى مالىك) (ھ ؟-93 / م ؟-711). ئۇلۇغ ساھابە، مەدىنىدە تۇغۇلۇپ، بالا ۋاقتىدىلا مۇسۇلمان بولغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەبىزى روھ قىلىنغۇچە بولغان ئارىلىقتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزمىتىدە بولغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن دەمەشىققە كەتكەن، ئاندىن ئۇ يەردىن بەسرەگە كۆچۈپ، ۋاپات بولغانغا قەدەر شۇ

يەردە تۇرغان. 2286 ھەدىس رىۋايەت قىلغان.

الأنساب: (ئەلئەنساب). سەمئانى تۈزگەن تەرجىمىھال قامۇسى. نەسەب ۋە لەقەبلەر بويىچە رەتكە تۇرغۇزۇلغان.

أنساب الأشراف: (ئەنسابۇلئەشراف). مەشھۇر شەخسلەرنىڭ تەرجىمىھالىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چوڭ ھەجىملىك كىتاب، ئاپتورى بىلازرى.

الأنصار: (ئەنسار). ئەنسارىلار. ئەۋس بىلەن خەزرەج قەبىلىسىدىن تۇنجى تۈركۈمدە ئىسلامغا كىرگەنلەر. ئۇلار ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ۋە مەككىدىن ھىجرەت قىلىپ مەدىنىگە كەلگەن مۇسۇلمانلارنى كۈتۈۋېلىپ، ئۇلارنى ھىمايىسىگە ئالغان. بۇ ئىككى قەبىلە ئىسلام دىنىنىڭ قەد كۆتۈرۈشىدە چوڭ رول ئوينىغانلىقى ئۈچۈن ئەنسارىلار (ئىسلامغا ياردەم بەرگۈچىلەر) دەپ ئاتالغان.

أنطاكية: (ئەنتاكىيە). سۇرىيىدىكى ئاسىي دەرياسى بويىغا جايلاشقان شەھەر. بۇ جاينى ئەرەبلەر ھىجرىيە 15 (م 636)-يىلى فەتھى قىلغان. بۇ شام مەملىكىتىنىڭ بىر قىسمى ۋە سالجۇقىيلار دۆلىتىنىڭ پايتەختى ئىدى. تۈركىيە ھىجرىيە 1358 (م 1939)-يىلى ئۆزىگە قوشۇۋالغان.

أنْقَرَةُ: (ئەنقەرە). ئەڭ قەدىمىي شەھەر بولۇپ، رىم قەيسىرى (شاھى) ئاۋغۇستىس دەۋرىدە شەھەرلەشكەن. 1342 (م 1923)-يىلدىن بۇيان تۈركىيىنىڭ پايتەختى بولۇپ كېلىۋاتىدۇ.

الأهرامI: (ئەھرام). 1. قەدىمقى مىسىر قۇرۇلۇشلىرىنىڭ پىرئەۋنلەرنىڭ مەقبەرەلىرىگە خاس بولغان شەكلى، مىسىر مۇشۇ قۇرۇلۇشلىرى بىلەن مەشھۇر، بۇ ئەھراملار دۇنيادىكى يەتتە چوڭ مۆجىزىنىڭ بىرى دەپ قارىلىدۇ. بۇ ئەھراملارنىڭ ئەڭ مۇھىملىرى خوپۇ ئەھرامى، خەپرەئ ئەھرامى، مۇنقەرەئ ئەھراملىرىدۇر.

الأهرامII (جريدة) : 2 . (ئەھرام گېزىتى). بۇ قاھىرەدە چىقىرىلىدىغان مۇھىم گېزىت. ئۇنى ھىجرىيە 1292 (م 1875)-يىلى سەلىم ۋە بىشارەت تەقلا ئىسكەندىرىيىدە تەسىس قىلغان. ھىجرىيە 1317 (م 1899)-يىللاردا قاھىرەدە چىقىرىلىشقا باشلىغان.

الأهواز: (ئەھۋاز). خوزىستان (ئەرەبىستان) ئىقلىمىدىكى شەھەر. بۇ شەھەر ئەرەب قولتۇقىدىكى غەربىي ئىراننىڭ قارۇن دەرياسى بويىغا جايلاشقان.

الأوزاعي: عبد الرحمن بن عمرو: (ئەۋزائىي، ئابدۇراھمان ئىبنى ئەمرى) (ھ 88-157 / م 707-774). فىقھشۇناس. بەئلەبەككىدە تۇغۇلۇپ، بېيرۇتتا ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ "السنن" «ئەسسۇنەن»، "المسائل" «ئەلمەسائىل» ناملىق ئەسەرلىرى بار. بۇ كىشى ئابباسىيلار خەلىپىلىرى ئالدىدا ھەقنى سۆزلەشتە ناھايىتى جۈرئەتلىك ئىدى.

الأوْسُ والخزرج: (ئەۋس ۋە خەزرەج). مەدىنىدە ئولتۇراقلاشقان ئەسلى يەمەنلىك ئىككى ئەرەب قەبىلىسى. مەدىنىدىكى ئەنسارىلار مۇشۇ ئىككى قەبىلىدىن تەشكىل تاپقان. بۇرۇن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى ئېغىر ئاداۋەتلەر بار ئىدى. ئۇلار مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېقىن قېرىنداش

قىلىپ قويغان.

أَوْسُ بن حَجَر: (ئەۋس ئىبنى ھەجەر) (م 530ـ620). تەمىملىك بولۇپ، جاھىلىيەت دەۋرىدە ياشىغان. ئۇنىڭ بىر شېئىرلار توپلىمى بار.

إِيادٌ: (ئىياد). ئەرەب ئەدنان قەبىلىسى. بۇ قەبىلە 3ـئەسىردە ئەرەب يېرىم ئارىلىدىن ئىراققا، ئاندىن شامغا، جەزائىرگە ۋە رۇم ئەللىرىگە كۆچۈپ كەتكەن.

إياسُ بن معاوية المـزني: (ئىياس ئىبنى مۇئاۋىيەتىل مۇزەنى) (ھ ?ـ22 / م ?ـ739). ئەرەبلەر ئىچىدىن چىققان ئەڭ مەشھۇر قازى. ئۇنىڭ چېچەنلىكى تىللاردا داستان بولغان.

إيـران: (ئىران). غەربىي ئاسىيانىڭ جەنۇبىدىكى ئىسلام جۇمھۇرىيىتى، ئۇنىڭ پايتەختى تېھران. بۇرۇن پارس ئېلى ياكى ئەجەم مەملىكىتى دەپ ئاتىلاتتى. ئىسفاھان، شىراز ۋە تەبرىز ئۇنىڭ ئەڭ ئاساسلىق شەھەرلىرىدىندۇر. ئۇ يەردە ھىجرىيە 1400 (م 1979)ـيىلى ئىنقىلاب قوزغىلىپ، شاھ مۇھەممەد رىزا پەھلىۋىي ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلۇپ تاشلانغاندىن كېيىن، بۇ دۆلەت ئۆزىنىڭ ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلدى.

إيرانيَّة، الإيرانيّة: (ئىرانىيە، ئەلئىرانىيە). بۇ بىرقانچە خىل تىل سىستېمىسىنىڭ ئورتاق نامى بولۇپ، تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە تىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ :

1. قەدىمقى پارس تىلى. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 4ـئەسىردىن 7ـئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا ئىشلىتىلگەن تىل.

2. ئافىستىيە. بۇ قەدىمقى دىنىي تېكىستلەر لۇغىتى، بۇ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 8ـئەسىرگە تۇتىشىدۇ.

3. پەھلىۋىي تىلى. بۇ ئوتتۇرا ئىران تىلى، مىلادى 3ـئەسىردىن 7ـئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ساسانىيلاردەۋرىدە ئاساسلىق ئورۇندا تۇرغان تىل ئىدى.

4. پارس تىلى. بۇ ھازىرقى ئىران دۆلىتىنىڭ رەسمىي تىلى، ئۇ ئەرەب ھەرپلىرى بىلەن يېزىلىدۇ.

5. كورد تىلى. بۇ ئىران، ئىراق، تۈركىيە، سۈرىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى كوردلار تىلى.

6. ئافغان تىلى (پۇشتۇ تىلى). بۇ ئافغانىستاننىڭ رەسمىي تىلى.

أيوب: (ئەييۇب). ئەييۇب ئەلەيھىسسالام ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن بولۇپ، ئاللاھ ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىك ئاتا قىلغان. ئاللاھ ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنى ھېسابسىز بايلىققا، كۆپ پەرزەنتكە ئىگە قىلىپ، تېنىنى ساغلام، بېجىرىم قىلغان. ئۇ ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىدىغان، تەقۋادار سالىھ بەندە ئىدى. كېيىن ئاللاھ ئۇنى سىناش يۈزىسىدىن بارلىق مال-مۈلۈكى ۋە پەرزەنتلىرىدىن مەھرۇم قىلىپ، ئېغىر كېسەلگە مۇپتىلا قىلغان. ئەييۇب ئەلەيھىسسالام مۇسىبەتكە سەۋر قىلىپ، ئاللاھغا ھەمدۇ-سانا ئېيتىپ، ئىلگىرىكى تەقۋادارلىق ھالىتى بويىچە پەرۋەردىگارىدىن مەمنۇن بولغان. ئاللاھ ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ سەۋرچانلىقى ۋە تەقۋادارلىقىغا ئەجىر ئاتا قىلىپ، ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن بالايى-ئاپەتلەرنى

كۆتۈرۈۋەتكەن. ئەييۇب ئەلەيھىسسالامغا پۇل-مال ۋە پەرزەنت ئاتا قىلغان، 26 ئوغۇل پەرزەنت بەرگەن. ئەييۇب ئەلەيھىسسالام رۇم خەلقىگە پەيغەمبەر قىلىنغان بولۇپ، 93يىل ئۆمۈر كۆرگەن.

الأيوبية، الدولة الأيوبية: (ئەلئەييۇبىيە، ئەييۇبىيە دۆلىتى) (ھ 567-648 / م 1171-1250). سۇلتان سالاھۇددىن ئەييۇبى مىسىردا فاتىمىيە دۆلىتىنى، شامدا زەنكىيە دۆلىتىنى يوقىتىپ، ئىراقنىڭ بەزى جايلىرىنى مۇنقەرىز قىلىپ، ئۆزىنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتكەندىن كېيىن قۇرۇپ چىققان ئىسلام دۆلىتى. بۇ دۆلەت زەنكىيە ئاتابېك دۆلىتىنىڭ داۋامى دەپ قارىلىدۇ. سۇلتان سالاھۇددىن ئەھلىسەلىپلەر بىلەن ئۈزلۈكسىز ئۇرۇش قىلىپ، ئۇلارنى نۇرغۇن جايلاردىن قوغلاپ چىقىرىۋەتكەن.

ب

الباب، ميرزا علي محمد: (باب، مىرزا ئەلى مۇھەممەد) (ھ 1235-1266 / م 1819-1850). بابىيە مەزھىپىنىڭ ئاساسچىسى. ئۇ ئۆزىنى پەيغەمبەر دەپ دەۋا قىلغان.

البابُ العالي: (بابۇل ئالي). ئىستانبولدىكى ئوسمان خاندانلىقى سۇلتانلىرىنىڭ ئوردىسىنىڭ ئاتىلىشى. 1718-يىلدىن كېيىن، باش ۋەزىر شۇ يەردە تۇرغان.

البابيَّةُ: (بابىيە). ئىسلامنى دەۋا قىلىدىغان بىدئەت پىرقە. بۇلار 19-ئەسىردە پارس (ئىران) مەملىكىتىدە پەيدا بولغان، بۇ پىرقە ئەلباب مىرزا ئەلى مۇھەممەد شىرازىيغا نىسبەت بېرىلىدۇ.

باجَةُ: (باجە). تۇنىستىكى مۇھىم شەھەر، بۇغداي تىجارىتى ۋە شېكەر مەھسۇلاتى بىلەن مەشھۇر.

باجة، ابن باجة، أبو بكر محمد بن يحيى: (باجە، ئىبنى باجە، ئەبۇ بەكرى مۇھەممەد ئىبنى يەھيا) (ھ ?-333 / م ?-1139). ئىسپانىيىلىك پەيلاسوپ، تېۋىپ، ئاسترونوم، تەبىئەتشۇناس ۋە مۇزىكانت. ئۇنىڭ «ئارىستوتېل ئەسەرلىرىگە ئىزاھات»، «فارابى ئەسەرلىرىگە ئىلاۋە» ناملىق ئەسەرلىرى بار.

باحثةُ البادية: (باھىسەتۇل بادىيە) (ھ 1304-1337 / م 1886-1918). مىسىرلىق يازغۇچى، شائىر ھەفنى ناسىفنىڭ قىزى، ئاياللار گۈللىنىشىنىڭ بايراقدارلىرىدىن. ئۇنىڭ "النسائيات" «ئەننىسائىيات» (ئاياللار توغرىسىدا)، "حفوف النساء" «ھۇفۇقۇننىسا» (ئاياللار ئىزى) ناملىق كىتابلىرى بار.

الباطنية: (باتىنىيە). باتىنىيلار پىرقىسى. بۇ پىرقە «ھەرقانداق سىرتقى كۆرۈنۈشى بار نەرسىنىڭ ئىچكى كۆرۈنۈشى بولىدۇ، ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان ھەرقانداق ئايەتنىڭ تەئۋىلى بولىدۇ» دەپ قارايدۇ.

الباقر محمد بن علي زين العابدين: (باقىر، مۇھەممەد ئىبنى ئەلى زەينۇل ئابىدىن) (ھ 57-114 / م 676-732). شىئە مەزھىپىدىكىلەرنىڭ ئون ئىككى ئىمامىنىڭ بەشىنچىسى، مەدىنىدە تۇغۇلۇپ، شۇ يەردە ۋاپات بولغان.

الباقلّاني محمد بن الطيب أبو بكر: (باقىللانىي، مۇھەممەد ئىبنى تەييىب ئەبۇ بەكرى) (ھ ?-403 / م ?-1012). مۇتەكەللىمىنلەردىن بولغان فەقىھ، ئەشئەرىلەرنىڭ كاتتىلىرىدىن. بەسرەدە تۇغۇلۇپ، باغدادتا ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ "إعجاز القرآن" «ئىئجازۇل قۇرئان» (قۇرئان مۆجىزىلىرى)، "الملل والنحل" «ئەلمىلەل ۋەننىھەل» (تۈرلۈك دىنلار ۋە مەزھەپلەر)،

"الأصول الكبير" «ئەلئۇسۇل كەبىر» (چوڭ ئۇسۇل) ناملىق ئەسەرلىرى بار.

البُحْتُرِي أبو عبادة الوليد بن عبيد الطائي: (بۇھتۇري، ئەبۇ ئۇبادەتۇل ۋەلىد ئىبنى ئۇبەيىدۇتتائىي) (ھ 206 ـ 284 / م 821 ـ 897). ئابباسىي دەۋرىدىكى ئەرەب شائىرلىرىنىڭ بايراقدارلىرىدىن. ئۇ تەبىئەت تەسۋىرىدە داڭق چىقارغان. ئۇستازى ئەبۇ تەممامنىڭ «ھەماسىي» ناملىق كىتابىغا تەقلىد قىلىپ تۈزگەن "كتاب الحماسة" «كىتابۇل ھەماسە» ناملىق بىر كىتابى بار. يەنە بىر شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىنغان. ئۇ سۇرىيەدىكى مىنبەج سەھراسىدا تۇغۇلۇپ، شۇ يەردە ۋاپات بولغان.

البحرين: (بەھرەين). بەھرەين. ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى ئەرەب دۆلىتى، سەئۇدىينىڭ شەرقىگە جايلاشقان. پايتەختى مەنامە. بۇ دۆلەت 33 ئارالدىن تەركىب تاپقان.

بحيرا الراهب: (بۇھەيرا راھىب) (م ؟ ـ 600). ئۇ بىر راھىب كىشى بولۇپ، ئەرەب يېرىم ئارىلىدا كارۋانلار ماڭىدىغان يولدا تۇرۇپ، كىشىلەرنى تەۋھىدكە دەۋەت قىلاتتى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر بولۇشتىن بۇرۇنلا، قورەيش سودىگەرلىرىنىڭ ئارىسىدا كۆرۈپ، رەسۇلۇللاھنىڭ تاغىسى ئەبۇ تالىپقا: قېرىندىشىڭىزنىڭ ئوغلى كەلگۈسىدە كاتتا ئىشلارنى قىلىدۇ، دېگەن.

البخاري محمد بن إسماعيل الجعفي: (بۇخارى، مۇھەممەد ئىبنى ئىسمائىل جوئفى) (ھ 199 ـ 256 / م 810 ـ 870). مۇھەددىس، تارىخشۇناس. بۇخارادا تۇغۇلغان، ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ سەپەر قىلغان. ئۇنىڭ "الجامع الصحيح" «ئەلجامىئۇسسەھىھ» ناملىق كىتابى ھەدىس كىتابلىرى ئىچىدىكى ئەڭ ئىشەنچلىك كىتاب بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ھەدىسلەر 600مىڭ ھەدىس ئىچىدىن تاللانغان. ئۇنىڭ يەنە "التاريخ الكبير" «ئەتتارىخۇل كەبىر» (چوڭ تارىخ) قاتارلىق نۇرغۇن ئەسەرلىرى بار.

بختيشوع: (بەختىشوئ). ئەسلى جۇندى يىسابۇر دېگەن جايدىن بولۇپ، نېستۇرىيە جەمەتىدىن. ئابباسىيلار دەۋرىدە تەخمىنەن ئۈچ ئەسىرگە يېقىن مۇشۇ جەمەتتىن مەشھۇر تېۋىپلار يېتىشىپ چىققان.

بختنصر: (بۇختۇنەسسەر). قەدىمقى بابىل پادىشاھى. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 569 ~ 586 ـ يىللىرى پەلەستىنگە ئىككى قېتىم ھۇجۇم قىلىپ، نۇرغۇنلىغان يەھۇدىيلارنى بابىلغا ئېلىپ كەتكەن. يەھۇدىيلار ئۇ يەردە 50 يىل ئاسارەتتە ياشىغان. بۇ دەۋر يەھۇدىيلار تارىخىدا «بابىل ئاسارىتى» دەپ ئاتالغان.

البداية و النهاية: (ئەلبىدايە ۋە نىھايە). ئەللامە ئىبنى كەسىر تۈزگەن يۇرۇشلۇك تارىخ كىتابى.

البدوي (شهاب الدين أحمد): (بەدەۋى، شىھابىددىن ئەھمەد) (ھ ؟ ـ 657 / م ؟ ـ 1276). مەشھۇر تەرىقەتچى، فاستا تۇغۇلۇپ، تەنتادا ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ قەبرىسى مەشھۇر زىيارەتگاھ مازار. ئەھمەدىيە ياكى بەدەۋىيە سۇلۇكى ئۇنىڭغا نىسبەت بېرىلىدۇ.

بديع الزمان الهمداني: (بەدىئۇززامان ھەمەدانى، ئەھمەد ئىبنى ھۇسەين) (ھ ؟ ـ 398 / م ؟ ـ 1007). مەشھۇر ئەدىب.

«ماقامات» ناملىق كىتابى ئۇنىڭ ئەڭ مەشھۇر ئەسەرىدۇر. ئۇ ھەمەدان دېگەن جايدا تۇغۇلغان.

البرامكة: (بەرامىكە). بەلخلىق پارس قەبىلىسى. ئاببasىيلار دەۋرىدە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ۋەزىرلىككە ئولتۇرغان. ئۇلار داڭلىق شائىرلارنى ئۆزىگە تارتقان. سېخىيلىق بىلەن مەشھۇر بولغان. ھارۇن رەشىد ئۇلارنى ئەيىبلەپ جازالىغان. ئۇلار: خالىد ئىبنى بەرمەك، خالىد سەففاھ، يەھيا ئىبنى خالىدلاردۇر. يەھيا ئىبنى خالىد ھارۇن رەشىدنىڭ تەربىيىچىسى ۋە ۋەزىرى، 808 - يىلى رەققە (بىر ساي) دىكى زىنداندا ۋاپات بولغان، ھارۇن رەشىد جەئفەر ئىبنى يەھيانى ئۆزىگە تارتقان. كېيىن نامەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇنىڭغا بولغان مۇئامىلىسى ئۆزگىرىپ قىلىپ، 803 - يىلىدىكى «بەرامىكلار ۋەقەسى» دەپ ئاتالغان مەشھۇر ۋەقەدە ئۇنى قەتلى قىلىۋەتكەن.

البراهمة: (بەراھمە). بۇ بۇتپەرەس بىر تائىپە بولۇپ، دىنىي تەبىقە تۈزۈلمىسىدە. بۇلارنىڭ بېكىتىلگەن قانۇنى بولمايدۇ، ئۇلار پەقەت "الفيدا" «ئەلفەيدا»، "البرهمانة" «ئەلبەرەھمانە» دېگەندەك قەدىمىي مىراس كىتابلارغىلا ئاساسلىنىدۇ.

البربر: (بەربەر). شىمالىي ئافرىقىدا ياشايدىغان مۇسۇلمان قەبىلىلەر. ئۇلار تارىق ئىبنى زىيادنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ بىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئەرەبلەر بىلەن بىللە ئەندەلۇسنى فەتھى قىلىشقا قاتناشقان. ئەغالىبە، مورابىتۇن، مۇۋەھھىدۇنلار شۇ قەبىلىدىندۇر.

البراء بن عازب: (بەررا ئىبنى ئازىب) (ھ ? - 71 / م ? - 690). خەزرەجلىك ساھابە، پارس فەتھىسىگە قاتناشقان.

البراء بن مالك: (بەررا ئىبنى مالىك) (ھ ? - 20 / م ? - 641). خەزرەجلىك ساھابە، پارس فەتھىسىگە قاتناشقان.

بروكلمان، كارل: (بروكلمان، كارل) (ھ 1285 - 1376/ م 1868 - 1956). گېرمانىيە شەرقشۇناسى. ئۇ گېرمانىيىدىكى نۇرغۇن مەكتەپلەردە ئەرەب تىلى ئوقۇتقۇچىسى بولغان. "تاريخ الأدب العربي" «تارىخۇل ئەدەبىل ئەرەبى» (ئەرەب ئەدەبىياتى تارىخى)، "تاريخ الشعوب الإسلامية" «تارىخۇششۇئۇبىل ئىسلامىيە» (ئىسلام مىللەتلىرى تارىخى) ناملىق ئەسەرلىرى مەشھۇر.

البزار (أبو بكر، أحمد بن عمرو بن عبد الخالق البزار): (بەززار، ئەبۇ بەكرى، ئەھمەد ئىبنى ئەمرى ئىبنى ئابدۇلخالىقىل بەززار) (ھ ? - 291 / م ? - 905). ھەدىسشۇناس، ئۇنىڭ ئىككى ھەدىس توپلىمى بار. چوڭ ھەجىملىك ھەدىس كىتابىنىڭ نامى "البحر الزاخر" «ئەلبەھرۇززاخىر» (چوڭ دېڭىز) دۇر.

البستان: (بوستان). شەيخ ئابدۇللاھ بوستانىي تۈزۈپ نەشر قىلدۇرغان لۇغەت.

البستاني، بطرس: (بوستانىي، بۇتروس) (ھ 1234 - 1301 / م 1819 - 1884). بۇتروس بوستانىي، مۇتەپەككۇر، تىلشۇناس. ئۇ تۈزگەن "محيط المحيط" «مۇھىيتۇل مۇھىيت» ۋە "دائرة المعارف" «دائىرەتۇل مەئارىف» ناملىق لۇغەتلەر بار. ئۇ لىۋانلىق ئىدى.

البستاني، سليم: (بوستانىي، سەلىم) (ھ 1264 - 1302 / م 1847 - 1885). لىۋانلىق

ژۇرنالىست. بۇتروس بوستانىينىڭ ئوغلى. ئۇنىڭ "الإسكندر" «ئىسكەندەر»، "قيس وليلى" «قەيس ۋە لەيلى»، "الهيام في جنان الشام" «ئەلھىيام فى جىنانىششام» قاتارلىق سىنارىيە ئەسەرلىرى بار.

البستاني، سليمان: (بوستانىي، سۇلەيمان) (ھ 1273-1344 / م 1856-1925). لىۋانلىق ئەدىب، شائىر. گومېرنىڭ «ئىلىيادا» ناملىق داستانىنى ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلغان.

البستاني، عبد الله: (بوستانىي، ئابدۇللاھ) (ھ 1271-1349 / م 1854-1930). لىۋانلىق تىلشۇناس. ئۇنىڭ "البستان" «ئەلبۇستان» (بوستان) ناملىق لۇغەت كىتابى بار.

البستاني، وديع: (بوستانىي، ۋەدىئ) (ھ 1306-1374 / م1888-1954). لىۋانلىق ئەدىب، "رباعيات عمر الخيام" «رۇبائىيات ئۇمەرىل خەييام» (ئۇمەر ھەييام رۇبائىيلىرى) ناملىق ئەسەرنى ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلغان.

البستي (أبو حاتم محمد بن حبان): (بۇستى، ئەبۇ ھاتەم مۇھەممەد ئىبنى ھەببان) (ھ ؟-354 / م ؟-965). تارىخشۇناس، جۇغراپىيەشۇناس ۋە مۇھەددىس. سىجىستانىنىڭ بەستە دېگەن يېرىدىن. سەمەرقەندكە قازى بولغان. ئۇنىڭ ھەدىس ساھەسىدە "المسند الصحيح" «ئەلمۇسنەد سەھىھ»، تارىخ ھەققىدە "علل أوهام أصحاب التواريخ" «ئىلەلۇ ئەۋھام ئەسهابىتتەۋارىيخ» (تارىخچىلارنىڭ ئەۋھاملىرى)، "غرائب الأخبار" «غەرائىبۇل ئەخبار» (قىزىق خەۋەرلەر)، شۇنداقلا ئەدەبىيات ساھەسىدە "روضة العقلاء" «رەۋزەتۇل ئۇقەلا» (ئاقىللار بۇلىقى) ناملىق كىتابلىرى بار.

البسوس، حرب البسوس: (بەسۇس، ھەربىل بەسۇس). بەسۇس ئۇرۇشى. بۇ ئۇرۇش مىلادىيە 494-534-يىللاردا يۈز بەرگەن. بۇ ئۇرۇش تەغلىب ۋە بەكرى قەبىلىسى ئارىسىدا قىرىق يىل داۋاملاشقان. بۇ ئۇرۇشقا تەغلىب قەبىلىسىدىكى كۇلەيبنىڭ بەكرى قەبىلىسىدىكى بىر خوتۇننىڭ تۆگىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكى سەۋەب بولغان.

بشر الحافي: (بىشرىل ھافى) (ھ ؟-227 / م ؟-841). مەرۋىلىك تەرىقەتچى، باغدادتا ھايات كەچۈرگەن.

البشري، عبد العزيز بن سليم: (بىشرىي، ئابدۇلئەزىز ئىبنى سەلىم) (ھ ؟-1364 / م ؟-1943). مىسىرلىق ئەدىب، قاھىرەدە تۇغۇلۇپ، يەنە شۇ يەردە ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ "في المرآة" «فىل مەرئەت»، "المختار" «ئەلمۇختار»، "قطوف" «قۇتۇف» ناملىق ئەسەرلىرى بار.

بشار بن برد: (بەششار ئىبنى بەرد) (ھ 96-168 / م 714-784). ئابباسىي ئۇمەۋىيلەر دەۋرىدە ئۆتكەن شائىر. ئۇ ئەرەب شېئىرىيىتى يېڭىلىق تەرەپدارلىرىنىڭ سەركەردىسى ئىدى. ئۇ تۇغما ئەما بولۇپ، خەلقچىللىقى، ھېسسىياتلىق لىرىكىلىرى ۋە ئاچچىق ھەجۋىيلىرى بىلەن مەشھۇر.

البصرة: (بەسرە). ئىراقتىكى بىر شەھەر. ئۇمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋرى (م 636)دە بىنا قىلىنغان. ئابباسىيلار زامانىدا تازا گۈللەنگەن. بەسرە ۋە كۇفە تىلشۇناسلىق بۆشۈكى ۋە مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلانغان.

بَقيع الغَرقَد: (بەقىيئۇل غەرقەد). مەدىنىدىكى بەقى قەبرىستانلىقى، بۇ قەبرىستانلىقتا نۇرغۇنلىغان ساھابىلەر دەپنە

قىلىنغان.

بكر (كارل): (بېكېر كارل) (ھ 1293 ـ 1352 / م 1876 ـ 1933). ئىسلام توغرىسىدا تەتقىقات ئېلىپ بارغان گېرمانىيە شەرقشۇناسى.

بَكر بن وائل: (بەكرى ئىبنى ۋائىل). رەبىئە ئايمىقىغا تەۋە ئەرەب قەبىلىسى. ئۇلار بىلەن قېرىنداش قەبىلە تەغلىب ئارىسىدا بەسۇس ئۇرۇشى يۈز بەرگەن. زىققار ئۇرۇشىدا پارسلارنى مەغلۇپ قىلغان.

البَكْرِيُّ، أبو عبيد عبد الله بن عبد العزيز: (بەكرى، ئەبۇ ئۇبەيد ئابدۇللاھ ئىبنى ئابدۇلئەزىز) (ھ 952 ـ 1003 / م 1040 ـ 1094). ئەندەلۇسلۇق جۇغراپىيىشۇناس. ئۇنىڭ جۇغراپىيىگە ئائىت "المسالك والممالك" «ئەلمەسالىك ۋەلمەمالىك» (يوللار ۋە مەملىكەتلەر)، لۇغەتكە ئائىت "معجم ما استعجم" «مۇئجەم مەستۇئجەم» ناملىق ئەسەرلىرى بار. قۇرتۇبە دېگەن جايدا ۋاپات بولغان.

بَكّـةُ: (بەككە). مەككە شەھىرىنىڭ بۇرۇنقى ئاتىلىشى.

البَلاَذُرِيُّ، أحمد بن يحيى: (بەلازۇرىي، ئەھمەد ئىبنى يەھيا) (ھ ? ـ 279 / م ? ـ 892). باغدادلىق تارىخشۇناس. ئۇنىڭ "فتوح البلدان" «فۇتۇھۇل بۇلدان» (مەملىكەتلەرنىڭ فەتھى قىلىنىشى)، "أنساب الأشراف" «ئەنسابۇل ئەشراف» (ئۇلۇغلارنىڭ نەسەبنامىسى) ناملىق ئەسەرلىرى بار. ئۇ رىۋايەتلىرى ۋە تەنقىدىي مۇلاھىزىلىرىنىڭ توغرىلىقى بىلەن تونۇلغان.

بلال بن رباح الحبشي: (بىلال ئىبنى رىباھىل ھەبەشىي) (ھ ? ـ 2 / م ? ـ 624). ئىسلامغا ئاۋۋال كىرگەن ساھابە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇئەززىنى ۋە بەيتۇل مالىنىڭ ئامبارچىسى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بارلىق جەڭلەرگە قاتناشقان. دەمەشقتە ۋاپات بولغان.

البلخي، أبو زيد أحمد بن سهل: (بەلخىي، ئەبۇ زەيد ئەھمەد ئىبنى سەھل) (ھ 236 ـ 323 / م 850 ـ 934). ئەرەبلەردىن چىققان جۇغراپىيىشۇناس. ئۇ شەرىئەت، پەلسەپە ۋە ئەدەبىيات ساھەسىدىمۇ ئالاھىدە مەلۇماتقا ئىگە. ئۇنىڭ "تقويم البلدان" «تەقۋىمۇل بۇلدان» (جۇغراپىيە لۇغىتى)، "صور الأقاليم" «سۇۋەرۇل ئەقالىيم» (ئىقلىملارنىڭ كۆرۈنۈشلىرى)، "أخلاق الأمم" «ئەخلاقۇل ئۇمەم» (مىللەتلەرنىڭ ئەخلاقلىرى)، "أقسام علوم الفلسفة" «ئەقسامۇ ئۇلۇمىل فەلسەپە» (پەلسەپە ئىلمىنىڭ تۈرلىرى) ناملىق ئەسەرلىرى بار.

بنت الشاطئ (عائشة عبد الرحمن): (بىنتى شاتى، ئائىشە ئابدۇراھمان) (ھ ? ـ 1344 / م ? ـ 1926). مىسىرلىق ئەدىبە. دىمياتتا مەرىپەتپەرۋەر دىنىي ئۆلىما ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ بىنتى شاتى تەخەللۇسى بىلەن مەشھۇر. ئەدەبىي ۋە ئىجتىمائىي ئوبزورچى. ئەرەب ئەدەبىياتى ۋە قۇرئان تەتقىقاتى پروفېسسورى. ئۇنىڭ "التفسير البياني للقرآن" «ئەتتەفسىرۇل بەيانىي لىلقۇرئان» ۋە "الحياة الإنسانية عند أبي العلاء" «ئەلھەياتۇل ئىنسانىيە ئىندە ئەبىل ئەلا» (ئەبۇلئەلا مەئەررىينىڭ قارىشىدىكى ئىنسانىيەت ھاياتى)غا ئوخشاش كۆپلىگەن ئەسەرلىرى بار.

البَنَّا، حسن: (بەننا، ھەسەنۇل بەننا) (ھ 1324 ـ 1369/ م 1906 ـ 1949). داڭلىق ئىسلام

مۇتەپەككۇرى، ئالىم، ئىسلاھاتچى. ھىجرىيە 1347 (م 1928)-يىلى مىسىردىكى ئىخۋانۇل مۇسلىمىن تەشكىلاتىنى قۇرغان. ئۇنىڭ تەلىماتى «ئىسلام دىمەك دىن ۋە ھاكىمىيەت دىمەكتۇر» دىگەن قاراشقا مەركەزلەشكەن. ئۇ قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەن.

البَهاء زُهَيْر، المهلبي: (بەھا زۇھەير مەھلىبى) (ھ 582-656 / م 1186-1258). شائىر، ئەدىب، مەككىدە تۇغۇلۇپ، مىسىردا ئۆسۈپ يېتىلگەن. ئۇنى پادىشاھ سالىھ ئەييۇبىي ئۆز يېنىغا تارتقان. ئۇ ئايىغى چاققانلىقى بىلەن تونۇلغان. ئۇنىڭ بىر شېئىرلار توپلىمى ۋە بىر رىساللەر مەجمۇئەسى بار.

البَهائِيّة: (بەھائىيە). ئۆزىنى ئىسلامغا مەنسۇپ دەپ دەۋا قىلىدىغان بىر خىل دىنىي گۇرۇھ. بۇ گۇرۇھ ئىراندا پەيدا بولغان. بۇ گۇرۇھنى باھائۇللا دەپ تونۇلغان مىرزا ھۇسەيىن (ھ 1233-1310 / م 1817-1892) تەسىس قىلغان. ئۇ ئۆزىنى پەيغەمبەر دەپ دەۋا قىلغان.

بوذا: (بوزا) (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 564-483). ھىندى دانىشمەنلىرىدىن بولۇپ، بۇددا دىنىنىڭ ئاساسچىسى. ئۇنىڭ تەلىماتلىرى "إنجيل بوذا" «ئىنجىل بوزا» نامىدا ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىنغان. بوزا نۇرلۇق دىگەن مەنىدە.

بورسَعيد: (بور سەئىد). مىسىردىكى بىر شەھەر ۋە ئوتتۇرا دېڭىزغا جايلاشقان سۇۋەيش قانىلىنىڭ كىرىش ئېغىزىدىكى مۇھىم پورت. ئۇنى مىسىر ھۆكۈمرانى خىدەيۋ سەئىد بەرپا قىلغان. بۇ جاي ھىجرىيە 1376 (م 1956)-يىلى مىسىر سۇۋەيش قانىلىنى دۆلەت ئىگىلىكىگە ئۆتكۈزۋالغاندا، فرانسىيە بىلەن ئەنگلىيىنىڭ ئورتاق تاجاۋۇز قىلىشىغا ئۇچرىغان.

البوصيري، محمد بن سعيد، شرف الدين: (بۇسەيرى، مۇھەممەد ئىبنى سەئىد، شەرەفىددىن) (ھ 610-695 / م 1213-1295). شائىر ۋە خەتتات. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەققىدىكى مەدھىيىلىرى، بولۇپمۇ رەسۇلۇللاھنى ماختاپ يازغان «قەسىدە بۇردە»سى بىلەن مەشھۇر بولغان. ئۇنىڭ بىر شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلدۇرۇلغان.

بُولاق: (بۇلاق). قاھىرەدىكى بىر مەھەللە، بۇ جاي مەملۇكىيلار ۋە ئوسمانىيلار دەۋرىدە نىل دەرياسى بويىدىكى بىر پورت ئىدى. بۇ يەر ناپالېئون مىسىرنى ئىشغال قىلغاندا ئېلىپ كەلگەن مەتبەچىلىك ماشىنىسى بىلەن شۆھرەت قازانغان.

البُوَيْهِيُّون: (بۇۋەيھىيۇن). ئىرانغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان شىئە خانىدانلىقى، دەيلەمىي جەمەتىدىن. ھىجرىيە 334-447 (م 945-1055)-يىللاردا باغدادقا ھۆكۈمرانلىق قىلغان. سالجۇقىيلار سۇلتانى توغرۇلبېكنىڭ قولىدا مۇنقەرىز بولغان.

البَيان والتَّبيين: (بايان ۋە تەبيىن). ئىبنى جاھىز تۈزگەن ئەدەبىيات ۋە ئىستىلىستىكا كىتابى.

بَيْرَم، محمد التونسي: (بەيرەم، مۇھەممەد تۇنىسي) (ھ 1256-1307 / م 1840-1889). ئەدىب، سىياسىيون. ئۇنىڭ "صفوة الاعتبار بمستودع الأمصار" «سەفۋەتۇل ئىئتىبار بىمۇستەۋدەئىل ئەمسار» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

البَيْرونِي، أبو الريحان محمد بن أحمد: (بەيرۇنىي، ئەبۇ رەيھان مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد) (تەخمىنەن ھ 363-440 / م 973-1048). ماتېماتىكىشۇناس، ئاسترونوم ۋە تارىخشۇناس، خارەزىمدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ "الآثار الباقية من القرون الخالية" «ئەلئاسارۇل باقىيە مىنەل قۇرۇنىل خالىيە» (ئۆتكەن ئەسىرلەردىن قالغان ئىزلار)، ئاسترونومىيىگە ئائىت "القانون المسعودي في الهيئة والنجوم" «ئەلقانۇنۇل مەسئۇدى فىل ھەيئەتى ۋەننۇجۇم» (مەسئۇدى قانۇنى)، "تاريخ الهند" «تارىيخۇل ھىند» (ھىندىستان تارىخى) ناملىق ئەسەرلىرى بار.

البَيْضاوِيُّ، عبد الله بن عمر، أبو الخير ناصر الدين: (بەيزاۋىي، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇمەر. ئەبۇلخەير ناسىرۇددىن) (ھ ?-685 / م ?-1286)، تەپسىرشۇناس. شىرازغا يېقىن جايدىكى بەيزا دېگەن يەردە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ «تەفسىر قازى بەيزاۋىي» دەپ تونۇلغان "أنوار التنزيل وأسرار التأويل" «ئەنۋارۇتتەنزىل ۋە ئەسرارۇتتەئۋىل» ناملىق مەشھۇر تەپسىرى بار.

البيهقي (أبو بكر أحمد): (بەيھەقى، ئەبۇ بەكرى ئەھمەد) (ھ ?-458 / م ?-1066). شافىئىي مەزھىپىدىكى فەقىھ ۋە مۇھەددىس. بەيھەقتە ياشاپ، نىيشاپۇردا ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ "السنن الكبرى" «ئەسسۇنەنۇل كۇبرا»، "السنن الصغرى" «ئەسسۇنەنۇسسۇغرا»، "المبسوط" «ئەلمەبسۇت»، "الأسماء والصفات" «ئەلئەسمائۇ ۋەسسىفات» (ئىسىملار ۋە سۈپەتلەر) قاتارلىق نۇرغۇن ئەسەرلىرى بار.

البيهقي (أبو الفضل محمد): (بەيھەقى، ئەبۇلفەزل مۇھەممەد) (ھ 385-469 / م 996-1077). پارس تارىخشۇناسى. ئۇنىڭ غەزنە سۇلتانلىرىنىڭ تارىخىغا ئائىت «تارىخ مەسئۇدى» ناملىق بىر ئەسىرى بار.

ت

تَأَبَّطَ شَرًّا، ثابت بن جابر سفيان الفهمي: (تەئەببەتە شەررەن، سابىت ئىبنى جابىر سۇفيانىل فەهمىي) (م ?ـ530). جاھىلىيەت دەۋرىدىكى سەرگەردان شائىر. ئۇ بىر كۈنى قىلىچىنى غىلىپىدىن سۇغۇرغىنىچە ئۆيىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، بىر ئادەم ئۇنىڭ ئانىسىدىن: ئوغلۇڭ قىنى؟ دەپ سورىغاندا، ئانىسى: «يامانلىقنى سۇغۇرغىنىچە چىقىپ كەتتى»، دەپ جاۋاب بەرگەن، شۇ سەۋەبتىن ئۇ ئادەم شۇنداق ئاتىلىپ قالغان.

تاج العروس: (تاجۇل ئەرۇس). مۇرتەزا زۇبەيدىنىڭ فىيروز ئابادىينىڭ "قاموس المحيط" «قامۇسۇل مۇھىيت» ناملىق كىتابىغا يازغان شەرھ كىتابى. بۇ كىتاب 1188ـيىلى يېزىلىپ تاماملانغان. مۇئەللىپ بۇ كىتابىدا "لسان العرب" «لىسانۇل ئەرەب»گە ئوخشاش نۇرغۇن كىتابلاردىن پايدىلانغان.

تاجْ مَحَل: (تاج مەھەل). ھىندىستاننىڭ ئەگرە شەھىرىگە جايلاشقان قەبرە. بۇ قەبرە ئۆزگىچە مىمارچىلىق ئۇسلۇبى بويىچە لايىھىلەنگەن بولۇپ، دۇنيادىكى چوڭ ئاجايىباتلاردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنى ئىمپېراتۇر شاھ جاھان مىلادىيە 1631ـيىلى ئايالىنى دەپنە قىلىش ئۈچۈن ياساتقان.

تاريخُ الأمم والملوك: (تارىخۇل ئۇمەم ۋەلمۇلۇك). ئەبۇ جەئفەر مۇھەممەد ئىبنى جەرىرىتتەبەرى تۈزگەن "تاريخُ الطَّبَرِي" «تارىخۇتتەبەرى» (تارىخ تەبەرى) نامى بىلەن مەشھۇر بولغان تارىخي ئېنسىكلوپېدىيە. مۇئەللىپ بۇ كىتابتا قەدىمقى زاماندىن باشلاپ، ھىجرىيە 302 (م 915)ـيىلغىچە بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنى خاتىرىلىگەن.

التَّبابِعَةُ: (تەبابىئە). ھىميەرىيلەر دۆلىتى يىمىرىلگەندىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان يەمەن دۆلىتى. بۇ دۆلەت مىلادىيە 6ـئەسىرلەرگىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن.

التبريزي الخطيب (أبو زكريا يحيى): (تىبرىزىل خەتىب، ئەبۇ زەكەرىيا يەھيا) (ھ 421ـ501 / م 1030ـ1108). تىلشۇناـسىلار ۋە ئەدىبلەر پېشۋاسى. تەبرىزدە تۇغۇلۇپ، باغدادتا ۋاپات بولغان. ئەبۇلئەلا مەئەررى ۋە جۇرجانىدىن تەلىم ئالغان. ئۇنىڭ ئەبۇ تەممامنىڭ دىۋانىغا يازغان "شرح ديوان الحماسة" «شەرھى دىۋانىل ھەماسە»، ئىبنى سىكىتنىڭ "تهذيب إصلاح المنطق" «تەھزىبۇ ئىسلاھىل مەنتىق» ۋە "تهذيب الألفاظ" «تەھزىبۇل ئەلفاز» ناملىق كىتابلىرىغا يازغان شەرھى ۋە ئەبۇلئەلا مەئەررىنىڭ كىتابىغا يازغان "شرح سقط الزند" «شەرھى سەقتۇززەند» ناملىق ئەسەرلىرى بار. ئۇ ھەدىس ئىلمى ئۇستىدە ئىزدىنىش ئېلىپ بارغان ۋە ئىبنى سائاتى يازغان "نهاية الوصول إلى علم الأصول" «نىھايەتۇل ۋۇسۇل ئىلا ئىلمىل ئۇسۇل» (ئۇسۇل ئىلمىنىڭ يۇقىرى

پەللـــسگە يېـــتش) نـــاملىق كىتـــابنى شەرھلىگەن.

تَبُوك: (تەبۇك). ھىجازنىڭ شىمالىدىكى بىر ۋاھە. ئۇ يەردە ھىجرىيە 9 (م 630)-يىلى شىمالىي ئەرەبلەرنى ۋە رۇمنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن غازات قىلىنغان بولۇپ، بۇ غازات شۇ جاينىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

التجاني، أبو العباس أحمد بن محمد: (تىجانىي، ئەبۇلئابباس ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد) (ھ ?-1230 / م ?-1815). مالىكىي مەزھىپىدىكى فەقىھ، ئەھلى تەسەۋۋۇپ. جەزائىردا تۇغۇلۇپ، ماراكەشتە ۋاپات بولغان. تىيجانىيە تەرىقىتى شۇ كىشىگە نىسبەت بېرىلىدۇ.

تحفة النظار في غرائب الأمصار وعجائب الأسفار: (توھفەتۇننەززار فى غەرائىبىل ئەمسار ۋە ئەجائىبىل ئەسفار). داڭلىق سەيياھ ئىبنى بەتۇتىنىڭ ساياھەتنامە خاراكتېرىدىكى ئەسىرى.

تِرْمِذ: (تىرمىز). ئافغانىستاننىڭ شىمالىدىكى جەيھۇن دەرياسى بويىغا جايلاشقان شەھەر. مۇسا ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى خارەزىم بۇ جاينى فەتھى قىلغۇچە ئاھالىسى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. ھازىر ئۆزبېكىستان تەۋەسىدە.

التِّرْمِذِيُّ، محمد بن عيسى: (تىرمىزىي، مۇھەممەد ئىبنى ئىسا) (ھ 209-279 / م 824-892). فەقىھ، مۇھەددىس، ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل ۋە ئىمام بۇخارىدىن ھەدىس ئۆگەنگەن. ئۇنىڭ "سُنَنُ التِّرْمِذِي" «سۇنەنۇ تىرمىزى» دەپ ئاتىلىدىغان "الجامع الصحيح" «ئەلجامىئۇسسەھىھ» ناملىق ھەدىس توپلىمى بار.

التَّفْتَازَانِيُّ، مسعود بن عمر: (تەفتازانىي، مەسئۇد ئىبنى ئۇمەر) (ھ 712-793 / م 1312-1390). تىلشۇناس، بالاغەتشۇناس، لوگىكشۇناس. ئۇنىڭ يازغان ئەسەرلىرى كۆپ بولۇپ، تەلخىسنىڭ شەرھى "مطول" «مۇتەۋۋەل»، ئۇسۇلى فىقھى ھەققىدىكى "توضيح" «تەۋزىھ»نىڭ شەرھى "تلويح" «تەلۋىھ»، "عقائد النسفية" «ئەقائىد نەسەفىيە»نىڭ شەرھى، "شمسية" «شەمسىيە»نىڭ شەرھى، "تفسير كشاف" «تەفسىر كەششاف»نىڭ ھاشىيىسى قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان. بۇ زات ئون ئالتە ياش چېغىدىلا "زنجاني" «زەنجانى» ناملىق كىتابقا شەرھى يازغان.

تقويم البلدان: (تەقۋىمىل بۇلدان). ئەبۇل فىدانىڭ جۇغراپىيە توغرىسىدىكى مەشھۇر ئەسىرى. كىتابنىڭ باش قىسمىدا جۇغراپىيىنىڭ قائىدە-قانۇنىيەتلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. كىتابتا ئىسلام يۇرتلىرىدىن 623 يۇرت بايان قىلىنغان.

التَّلْمُودُ: (تەلمۇد). تالمۇد. يەھۇدىي دىنىنىڭ تەۋراتتىن قالسىلا ئەڭ مۇھىم دەپ قارىلىدىغان مۇقەددەس كىتابى. بۇ كىتاب يەھۇدىي دىنىنىڭ خاتىرىلەنمىگەن، ئاغزاكى رىۋايەت قىلىنغان ئەھكاملىرىدىن تۈزۈلگەن. بۇ كىتابقا يەھۇدىي موللىلىرى يازغان شەرھ ۋە ئىزاھاتلار بېرىلگەن.

التمرتاشي (محمد، شمس الدين الخطيب): (تۇمۇرتاشى، مۇھەممەد، شەمسىددىن خەتىب) (ھ ?-1004 / م ?-1595). ئۆز دەۋرىدىكى ھەنەفىي مەزھىپىنىڭ پېشۋاسى، غەززەلىك. ئۇنىڭ فىقھى توغرىسىدا "تنوير الأبصار" «تەنۋۇرۇل ئەبسار» (كۆزلەرنى روشەنلەشتۈرۈش) ناملىق كىتابى بار.

تميم بن مرة: (تەمىم، تەمىم ئىبنى مۇررە). ئەرەبلەرنىڭ مۇزەر ئايمىقىدىن بولغان چوڭ بىر قەبىلىسى. ئۇلارنىڭ زېمىنى ئەرەب ئارىلىنىڭ شەرقىي ساھىلىدىن فۇرات گىرۋىكىگىچە ئىدى. بۇ جايدىن نۇرغۇن تالانتلىق شائىرلار چىققان.

التَّنُوخِيُّ، أبو علي المحسِّن بن علي: (تەنۇخىي، ئەبۇ ئەلىيىل مۇھەسسىن ئىبنى ئەلىي) (ھ ?ـ384 / م ?ـ994). ئەدىب، قىسسىچى. بەسرەدە تۇغۇلۇپ، باغدادتا ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ "الفرج بعد الشّدّة" «ئەلفەرەجۇ بەئدەششىددە» (جاپانىڭ تېگى راھەت)، "نشوار المحاضرة" «نىشۋارۇل مۇھازەرە» (لېكسىيە) ناملىق ئەسەرلىرى بار.

تهافت التهافت: (تەھافۇتۇت تەھافۇت) (ھالاكەتنىڭ ھالاكىتى). ئىبنى رۇشدىنىڭ غەززالىنىڭ "تهافت الفلاسفة" «تەھافۇتۇل فەلاسىفە» (پەيلاسوپلارنىڭ ھالاكىتى) ناملىق كىتابىغا رەددىيە بېرىپ يازغان كىتابى. ئىبنى رۇشد بۇ كىتابتا ئىمام غەززالى ئوتتۇرىغا قويغان «پەيلاسوپلارنىڭ 20 مەسىلىدىكى زىددىيىتى»نى كۆرسىتىپ بېرىدىغان بايانلارغا رەددىيە بەرگەن.

تهافت الفلاسفة: (تەھافۇتۇل فەلاسىفە). غەززالىنىڭ يۇنان پەيلاسوپلىرى ۋە فارابى، ئىبنى سىناغا ئوخشاش يۇنان پەيلاسوپلىرىنىڭ كۆز قاراشلىرىنى قوبۇل قىلغان پەيلاسوپلارنىڭ قاراشلىرىغا رەددىيە بېرىپ يازغان كىتابى. غەززالى ئۇلارنىڭ 20 تۈرلۈك مەسىلىدە خاتا كەتكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ 20 مەسىلىنىڭ مۇھىملىرى دۇنيانىڭ ئەزەلىيلىكى، قايتا تىرىلىش، سەۋەب نەزەرىيىسى... مەسىلىلىرى بولۇپ، غەززالى بۇ قاراشلارغا رەددىيە بەرگەن. ئەلائۇددىن تۇسىنىڭ غەززالىنىڭ كىتابىغا ئوخشاش "تهافت الفلاسفة" «تەھافۇتۇل فەلاسىفە» (پەيلاسوپلارنىڭ ھالاكىتى) ناملىق بىر كىتابى بار.

التَّهانَوِي، محمد علي بن محمد صابر الفاروقي: (تەھانەۋىي، مۇھەممەد ئەلىي مۇھەممەد سابىرىلفارۇقى) (ھ ?ـ1158 / م ?ـ1745). ھەنەفىي مەزھىپىدىكى ھىندىستانلىق ئىسلام مۇتەپەككۇرى. ئۇنىڭ ئىسلام ئىلىملىرى ئېنسىكلوپېدىيىسى ھەققىدە يازغان "كشاف اصطلاحات الفنون" «كەششافۇ ئىستىلاھاتىل فۇنۇن» (ئىلىم-پەن ئاتالغۇلىرى توغرىسىدا ئېنىقلىما) ناملىق ئەسىرى بار.

تهذيب المنطق: (تەھزىيبىل مەنتىق). تەفتازانىنىڭ ئىلمى كالام توغرۇلۇق يازغان كىتابى بولۇپ، ئۇنىڭغا نۇرغۇن شەرھلەر يېزىلغان.

تُونِسُ: (تۇنىس). شىمالىي ئافرىقىدىكى ئوتتۇرا دېڭىز بويىغا جايلاشقان ئەرەب ئىسلام جۇمھۇرىيىتى. ئۇنىڭ پايتەختى تۇنىس شەھىرى، بۇ دۆلەت ھىجرىيە 1376 (م 1956)-يىلى فرانسىيىنىڭ مۇستەملىكىسىدىن قۇتۇلغان. ھىجرىيە 1377 (1957م)-يىلى جۇمھۇرىيەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىلغان. بۇ دۆلەتنىڭ سەفاقىس، سۇس، بىنزىرت ۋە قەيرىۋان قاتارلىق شەھەرلىرى بار.

التُّونِسِيُّ، خير الدّين باشا: (تۇنىسى، خەيرۇددىن باشا) (ھ 1225ـ1307 / م 1820ـ1895). ئىسلامىي ئىسلاھاتچى، تارىخشۇناس ۋە ۋەزىر. ئۇنىڭ "أقوم المسالك في معرفة أحوال الممالك" «ئەقۋەمۇل مەسالىك فى مەئرىفەتى ئەھۋالىل مەمالىك» (مەملىكەتلەرنىڭ ئەھۋاللىرى توغرىسىدا)

ناملىق كىتابى بار.

تَيْمُور، أحمد بن اسماعيل: (تەيمۇر، ئەھمەد ئىبنى ئىسمائىل) (ھ 1288 ـ 1345 / م 1871 ـ 1927). مىسىرلىق تارىخشۇناس، تىل تەتقىقاتچىسى. بۇ كىشى مەدەنىي يادىكارلىقلارنى قوغداش ۋە ئەرەبچە قولىيازمىلارنى يىغىشقا بەك ئەھمىيەت بېرەتتى. ئۇ "التصوير عند العرب" «ئەتتەسۋىير ئىندەلئەرەب» (ئەرەبلەرنىڭ قارىشىدىكى تەسۋىري رەسىم)، "تصحيح لسان العرب" «تەسھىيھۇ لىسانىل ئەرەب» (ئەرەب تىلى لۇغىتىگە تۈزىتىش)، "أوهام شعراء العرب في المعاني" (ئەرەب شائىرلىرىنىڭ مەنە توغرىسىدىكى قاراشلىرى) ناملىق كىتابلارنى يازغان. بۇ كىشى مەشھۇر تەيمۇرىيە كۇتۇپخانىسىنىڭ ئىگىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە قولىيازمىلار ۋە مەتبەئە بېسىلمىلىرى بار ئىدى. بۇلارنى مىسىر كۇتۇپخانىسىغا ھەدىيە قىلغان.

تيمور، محمد بن أحمد: (تەيمۇر، مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد) (ھ 1310 ـ 1340 / م 1892 ـ 1921). مىسىرلىق يازغۇچى، دراماتۇرگ. ئۇنىڭ "حياتنا التمثيلية" «ھەياتۇناتتەمسىلىيە» (دراما ھاياتىمىز)، "المسرح المصري" «ئەلمەسرەھۇل مىسرىي» (مىسىر درامىسى) ناملىق ئەسەرلىرى بار. ئۇ مىسىر مىكرو ھېكايىچىلىقىنىڭ بايراقدارى ئىدى.

تيمور، محمود بن أحمد: (تەيمۇر، مەھمۇد ئىبنى ئەھمەد) (ھ 1312 ـ 1393 / م 1894 ـ 1973). ئەرەب رومانچىلىقىنىڭ بايراقدارلىرىدىن، ھېكايە، سەھنە ئەسەرلىرى يازغۇچىسى ۋە ئەرەب تىلى جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى. قاھىرەدە تۇغۇلۇپ، شۋېتسىيىدە ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ "نداء المجهول" «نىدائۇل مەجھۇل» (نامەلۇم نىدا)، "مشكلات اللغة العربية" «مۇشكىلاتىللۇغەتىل ئەرەبىيە» (ئەرەب تىلىنىڭ قىيىن نۇقتىلىرى)، "معجم الحضارة" «مۇئجەمۇل ھەزارە» (مەدەنىيەت ئاتالغۇلىرى لۇغىتى) قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

التَّيْمُورِيَّة، عائشة: (تەيمۇرىيە، ئائىشە) (ھ 1256 ـ 1320 / م 1840 ـ 1902). مىسىرلىق شائىرە ۋە ئەدىبە. ئەھمەد ئىبنى تەيمۇرنىڭ ھەمشىرىسى، ئۇنىڭ "حلية الطراز" «ھىيلەتۇتتەرراز» (شەكىل ئالدامچىلىقى) ناملىق بىر ئەسىرى ۋە ئەرەبچە، تۈركچە شېئىرلار توپلىمى بار.

ث

ثابتُ بنُ قُـرَّةَ الحَـرَّاني: (سابىت ئىبنى قۇرەتۇل ھەررانى) (ھ 221ـ288 / م 836ـ901). ھەرراندا تۇغۇلغان. ئاستىرونوم، ماتېماتىك، تېۋىپ ۋە پەيلاسوپ. ئۇ تېبابەت، گېئومېتىرىيە ۋە ئاسترونومىيە ئەسەرلىرىنى يۇنان ۋە سۇرىيە تىلىدىن ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلغان. ئۇنىڭ تېبابەت ئىلمىگە ئائىت "الذخيرة في علم الطب" «ئەززەخىيرەتۇ فى ئىلمىتتىب» (تېبابەت ئىلمىدىكى بايلىقلار)، گېئومېتىرىيىگە ئائىت "المباني الهندسية" «ئەلمەبانىيل ھەندەسىيە» (گېئومېتىرىيىلىك قۇرۇلمىلار) ناملىق ئەسەرلىرى بار.

ثابت بن قيث بن شماس الخزرجي: (سابىت ئىبنى قەيس ئىبنى شەمماسىل خەزرەجىي) (ھ ?ـ12 / م ?ـ633). ئەنسارىي، ساھابە. ھەدىستە: «سابىت ئىنتايىن ياخشى ئادەم» دېيىلگەن. ئۇ ئاغرىپ قالغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى يوقلاپ بارغان ۋە: «ئى ئىنسانلارنىڭ پەرۋەردىگارى، سابىت ئىبنى قەيسكە شىپالىق بەرگىن» دەپ دۇئا قىلغان. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە يەمامە ئۇرۇشىدا شېھىت بولغان.

الثَّعالبيُّ، أبو منصور عبد الملك بن محمد: (سەئالىبىي، ئەبۇ مەنسۇر ئابدۇلمەلىك ئىبنى مۇھەممەد) (ھ 351ـ430 / م 961ـ1038). تىلشۇناس، ئەدىب ۋە تارىخشۇناس. نىشاپۇردا تۇغۇلۇپ، شۇ يەردە ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ لۇغەتكە ئائىت "فقه اللغة" «فىقھۇللۇغە» (تىل ئىلمى) ۋە باشقا شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدىن توپلام قىلىنغان "يتيمة الدهر في شعراء أهل العصر" «يەتىيمەتۇددەھر فى شۇئەرائى ئەھلىل ئەسرى»، "كتاب الأمثال" «كىتابۇل ئەمسال» (مەسەللەر) ناملىق ئەسەرلىرى بار.

ثَعلَبٌ، أبو العباس أحمد بن يحيى الشيباني: (سەئلەب، ئەبۇ ئابباس ئەھمەد ئىبنى يەھيا شەيبانىي) (ھ 200ـ292 / م 810ـ904). تىلشۇناس، گرامماتىكشۇناس. باغدادتا تۇغۇلۇپ، شۇ يەردە ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ "الفصيح" «ئەلفەسىيھ» (ئۇرتاق تىل)، "اختلاف النحويين" «ئىختىلافۇننەھۋىيىن» (گرامماتىكشۇناسلارنىڭ ئوخشىمىغان قاراشلىرى)، "المجالس" «ئەلمەجالىس» (سورۇنلار) ناملىق ئەسەرلىرى بار.

الثعلبي، أحمد بن محمد أبو إسحاق: (سەئلەبىي، ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد ئەبۇ ئىسھاق) (ھ ?ـ427 / م ?ـ1035). نىيشاپۇرلۇق مۇپەسسىر، تارىخشۇناس. ئۇنىڭ "الكشف والبيان في تفسير القرآن" «ئەلكەشفۇ ۋەلبەيان فىي تەپسىيرىل قۇرئان» (قۇرئان تەپسىرى ھەققىدە ئېنىقلىما) ناملىق ئەسىرى ۋە پەيغەمبەرلەر قىسسىسى ھەققىدە يازغان "عرائس المجالس" «ئەرائىسۇل مەجالىس» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

ثقيف: (سەقىيف). ئەرەب ئەدنان

قەبىلىسى، ئۇلار تائىفتا ياشايدىغان بولۇپ، ئىسلام فەتھىلىرىگە قاتناشقان، ئۇلاردىن نۇرغۇن قەھرىمانلار ۋە مەشھۇر قوماندانلار چىققان.

ثمامة بن أشرس (أبو معن): (سۇمامە ئىبنى ئەشرەس، ئەبۇ مەئىن) (ھ ?ـ213 / م ?ـ828). ئۇستا ناتىق، مۇئتەزىلە ئېقىمىدىكىلەرنىڭ چوڭلىرىدىن. رەشىد، مەئمۇنلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتتە ئۆتكەن. «سۇمامىيە پىرقىسى» ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

ثَمُوْد، وثُمُودٌ: (سەمۇد). 1. قەدىمكى ئەرەب قەبىلىسى بولۇپ، سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قوۋمى ئىدى. 2. يەمەن جۇمھۇرىيىتىدىكى بىر شەھەر.

ثوبان بن يجدد (أبو عبد الله): (سەۋبان ئىبنى يەجدۇد، ئەبۇ ئابدۇللاھ) (ھ ?ـ54 / م ?ـ674). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئازاتكەردىسى. رەسۇلۇللاھ ئۇنى سېتىۋېلىپ، ئازاد قىلىۋەتكەندىن كېيىن تا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىغا قەدەر خىزمىتىدە بولغان. رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن پەلەستىندىكى رەملە دېگەن جايغا، ئاندىن كېيىن ھىمس شەھىرىگە كۆچۈپ كەلگەن. ئۇ 128 ھەدىس رىۋايەت قىلغان.

ج

جابر بن أفلح: (جابىر ئىبنى ئەفلەھ) (ھ ?-545 / م ?-1150). ئەندەلۇسلۇق ئاسترونوم، ئەشبەلىيىدە تۇغۇلغان. ئۇ ياۋروپادىمۇ داڭق چىقارغان. ئۇنىڭ ئاسترونومىيە ھەققىدە يازغان "الهيئة" «ئەلھەيئەت»، "إصلاح المجسطي" «ئىسلاھۇل مەجىستىي» ناملىق ئەسەرلىرى بار.

جابر بن حيان: (جابىر ئىبنى ھەييان) (ھ ?-200 / م ?-815). پەيلاسوپ، مەشھۇر ئەرەب خىمىيىشۇناسى، ئەسلى خۇراساندىن. كۇفە، باغداد، ۋە تۇس شەھەرلىرىدە ياشىغان. ئۇنىڭ "أسرار الكيمياء" «ئەسرارۇلكىيمىيا» (خىمىيە سىرلىرى)، "أصول الكيمياء" «ئۇسۇلۇل كىيمىيا» (خىمىيىلىك قائىدە-قانۇنىيەتلەر)، "علم الهيئة" «ئىلمۇلھەيئەت» (قىياپەتنامە)، "مجموع رسائل" «مەجمۇئۇررەسائىل» (ماقالىلەر توپلىمى) ناملىق ئەسەرلىرى بار. بىر قىسمى لاتىن تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. غەرب ئالىملىرى بۇ ئەسەرلەردىن پايدىلانغان.

جابر بن عبد الله: (جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ) (ھ ?-79 / م ?-607). مەشھۇر ساھابە. ئۇ 1540 ھەدىس رىۋايەت قىلغان. كېيىنكى ئۆمرىدە مەدىنە مۇنەۋۋەرەدىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدىدە دەرس بەرگەن.

الجاحظ، أبو عثمان عمر بن بحر: (جاھىز، ئەبۇ ئۇسمان ئۇمەر ئىبنى بەھرى) (تەخمىنەن ھ 159-254 / م 775-868). كالامشۇناس ئەدىب، مۇتەپەككۇر، بەسرەدە تۇغۇلۇپ، شۇ يەردە ئۆسكەن مول ھوسۇللۇق يازغۇچى. ئۇ ئىپادىلەش جەھەتتە ئۆزگىچە خاس ئالاھىدە ئۇسلۇپ ياراتقان. ئۇنىڭ "الحيوان" «ئەلھەيىۋان» (ھايۋانلار)، "البخلاء" «ئەلبۇخەلا» (بېخىللار)، "البيان والتبيين" «ئەلبايان ۋەتتىبيىن» (بايانىنامە) ناملىق ئەسەرلىرى بار. مۇئتەزىلىلەر پىرقىسىنىڭ بىر قىسمى بولغان جاھىزىيەت ئېقىمى شۇ كىشىگە نىسبەت بېرىلىدۇ.

الجارم (علي) : (جارىم، ئەلى) (ھ 1298-1368 / م 1881-1949). مىسىرلىق مەشھۇر شائىر. ئۇنىڭ تۆت قىسىملىق شېئىرلار توپلىمى بار. "غادة رشيد" «غادەتۇ رەشىيد» (رەشىدنىڭ مەلىكىسى)، "شاعر ملك" «شائىرۇ مەلىك» (پادىشاھنىڭ شائىرى)، "فارس بني حمدان" «فارىسۇ بەنى ھەمەدان» (بەنى ھەمەدانىنىڭ چەۋەندازى) ۋە "الشاعر المطموح" «ئەششائىرۇل مەتمۇھ» (ئۈمىدۋار شائىر) قاتارلىق تارىخىي رومان ۋە پوۋېستلىرى بار.

الجارودية: (جارۇدىيە). ئەبۇ جارۇدنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان زەيدىيلەر پىرقىسى. بۇلار كۇفىلىق رادىكاللار بولۇپ، مۇرتلىرى بىرقانچە پىرقىلەرگە بۆلۈنۈپ كەتكەن.

الجاسوس على القاموس: (ئەلجاسۇس

ئەلەلقامۇس). ئەھمەد پارس شدياقي يازغان قامۇس. ئۇ فيرۇز ئابادىنىڭ "محيط" «مۇھيت» ناملىق لۇغىتىنىڭ خاتالىقلىرىنى تۈزىتىشنى مەقسەت قىلغان.

جُبْرانُ، جبران خليل: (جۇبران، جىبران خەلىل) (ھ 1301 ـ 1350 / م 1883 ـ 1931). لىۋانلىق ئەدىب. ئامېرىكىغا كۆچۈپ كېتىپ شۇ يەردە ۋاپات بولغان. كۆچمەن ئەدىبلەرنىڭ پېشۋاسى. قەلەمكەشلەر بىرلەشمىسىنى تەسىس قىلغانلارنىڭ بىرى. ئۇنىڭ "النبي" «ئەننەبىي» (پەيغەمبەر)، "الأجنحة المتكسرة" «ئەلئەجنىھەتۇل مۇتەكەسسىرە» (سۇنغان قانات)، "دمعة وابتسامة" «دەمئەتۇن ۋە ئىبتىسامە» (ياش ۋە كۈلكە) ناملىق ئەسەرلىرى بار.

الجَبَرْتِيْ، عبد الرحمن: (جەبەرتى، ئابدۇراھمان) (ھ 1168 ـ 1238 / م 1754 ـ 1822). مىسىرلىق تارىخشۇناس، مەشھۇر شەخسلەر ھەققىدە يېزىلغان "عجائب الآثار في التراجم والأخبار" «ئەجائىبۇل ئاسار فىتتەراجىم ۋەلئەخبار» ناملىق تەرجىمھال كىتاب ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىم ئەسەرلىرىدىندۇر.

الجَبَلُ الأخضر: (جەبەلۇل ئەخزەر). 1. ئومان سۇلتانلىقىدىكى ئەڭ ئېگىز چوققا. 2. لىۋىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ شىمالىي قىسمى. 3. لىۋىيە جۇمھۇرىيىتىدىكى بىر شەھەر.

جَبَلُ طارق: (جەبەل تارىق). جەبەل تارىق بوغۇزى. ئىسپانىيە بىلەن ماراكەش ئوتتۇرىسىدىكى كەڭلىكى 15 كىلومېتىر كېلىدىغان بىر بوغۇز. بۇ يەر ياۋروپا قىتئەسى بىلەن ئافرىقا قىتئەسىنى ئايرىپ تۇرىدۇ. تارىق ئىبنى زىياد ھىجرىيە 93 (م 711)-يىلى ئىسپانىيىنى فەتھى قىلغاندا، مۇشۇ جايدىن ئۆتكەن. بۇ يېرىم ئارالنىڭ نامى ئىسپانىيىنى فەتھى قىلغان تارىق ئىبنى زىيادنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

جَبَل لُبْنان: (جەبەل لۇبنان). لىۋاندىكى بىر ئۆلكە، ئۇنىڭ مەركىزى ئەبدا.

جَبَلَةُ بنُ الأيْهَم: (جەبەلەتۇل ئەيھەم) (ھ ?ـ 20 / م ?ـ 641). شام مەملىكىتىدىكى غەسسانىيلار پادىشاھلىقىنىڭ ئاخىرقى پادىشاھى. ئۇ مۇسۇلمان بولغان، كېيىن مۇرتەد بولۇپ پاناھلىق ئىزدەپ رۇمغا قېچىپ كەتكەن. كېيىنكى ھاياتىنى كونىستانتىنوپولدا ئۆتكۈزگەن.

جبير بن مطعم بن عدي بن نوفل بن عبد مناف (أبو عدي): (جۇبەير ئىبنى مۇتئەم، ئىبنى ئەدى ئىبنى نەۋفەل ئىبنى ئابدۇ مەناف، ئەبۇ ئەدى) (ھ ?ـ 59 / م ?ـ 67). ساھابە، قۇرەيشنىڭ بىلىملىكلىرىدىن ئىدى. جاھىز ئۇنى نەسەبشۇناسلارنىڭ كاتتىسى دەپ قارىغان. 60 ھەدىس رىۋايەت قىلغان.

جحا: (جۇھا). كۇفىلىق بىر ئادەمنىڭ لەقىمى. بۇ ئادەم ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ خەلىپىسى مەھدىنىڭ دەۋرىدە ۋاپات بولغان. مەشھۇر قىزىقچى ۋە لەتىپىچى.

جُرْجَانُ: (جۇرجان). قەزۋىن دېڭىزىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى پارس مەملىكىتىنىڭ بىر ئىقلىمى ۋە بىر شەھىرىنىڭ نامى.

الجُرْجَانِيُّ: عبد القاهر: (جۇرجانىي، ئابدۇلقاھىر) (ھ ?ـ 471 / م ?ـ 1078). تىل ساھەسىدىكى پېشۋالاردىن بولۇپ، ئىلمى بالاغەت (ئىستىلىستىكا) ۋە ئىلمى بايانغا ئاساس سالغان. "أسرار البلاغة" «ئەسرارۇل

بالاغەت» (بالاغەت سىرلىرى)، "دلائل الإعجاز" «دەلائىلۇل ئىئجاز» (مۆجىزە پاكىتلىرى) ۋە "إعجاز القرآن" «ئىئجازۇل قۇرئان» (قۇرئان مۆجىزىلىرى) ئۇنىڭ ئەڭ مەشھۇر كىتابلىرىدۇر.

الجُرْجانيّ، علي بن محمد: (جۇرجانى، ئەلى ئىبنى مۇھەممەد) (ھ 740 ـ 816 / م 1340 ـ 1413). كالامشۇناس ۋە پەيلاسوپ. ئۇنىڭ مۇھىم كىتابلىرى ئەللىك پارچىدىن ئاشىدۇ. جۈملىدىن "التعريفات" «ئەتتەئرىيفات» (تەئرىفات)، "شرح المواقف" «شەرھىل مەۋاقىف»لارمۇ شۇ كىتابلاردىندۇر.

الجُرجانيّ: القاضي أبو الحسن علي: (جۇرجانىي، قازى ئەبۇلھەسەن ئەلى) (ھ 337 ـ 392 / م 948 ـ 1001). شائىر، جۇرجان ۋە رەي شەھەرلىرىگە قازى بولغان. ئۇنىڭ بىر شېئىر دىۋانى ۋە "الوساطة بين المتنبي وخصومه" «ئەلۋەساتە بەيىنەل مۇتەنەببىي ۋە خۇسۇمىھى» (مۇتەنەببىي ۋە ئۇنىڭ رەقىبلىرى ئوتتۇرىسىنى ئىسلاھ قىلىش) نامىلىق ئەسىرى بار.

جرمانوس، إيليوس: (جېرمانوس، ئىيلىيوس) (ھ ? ـ 1302 / م ? ـ 1884). ۋېنگرىيىلىك شەرقشۇناس. ئىسلامغا كىرىپ، ھەج قىلغان ۋە "الله أكبر" «ئاللاھۇ ئەكبەر» نامىلىق بىر كىتاب يازغان.

جُرْهُمْ: (جۇرھۇم). قەدىمىي يەمەن ئەرەب قەبىلىسى. ئۇلار مەئرەب توسمىسى ۋەيران بولغاندىن كېيىن، يەمەندىن تارقىلىشقا باشلىغان ۋە ھىجاز زېمىنىغا كىرىپ، مەككىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان.

جرير بن عطية بن حزيفة الخطفي: (جەرىر ئىبنى ئەتىيە ئىبنى ھۇزەيفەتىلخەتەفى) (ھ 30 ـ 114 / م 651 ـ 732). بەنى تەمىم قەبىلىسىدىن چىققان ئۇمەۋىي شائىرى. يەمامە قىشلىقىدا تۇغۇلغان. پۈتۈن ئۆمرىنى شائىرلار بىلەن تىركىشىپ ئۆتكۈزگەن، شېئىرلىرى ھەجۋىي تۈس ئالغان. شائىر فەرەزدەق ۋە ئەختەللەر بىلەن رىقابەتلىشىپ، ئالاھىدە شۆھرەتكە ئېرىشكەن. فەرەزدەق بىلەن قىلىشقان مۇشائىرىلىرى ئۈچ توملۇق قىلىنىپ، شېئىرلىرى ئىككى توملۇق قىلىنىپ نەشر قىلىنغان.

الجَزَائِرُ: (جەزائىر، ئالجىرىيە). 1. جەزائىر خەلق دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتى. شىمالىي ئافرىقىدىكى ئەرەب ئىسلام جۇمھۇرىيىتى بولۇپ، پايتەختى جەزائىر شەھىرى.

2. جەزائىر (ئالجىرىيە) جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى ۋە ئوتتۇرا دېڭىزدىكى ئاساسلىق پورت.

الجَزَائِرِيّ، الشيخ طاهر: (جەزائىرىي، شەيخ تاھىر) (ھ 1269 ـ 1339 / م 1853 ـ 1920). سۈرىيىلىك يازغۇچى. «زاھىرىيە» كۇتۇبخانىسىنى قۇرۇشقا ياردەملەشكەن ۋە ئۇنىڭ مۇدىرى بولغان. "تفسير القرآن" «تەفسىرۇل قۇرئان» (قۇرئان كەرىمنىڭ تەپسىرى) نامىلىق كىتابى بار.

الجَزَائِرِيّ، عبد القادر بن محيي الدين: (جەزائىرى، ئابدۇلقادىر ئىبنى مۇھيىددىن) (ھ 1223 ـ 1301 / م 1808 ـ 1883). جەزائىرنىڭ پېشۋاسى، جەزائىردىكى مۇئەسكەر شەھىرىگە يېقىن بىر جايدا تۇغۇلغان. فرانسىيە مۇستەملىكىچىلىكىگە قارشى بايراق كۆتۈرگەنلىكتىن دەمەشققە سۈرگۈن قىلىنغان ۋە شۇ يەردە ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ شېئىرلار

توپلىمى ۋە "المواقف" «ئەلمەۋاقىف» ناملىق بىر كىتابى بار.

الجزري، ابن الجزري، محمد بن محمد بن محمد، شمس الدين العمري الدمشقي: (جەزرىي، ئىبنى جەزرىي، مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد شەمسىددىن ئۇمەر دەمەشقىي) (ھ 751-833 / م 1350-1429). ئۇ ئۆز زامانىسىدىكى قارىيلارنىڭ پېشۋاسى بولۇپ، ھەدىس ھاپىزلىرىدىن ئىدى. ئۇ دەمەشقتە تۇغۇلۇپ، شۇ يەردە ئۆسكەن. ئۇ جەزىرەت ئىبنى ئۇمەرگە نىسبەت بېرىلىدۇ. ئۇنىڭ "النشر في القراءات العشر" «ئەننەشرۇ فىل قىرائاتىل ئەشرى» (ئون خىل قىرائەت توغرىسىدا)، "غاية النهاية في طبقات القراء" «غايەتۇننىھايە فى تەبقاتىل قۇررا» (قارىيلار تەرجىمىھالى)، "ملخص تاريخ الإسلام" «مۇلەخخەس فى تارىخىل ئىسلام» (قىسقىچە ئىسلام تارىخى)، "فضائل القرآن" «فەزائىلۇل قۇرئان» (قۇرئاننىڭ پەزىلەتلىرى) ناملىق ئەسەرلىرى بار.

الجزيرة: (جەزىرە). 1. ئەرەب جۇغراپىيەشۇناسلىرى دەجلە ۋە فۇرات دەرياسى ئارىلىقىدىكى رايونلارنىڭ شىمالىي قىسمىغا قويغان نام. بۇ جاي ھازىر سۇرىيىنىڭ شىمالىغا توغرا كېلىدۇ. 2. سۇداندىكى دېھقانچىلىق مەيدانى بولۇپ، ئاق دېڭىز ۋە زەڭگەر دېڭىزى ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. 3. يېشىل ئارال: ئىسپانىيە دۆلىتىنىڭ ئەندەلۇس ئۆلكىسىدىكى بىر شەھەر، بۇ شەھەر جەبەل تارىق بوغۇزىغا جايلاشقان.

الجزولي، عبد الله بن ياسين: (جۇزۇلىي، ئابدۇللاھ ئىبنى ياسىن) (ھ ?-451 / م ?-1059). مۇرابىتىينلار ھەرىكىتىنىڭ ئاساسچىسى. ئۇلارنىڭ دىنىي، سىياسىي ئىشلىرىغا باشچىلىق قىلغان. ماراكەشتىكى بەربەرىيلەرنىڭ رەھبىرى.

الجزولي، عيسى بن عبد العزيز: (جۇزۇلىي، ئىسا ئىبنى ئابدۇلئەزىز) (ھ ?-607 / م ?-1210). ماراكەشلىك تىلشۇناس. گىراماتىكشۇناس. ئۇنىڭ گىراماتىكا ھەققىدە يازغان "الأمالي" «ئەلئەمالى»، "المقدمة الجزولية" «ئەلمۇقەددىمەتۇل جۇزۇلىيە» (جۇزۇلى مۇقەددىمىسى) ناملىق ئەسەرلىرى بار.

جَعْفَرُ بن أبي طالب: (جەئفەر ئىبنى ئەبۇ تالىب) (ھ ?-8 / م ?-629). ساھابە. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى. ھەزرىتى ئەلىنىڭ قېرىندىشى. ئىسلامغا بۇرۇن كىرگەن كىشىلەردىن بولۇپ، مۇئتە ئۇرۇشىدا شېھىت بولغان.

جَعْفَرُ، الصادق، جعفر بن محمد الباقر بن علي زين العابدين بن الحسين: (ئىمام جەئفەر سادىق، جەئفەر ئىبنى مۇھەممەد باقىر ئىبنى ئەلى زەينۇل ئابىدىن ئىبنى ھۇسەيىن) (ھ 80-147 / م 699-765). شىئە ئىمامىيە مەزھىپىدىكىلەرنىڭ ئون ئىككى ئىمامىنىڭ ئالتىنچىسى.

جَعْفَرِيٌّ: (جەئفەرى). ئىمام جەئفەر سادىقنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى، شىئە مەزھىپىدىكى جەئفەرىيە دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئېقىم ياكى «جەئفەرىيە» مەزھىپى.

الجَعْفَرِيَّةُ: (جەئفەرىيە). شىئە مەزھىپىدىكىلەرنىڭ ئىمام جەئفەر سادىققا نىسبەت بېرىلىدىغان بىر پىرقىسى.

جلال الدين بن شمس الدين خوارزمي: (جالالىددىن ئىبنى شەمسىددىن خارەزمى).

خارەزىمدە تۇغۇلغان. بۇ زات بىلىمىنىڭ چوڭقۇرلۇقىدا تەمسىل قىلىنىدىغان بولۇپ، ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىلار يىراق جايلاردىن بۇ زاتنىڭ ھوزۇرىغا بىلىم ئېلىشقا كېلەتتى. ئەھلى ئىلىملەر پايدىلىنىۋاتقان «ھىدايە» ناملىق كىتابنىڭ شەرھىسى «كىفايە» مۇشۇ زاتنىڭ ئەسىرىدۇر.

جلال، الدين الرومي: (جالالۇددىن رومى) (ھ 604 ـ 672 / م 1207 ـ 1273). ئەھلى تەسەۋۋۇپ پېشۋالىرىدىن بولۇپ، مەۋلىۋىيە تەرىقىتىنىڭ ئاساسچىسى، شائىر. ئۇ ئىراننىڭ بەلخ دېگەن يېرىدە تۇغۇلۇپ، تۈركىيىنىڭ كونيا دېگەن يېرىدە ۋاپات بولغان. تەسەۋۋۇپ ھەققىدە يېزىلغان «مەسنەۋى شەرىف» ناملىق مەشھۇر ئەسەر ئۇنىڭ ئەسىرىدۇر.

الجمهورية: (جۇمھۇرىيە). ئەپلاتۇننىڭ ئەسىرى بولۇپ، بۇ كىتابتا ئەخلاق، سىياسەت، تۈرلۈك ھاكىمىيەت ۋە ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم مەزمۇنلار ئادالەت نۇقتىسىدا تۇرۇپ شەرھلەنگەن.

مجمهرات العرب: (مۇجەمھەراتۇلئەرەب). جاھىلىيەت دەۋرىدە كەئبىنىڭ تېمىغا ئېسىلغان يەتتە قەسىدىدىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان يەتتە قەسىدە.

جَميلُ بُثَيْنَة: (جەمىل بۇسەينە، جەمىل ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى مۇئەممەرىل ئۇزرىي) (ھ ؟ ـ 82 / م ؟ ـ 701). ئومەۋىي خەلىپىلىكىنىڭ شائىرى. ئۇ ئۆزىنىڭ سۆيگىنى بۇسەينىگە ئاتاپ يازغان شېئىرى بىلەن داڭق چىقارغان. مىسىردا ۋاپات بولغان.

جناح: محمد علي: (جىناھ، مۇھەممەد ئەلىي) (ھ 1293 ـ 1368 / م 1876 ـ 1948). پاكىستان دۆلىتىنىڭ قۇرغۇچىسى. 1947 ـ يىلى پاكىستاننىڭ تۇنجى قېتىملىق زۇڭتۇڭى بولغان.

جُنْدِيسابورُ: (جۇندىيسابۇر). سابۇر قۇرغان پارس شەھىرى. بۇ جاي ئۆزىنىڭ تېبابەت مەكتەپلىرى بىلەن مەشھۇر. مۇسۇلمانلار بۇ جاينى ھىجرىيە 17 (م 638)ـ يىلى ئۇمەر ئىبنى خەتتابنىڭ باشچىلىقىدا فەتھى قىلغان.

جِنّي، ابن جِنّي: (جىننىي، ئىبنى جىننىي، ئەبۇلفەتھى ئوسمان) (ھ ؟ ـ 392 / م ؟ ـ 1002). كاتتا تىلشۇناس. مەۋسىلدا تۇغۇلۇپ، باغدادتا ۋاپات بولغان. تىل، گراماتىكا، فونېتىكا ۋە ئىستىلىستىكا ئىلمىدە ئاجايىپ يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن. شۇ سەۋەبتىن تىل پەيلاسوپى دەپمۇ ئاتالغان. ئۇنىڭ "الخصائص" «ئەلخەسائىس» (خۇسۇسىيەتلەر)، "سر الفصاحة" «سىررۇل فەساھە» (پاساھەتنىڭ سىرى) ناملىق ئەسەرلىرى بار.

الجنيد (أبو القاسم): (جۇنەيد، ئەبۇلقاسىم) (ھ ؟ ـ 297 / م ؟ ـ 910). باغدادلىق تەرىقەت پېشۋاسى. ئانا تەرەپ تاغىسى سەرى سەقىتىنىڭ شاگىرتى. مەشھۇر جۇنەيدىيە تەرىقىتىنىڭ ئاساسچىسى.

جهم بن صفوان: (جەھىم ئىبنى سەفۋان) (ھ ؟ ـ 128 / م ؟ ـ 745). جەھمىيە ياكى جەبەرىيە پىرقىسىنىڭ ئاساسچىسى. بۇ پىرقە «ئىنسان پۈتۈنلەي تەقدىرنىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ھېچقانداق ئىشتا ئىختىيارى بولمايدۇ» دەپ قارايدۇ. ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىنى ئىنكار قىلىدۇ. ۋارىس ئىبنى سۇرەيج بىلەن ئومەۋىيلەرگە قارشى

چىققانلىقى ئۈچۈن قەتلى قىلىنغان.

الجَوادُ: محمد بن علي الرضا، أبو جعفر: (جەۋاد، مۇھەممەد ئىبنى ئەلى رىزا، ئەبۇ جەئفەر) (ھ 195ـ220 / م 811ـ835). شىئەلەرنىڭ ئون ئىككى ئىمامىنىڭ توققۇزىنچىسى. ئۇ مەدىنىدە تۇغۇلۇپ، باغدادتا ۋاپات بولغان ۋە كازىمىيە دېگەن جايغا دەپنە قىلىنغان.

الجَواليقي، موهوب بن أحمد، أبو منصور: (جەۋالىقى، مەۋھۇب ئىبنى ئەھمەد، ئەبۇ مەنسۇر) (ھ 466ـ539 / م 1073ـ1144). تىلشۇناس. مەككىدە تۇغۇلۇپ، باغدادتا ۋاپات بولغان. "المعرب من الكلام الأعجمي على حروف المعجم" «ئەلمۇئەررەب مىنەلكەلامىل ئەئجەمىي ئەلا ھۇرۇفىل مۇئجەم» (ئەرەب تىلىغا چەتتىن كىرگەن سۆزلەر لۇغىتى) ناملىق لۇغەتنى تۈزۈپ چىققان.

الجَواهريُّ، محمد حسن باقر: (جەۋاھىرى، مۇھەممەد ھەسەن باقىر) (ھ ?ـ1266 / م ?ـ1849). ئۇ دەۋرىدىكى شىئەلەرنىڭ پېشۋاسى. نەجەفتە ۋاپات بولغان. ئۇ "جواهر الكلام في شرح شرائع الإسلام" «جەۋاھىرۇلكەلام فى شەرھى شەرائىئىل ئىسلام» (ئىسلام شەرىئىتىنى شەرھلەشتىكى مېغىزلىق سۆزلەر) ناملىق كىتابنى يېزىپ چىققان. بۇ قىرىق توملۇق ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭدا جەئفەرىيلەرنىڭ فىقھى پىكىرلىرى بايان قىلىنغان.

الجَواهريُّ، محمد مهدي: (جەۋاھىرى، مۇھەممەد مەھدى) (ھ ?ـ1321 / م ?ـ1903). ئىراقلىق داڭلىق شائىر، ژۇرنالىست. نەجەفتە تۇغۇلغان. كاتتا شائىر دەپ لەقەبلەنگەن، ئۇنىڭ ئالتە توملۇق بىر شېئىر دىۋانى بار.

الجَوزيُّ، ابن الجَوزي، عبد الرحمن بن علي أبو الفرج: (جەۋزى، ئىبنى جەۋزى، ئابدۇراھمان ئىبنى ئەلى ئەبۇ فەرەج) (ھ 510ـ595 / م 1116ـ1199). ئۆز دەۋرىنىڭ تارىخ ۋە ھەدىس ئەللامىسى ئىدى. باغدادتا تۇغۇلۇپ شۇ يەردە ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ "تاريخ الملوك والأمم" «تارىخۇل مۇلۇك ۋەلئۇمەم» (پادىشاھلار ۋە ئۇممەتلەر تارىخى)، "المنتظم في تاريخ الأمم" «ئەلمۇنتەزەم فى تارىخىل ئۇمەم» (ئۇممەتلەرنىڭ تارىخى)، "تلبيس إبليس" «تەلبىيس ئىبلىيس» (ئىبلىسنىڭ ۋەسۋەسىسى) ناملىق ئەسەرلىرى بار.

الجولان: (جولان). گولان. ئىئوردانىيە ۋە سۈرىيە ئارىسىدىكى ئىستراتېگىيىلىك تاغلىق رايون. بۇجاي ھىجرىيە 1387 (1967م)-يىلىدىكى ئۇرۇشتا سۈرىيىنىڭ ھەربىي بازىسى بولغان. ئۇرۇشتا ئىسرائىلىيىلىكلەرنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەن بولۇپ، تا ھازىرغىچە ئىسرائىلىيە ئىشغالىيىتىدە تۇرۇۋاتىدۇ.

جَوْهَرُ الصقلي: (جەۋھەرۇسسەقەلىي) (ھ ?ـ381 / م ?ـ992). فاتىمىيە دۆلىتىنىڭ ۋەزىرى. فاتىمىلارنىڭ پادىشاھى مۇئىزىدىنىلانىڭ قوماندانى. ئۇ مىسىرنى فەتھى قىلىپ، قاھىرە شەھىرىنى بىنا قىلغان ۋە ئەزھەر شېرىفنى قۇرغان.

الجوهري، أبو نصر إسماعيل بن حماد: (جەۋھەرى، ئەبۇ نەسر ئىسمائىل ئىبنى ھەمماد) (ھ ?ـ396 / م ?ـ1005). تىلشۇناس. ئۇ فاراب شەھىرىدە تۇغۇلۇپ، نىشاپۇردا ۋاپات بولغان. «سىھاھ جەۋھەرى» نامىدا تونۇلغان مەشھۇر "تاج اللغة وصحاح

العربيـــة" «تـاجۇللۇغە ۋە سـەھاھۇلئەرەبىيە» دېگەن لـۇغەت كـتـابى ئۇنـىڭ ئەڭ مەشـھۇر ئەسەرلىرىدىندۇر.

الجويني (أبو محمد عبـد الله): (جـۇۋەينى، ئەبۇ مۇھەممەد ئابـدۇللاھ) (ھ ؟ـ 438 / م ؟ـ 1047). تەپسىرشۇناس، تىلشۇناس، شـافىئىي مەزھەپـىدىكى فەقـىھ. جۇۋەيـنـدە تۇغۇلـۇپ، نىيشاپۇردا ئولتۇراقلـىشىپ قالغـان. ئۇنـىڭ "التفسير" «ئەتتەفسىر» (تەپسىر)، "الجمـع والفرق" «ئەلجەمئۇ ۋەلفەرەق» ۋە "رسالة إثبات الاسـتـواء" «رىـسالەتۇ ئىـسباتىل ئىـستىۋا» (ئاللاھنـىڭ ئەرش ئۈسـتـىدە قـارار ئېلىـشى) ناملىق ئەسەرلىرى بار.

الجويني (أبو المعالي عبد الملك): (جۇۋەينى، ئەبۇلمەئـالى ئابـدۇلمەلىك) (ھ ؟ـ 478 / م ؟ـ 1085). شـافىئىي مەزھەپـىدىكى فەقـىھ، كالامـشۇناس. ھايـاتىنى ئوقـۇ ـ ئوقۇتۇشـقا بېغىشلىغان. نىيشاپۇردا چوڭ بولغان. كېيىن باغـدادقا كـۆچكەن. مەكـكە، مەدىنـىـدە ئولتۇراقلـىشىپ مۇفتىلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن ۋە ئىككـى ھەرەم ئىمـامى دەپ ئاتالغـان. ئەشـئەرىيلەر مەزھىپـىنـى قوبـۇل قىلغـان. نىيـشاپۇرغا قايتقانـدا "المدرسـة النظاميـة" «ئەلمەدرەسـەتۇننىزامىيە» (نـىـزامىيە مەدرىسى)نـى بـىنـا قىلىـپ مۇدەررىـسلىككە تەيىـنلەنگەن. ئۇنـىڭ ئۇسـۇل توغرىـسىدا "العقيـدة النظاميـة في الأركـان الإسـلامية" «ئەلئەقىيـدەتۇننىزامىيە فىـل ئەركانـىـل ئىـسلامىيە» (ئىـسلام ئەركـانلىرى ھەققـىدە نىـزامىيە ئەقـىـدىلىرى) ۋە "البرهــان" «ئەلبۇرھـان» (دەلىـل) نـاملىق كـتـابلىرى، ئەشئەرىلەر مەزھىپى ھەققىدە يازغان "نهايـة المطلب في دراية المذهب" «نىھايەتۇل مەتلەب فى دىرايەتىـل مەزھەفى» ۋە "الـــشامل" «ئەشـشامىل» نـاملىق كـتـابلىرى، دىنـى پرىنسىپلار توغرىسىدا "الإرشاد" «ئەلئىرشـاد» نـاملىق كـتـابى، ئۇسـۇلى فىقھـى ھەققـىدە "الورقات" «ئەلۋەرەقات» ناملىق كىتابى بار.

الجـويني (عـلاء الـدين عطـا ملـك): (جۇۋەينى، ئەلائىۇددىن ئەتا مەلىك) (ھ 623 ـ 682 / م 1226 ـ 1283). پـارس تارىخچـىسى. 1259 ـ يىلـى ھىلاكـو ئـۇنى ئـىراق ۋە خوزىستانغا ۋالىي قىلغـان. ئۇنـىڭ موغـۇل ۋە خـارەزىم پادىـشاھلىرى توغرىـسىدا «تـارىخى جاھانگۇشاي» ناملىق كىتابى بار. ئۇ ئالىم ۋە ئەدىبلەرنـى قوللىغـان، دېھقـانچىلىق ۋە سۇ ئىنشائات ئىشلىرىغا ئەھمىيەت بەرگەن.

جيزان: (جىيزان) قىزىـل دېڭىـز بويىغا جايلاشـقان شـەھەر، ئـۇ سـەئۇدىي ئەرەبىـستاننىڭ غەربىـي جەنۇبىغـا تـوغرا كېلىدۇ.

الجيـزة: (جىيـزە). مىـسىردىكى بىـر شەھەر، جىيزە رايونىنىڭ مەركىزى. بـۇ جـاي نىـل دەرياسـىنىڭ غەربىـي سـاھىلىغا، قاھىرەنىڭ غەربىي جەنۇبىغا ـــ ئەھراملارغا يېقىن جايغا جايلاشقان.

الجيم: (جىيم). ئەبـۇ ئەمرىششەيبانى (ھ ؟ـ 205 / م ؟ـ 821). تىلزگەن لۇغەت بولـۇپ، سۆزلەرنىڭ باش ھەرپى بويىچە رەتلەنگەن.

ح

حاتم الطائي: (هاتەم تائىي) (م ?-605). جاھىلىيەت دەۋرىدە ئۆتكەن شائىر. ئۇ سېخىيلىقتا مەشھۇر بولۇپ، تەمسىلگە ئايلانغان. سېخىي كىشىلەرگە «ھاتەمدىنمۇ سېخىي ئىكەن» دېيىلىدىغان بولغان. ئۇنىڭ بىر شېئىر دىۋانى بار.

حاجي خليفة: (ھاجى خەلىيفە) (ھ 1017-1068 / م 1608-1657). تۈركلەردىن چىققان ئېنسىكلوپېدىك ئالىم، قۇستەنتىيىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ "كشف الظنون عن أسامي الكتب والفنون" «كەشفۇززۇنۇن ئەن ئۇسامىل كۇتۇبى ۋەلفۇنۇن» (ئەسەرلەر كاتولوگىدىكى شۇبھىلەرنى ئېچىپ تاشلاش) ناملىق چوڭ ھەجىملىك بىر ئەسىرى بار. بۇ ئەسەردە تەخمىنەن 15 مىڭچە ئەرەبچە كىتابنىڭ نامى خاتىرىلەنگەن.

الحارث بن أسد المحاسبي: (ھارىس ئىبنى ئەسەدىل مەھاسىبى) (ھ ?-243 / م ?-857). مەشھۇر تەرىقەتچى، كالامشۇناس، فەقىھ، مۇھەددىس. بەسرەدە ياشاپ، باغدادتا ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ زاھىدلىق ۋە مۇئتەزىلىلەرگە رەددىيە بېرىش توغرىسىدا يازغان بىرقانچە پارچە ئەسىرى بار. ئۇنىڭ يەنە "التفكر والاعتبار" «ئەتتەفەككۇر ۋەلئىئتىبار»، ئەدەپ-ئەخلاق توغرىسىدا "الرعاية" «ئەررىئايە» ۋە " و"شرح المعرفة" «شەرھۇل مەئرىفە» ناملىق كىتابلىرى بار.

الحارث بن حِلِّزة اليَشْكُري: (ھارىس ئىبنى ھىللىزەتىل يەشكۇرىي) (تەخمىنەن م ?-580). جاھىلىيەت دەۋرىدە ئۆتكەن شائىر. كەئبىگە ئېسىلغان قەسىدىلەر ئىچىدە بۇ كىشىنىڭمۇ قەسىدىسى بار ئىدى. بۇ كىشى ماختانچاقلىقتا تەمسىلگە ئايلانغان. ئۇنىڭ بىر شېئىر توپلىمى بار.

الحارث بن كلدة: (ھارىس ئىبنى كەلدە) (ھ ?-50 / م ?-670). ئەرەبلەرنىڭ مەشھۇر ھۆكۈماسى، تائىفتىكى سەقەفى قەبىلىسىدىن.

حاطب بن أبي بلتعة: (ھاتەب ئىبنى ئەبۇ بەلتەئ) (ھ ?-30 / م ?-650). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە بارلىق جەڭلەرگە قاتناشقان، مۇقەۋقىسكە رەسۇلۇللاھنىڭ مەكتۇبىنى يەتكۈزگەن ساھابە.

حافظ إبراهيم: (ھاپىز ئىبراھىم) (ھ 1289-1351 / م 1872-1932). مىسىرلىق شائىر. يىگىرمىنچى دەۋر شېئىرى گۈللىنىشىنىڭ بايراقدارى. ئۇ نىل شائىرى دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭ بىر شېئىرلار توپلىمى، "ليالي سطيح" «لەيالى سەتىھ» (سەتىھ كېچىلىرى) ناملىق نەسرىي ئەسىرى بار.

حافظ شيرازي: (ھافىز شىرازى) (ھ ?-791 / م ?-1389). مەشھۇر شائىر، پارس نەسلىدىن بولغان تەرىقەتچى. ئۇنىڭ "ديوان

حافظ" «دىۋانى ھافىز» ناملىق كىتابى بار.

الحاكم النيسابوري، محمد بن عبدالله بن محمد بن حمدويه بن نُعيم بن الحكم النيسابوري: (ھاكىمۇن نىسابۇرى، مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ھەمدۇيىھ ئىبنى نۇئەيم ئىبنىل ھىكەمىننىسابۇرى) (ھ 321-405 / م 933-1014). ھەدىسشۇناس، تارىخشۇناس. نىشاپۇرغا قازى بولغان، سامانىيلار دۆلىتىگە ئەلچى بولغان، ھەدىس ئىلمىدە نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان، "تاريخ نيسابور" «تارىخى نىيشاپۇر»، "المستدرك على الصحيحين" «ئەلمۇستەدرەك ئەلەسسەھىيھەيىن»، "الإكليل" «ئەلئىكلىل»، "المدخل" «ئەلمەدخەل»... قاتارلىق ئەسەرلىرى كەڭ تارقالغان.

الحاوي: (ھاۋى). ئەبۇ بەكرى رازىنىڭ تىبابەت توغرىسىدىكى كىتابى. 1509-يىلى بۇندۇقىيىدە بېسىلغان. ئۇ مەشھۇر تىبابەت قامۇسى ھېسابلىنىدۇ.

الحجاز: (ھىجاز). سەئۇدىي ئەرەبىستاندىكى بىر ئىقلىم بولۇپ، مەككە مۇكەررەمە، مەدىنە مۇنەۋۋەرە، تائىف، تەبۇك، يەنبۇ ۋە جىددەلەر مۇشۇ رايوننىڭ شەھەرلىرىدۇر.

الحجاج، ابن يوسف بن الحكم الثقفي (أبو محمد): (ھەججاج، ئىبنى يۇسۇف ئىبنىل ھىكەمىسسەقەفى) (ھ ?-5 / م ?-714). قانخور قوماندانلارنىڭ بىرى، تائىفتا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، كېيىن شامغا بېرىپ ياساۋۇل بولغان، كېيىن خەلىپە ئابدۇلمەلىك تەرىپىدىن قوشۇنغا قوماندان قىلىنىپ تەيىنلەنگەن، ھىجازغا قوشۇن تارتىپ بېرىپ، ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەيرنى ئۆلتۈرگەن، خەلىپە ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋان تەرىپىدىن مەككە، مەدىنە ۋە تائىفقا ۋالىي قىلىپ تەيىنلەنگەن. كېيىن توپىلاڭ بېسىقمىغان ئىراقنىمۇ ئۇنىڭ قولىغا تاپشۇرغان. ئۇ توققۇز ئادەم بىلەن تۆگىگە مىنىپ، ئىراققا بېرىپ توپىلاڭنى بېسىقتۇرۇپ، ئىراققا 20 يىل ئەمىر بولغان، كۇفە ۋە بەسرە ئارىلىقىدىكى ۋاسىت شەھرىنى بىنا قىلغان، تارىختا ھەججاج زالىم دەپ نام ئالغان. تۇنجى بولۇپ تەڭگە پۇل سوقتۇرغان، تەڭگىلەردە "لا إله إلا الله محمد رسول الله" دەپ يېزىلغان ئىدى. ۋاسىت شەھرىدە ۋاپات بولغان.

الحُدَيْبِيَةُ: (ھۇدەيبىيە). مەككە مۇكەررەمەگە يېقىن جايدىكى بىر ۋادا. بۇ جايدا ھىجرىيە 6 (م 621)-يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن قۇرەيشلەر ئوتتۇرىسىدا ئون يىللىق سۈلھى تۈزۈلگەن. بۇ سۈلھى شۇ جاينىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

الحَدِيد، ابن أبي الحَدِيد: (ھەدىد، ئىبنى ئەبىل ھەدىد) (ھ 586-655 / م 1190-1257). مۇئتەزىلىلەر ئېقىمىدىكى مۇتەپەككۇر. ئۇنىڭ "شرح نهج البلاغة" «شەرھۇ نەھجىل بالاغەت»، "الفلك الدائر على المثل السائر" «ئەلفەلەكۇددائىر ئەلەل مەسەلىسسائىر» (مەشھۇر ماقال-تەمسىللەر) ناملىق ئەسەرلىرى بار.

الحُدَيْدَةُ: (ھۇدەيدە). يەمەن جۇمھۇرىيىتىنىڭ قىزىل دېڭىز بويىغا جايلاشقان پورت شەھرى.

حَذَامِ: (ھەزام). جاھىلىيەتتە زەرقائۇل يەمامە دەپ لەقەبلەنگەن ئايال. ئۇ كۆزى ئۆتكۈرلۈكتە مەسەل قىلىناتتى.

حُذَيْفَةُ بن اليمان: (ھۇزەيفە ئىبنى يەمان) (ھ ؟-36 / م ؟-656). ساھابە، فەتھى ھەرىكىتىدە ئاجايىپ قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن. مەدائىندا ۋاپات بولغان.

حِراءٌ: (ھىرا). مەككىگە يېقىن بىر جايدىكى تاغ، بۇ جايدا بىر غار بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇشتىن بۇرۇن شۇ غاردا ئىبادەت قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تۇنجى قېتىملىق پەيغەمبەرلىك ۋەھيىسى مۇشۇ غاردا كەلگەن.

الحريري، القاسم بن علي: (ھەرىرى، قاسىم ئىبنى ئەلى) (ھ 446-516 / م 1054-1122). تىلشۇناس، ئەدىب. بۇ كىشىنىڭ بەدىئۇززامان ھەمەدانىينىڭ ماقاماتىغا تەقلىد قىلىپ يازغان «ماقاماتى ھەرىرى» دەپ ئاتالغان ھېكايە خاراكتېرىنى ئالغان ئەللىك ماقاملىق مەشھۇر بىر كىتابى بار.

حَرُوراء: (ھەرۇرا). كۇفىگە يېقىن بىر جاي، ھەزرىتى ئەلىگە قارشى چىققان بەزى خاۋارىجلار مۇشۇ يەرگە يىغىلغان بولۇپ، ئۇلار ھەرۇرا دەپ ئاتالغان.

حسام الدين العليا بادي: (ھىسامۇددىن ئەليا بادى). پەتىۋاغا ئائىت "كامل الفتاوى" «كاملۇلفەتىۋا»، "مطلع المعاني" «مەتلەئۇل مەئانى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان. بۇ زات ئۇسۇلشۇناس، فەقىھ، ھەدىسشۇناس ھەم تەپسىرشۇناستۇر. «مەتلەئۇل مەئانى» ناملىق تەپسىر كىتابىنى ھىجرىيە 628-يىلى يېزىشقا باشلىغانلىقى خاتىرىلەنگەن.

حسان بن ثابت: (ھەسسان ئىبنى سابىت) (ھ ؟-55 / م ؟-674). ساھابە، جاھىلىيەت ۋە ئىسلام دەۋرىدە ياشىغان شائىر. مەدىنىدە تۇغۇلۇپ، شۇ يەردە ۋاپات بولغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شائىرى دەپ تەخەللۇسلانغان، ئۇنىڭ بىر توپلىمى نەشر قىلىندۇرۇلغان.

الحسن البصري، أبو سعيد الحسن بن أبي الحسن يسار البصري: (ھەسەنىلبەسرى، ئەبۇ سەئىدىل ھەسەن ئىبنى ئەبىل ھەسەن يەسارىل بەسەرى) (ھ 21-110 / م 642-728). ئالىم، ساھابە زەيد ئىبنى سابىتنىڭ خىزمەتچىسى، تابىئىنلار زامانىدىكى ئىسلام ئۆممىتىنىڭ ئالىمى. ئۇ مەدىنىدە تۇغۇلۇپ، ھەزرىتى ئەلىنىڭ پەرۋىشىدە چوڭ بولغان. مۇئاۋىيە زامانىدا خۇراسان ۋالىيسىغا كاتىپ بولغان. كېيىن بەسرىگە يەرلەشكەن. ئۇ جۈرئەتلىك ئالىملاردىن بولۇپ، ھەقنى سۆزلەشتە ھېچكىمدىن قورقمىغان. ۋالىيلارنىڭ ئالدىغا بىرىپ، ئۇلارنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇپ نەسىھەت قىلغان. ئۇ پاساھەت ۋە دانالىقتا تونۇلغان زات ئىدى. مۇئتەزىلىلەرنىڭ ئاساسچىسى ۋاسىل ئىبنى ئەتا ئۇنىڭ شاگىرتى ئىدى. ئۇنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرى ۋە ۋەز-نەسىھەتلىرى كەڭ تارقالغان. "فضائل مكة" «فەزائىلۇ مەككە» (مەككىنىڭ پەزىلەتلىرى) دېگەن ئەسىرى بار.

الحسن بن علي بن أبي طالب: (ھەسەن ئىبنى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب) (ھ 3-50 / م 624-670). رەسۇلۇللاھنىڭ قىزى (فاتىمە زەھرا)نىڭ ئوغلى. ئۇ ئاتىسى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، خەلىپىلىككە سايلانغان بولسىمۇ، تىنچلىقنى نەزەردە تۇتۇپ خەلىپىلىكنى مۇئاۋىيەگە ئۆتۈنۈپ بەرگەن. ئۇ شىئە ئىمامىيە پىرقىسىدىكىلەرنىڭ ئىككىنچى ئىمامى.

حسن بن محمد بن حسن الصاغاني:

(ھەسەن ئىبنى مۇھەممەد ساغانى) (ھ 577 ـ ؟ / م 1182 ـ ؟). ساغان (مەرۋىدىكى بىر يۇرت) لىق بولۇپ، ئىلىمنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرىدە يېتىلگەن زات بولۇش بىلەن بىللە، تىلشۇناسلىقتا تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيىگە ئىگە ئىدى. بۇ زات ھەدىس ھەققىدە "مشارق الأنوار" «مەشارىقۇل ئەنۋار» (نۇرلار مەنبەسى)، "مصباح الدجى" «مىسباھۇددۇجا» (زۇلمەت چىرىغى)، "شرح صحيح البخاري" «شەرھى سەھىھۇل بۇخارى» (سەھىھۇلبۇخارى شەرھى) ناملىق كىتابلارنى يازغان. ئۇ لۇغەت ساھەسىدە "عباب" «ئۇباب» ۋە "شوارد" «شەۋارىد» (قىيىن سۆزلەر)، "مجمع البحرين" «مەجمەئۇل بەھرەيىن»، "تكملة الصحاح" «تەكمىلەتۇسسىھاھ» ناملىق مەشھۇر لۇغەتلەرنى تۈزگەن. بۇ زاتنىڭ ئەسەرلىرى لۇغەتچىلىك ساھەسىدە نوپۇزلۇق ئەسەرلەردۇر.

حسن بن منصور بن محمود فخر الدين قاضي خان: (ھەسەن ئىبنى مەنسۇر مەھمۇد فەخرۇددىن قازىخان) (ھ ؟ ـ 592 / م ؟ ـ 1196). پەرغانىلىق. دېڭىز كەبى كەڭ ۋە چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە ئالىم، ھەنەفىي مەزھىپىدىكى بۈيۈك فەقىھ، پېشۋا. "فتواي قاضي خان" «فەتىۋايى قازىخان» ناملىق تۆت جىلدلىق مەشھۇر پەتىۋا كىتابىنىڭ مۇئەللىپىدۇر. بۇ كىتاب ئۆلىمالارنىڭ نەزىرىدە نوپۇزلۇق ئەسەردۇر. ئۇنىڭ يەنە "واقعات" «ۋاقىئات»، "أمالي" «ئامالى»، "شرح الزيادات" «شەرھۇززىيادات»، "شرح الجامع الصغير" «شەرھى جامىئۇسسەغىر»، "شرح أدب القضاء " «شەرھى ئەدەبۇل قەزا» ناملىق ئەسەرلىرى بار. ئەللامە ئەھمەد ئىبنى كامال بۇ زاتنى فىقھى مەسىلىلىرىدە مۇجتەھىدلىك دەرىجىسىگە يەتكەن دەپ تەرىپلەيدۇ.

حسن چلفي بن محمد شاه بن شمس الدين: (ھەسەن چەلەفىي ئىبنى مۇھەممەد شاھ ئىبنى شەمسىددىن). ئىلىمنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرىدە يېتىشكەن ئەللامە بولۇپ، سۇلتان مۇھەممەد خان دەۋرىدە ئەزنىق مەدرىسىسىگە، ئاندىن كېيىن سەككىز مەدرىسىنىڭ بىرىگە مۇدەررىس بولغان. "حواشي التلويح" «ھەۋاشى تەلۋىھ» نى يېزىپ سۇلتان بايەزىدخانغا تەقدىم قىلغان. بۇنىڭدىن باشقا "حواشي شرح تلخيص المعاني" «ھەۋاشى شەرھى تەلخىسىل مەئانى»، " شرح المطول" «شەرھۇل مۇتەۋۋەل»، "شرح المواقف" «شەرھۇل مەۋاقىف» قاتارلىق كىتابلارغا ھاشىيە يازغان. شۇنداقلا "تفسير البيضاوي" «تەفسىرۇل بەيزاۋىي»غا ھاشىيە يازغان. ئۇنىڭ يازغان ئەسەرلىرى، چوڭقۇر تەتقىقات خاراكتېرىگە ئىگە.

الحَسَنِيُّونَ: (ھەسەنىيۇن) ئىمام ھەسەن ئىبنى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىبنىڭ نەسەبىگە تەۋە كىشىلەر.

الحسينُ بنُ عَلِيٍّ بن أبي طالب: (ھۇسەين ئىبنى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب) (ھ ؟ ـ 61 / م ؟ ـ 680). ئىمام ئەلىنىڭ فاتىمە زەھرادىن تۇغۇلغان ئىككىنچى ئوغلى. ئۇ يەزىد ئىبنى مۇئاۋىيىگە بەيئەت قىلىشتىن باش تارتقان، كۇفىلىقلار ھۇسەين ئىبنى ئەلىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ئۇنىڭغا بەيئەت قىلغان. ھۇسەين ئىبنى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىبنى يەزىدنىڭ قوشۇنى ئۆلتۈرۈپ بېشىنى دەمەشقتىكى يەزىدكە ئەۋەتكەن، جەسىتى كەربالادا دەپنە قىلىنغان.

الحسين بن علي: (ھۇسەين ئىبنى ئەلى) (ھ 1273 ـ 1350 / م 1856 ـ 1931). مىلادىيە

1906 ـ 1916 ـ يىللاردا مەككە ۋە ھىجازنىڭ خوجىسى بولۇۋالغان ۋە ئەرەبلەرنىڭ تۈركلەرگە قارشى قوزغىلىڭىغا باشلامچىلىق قىلغان. ئۆزىنى ھىجازنىڭ پادىشاھى دەپ ئېلان قىلغان. ئىبنى سەئۇد ھىجرىيە 1343 (م 1924) ـ يىلى ئۇنى ھىجازدىن ۋاز كېچىشكە قىستىغان.

الحَشّاشون: (ھەششاشىيۇن). شىئە ئىسمائىلىيە پىرقىسى. ئۇنى ھەسەن ئىبنى سەباھ (ھ ؟ ـ 518 / م ؟ ـ 1124) بەرپا قىلغان.

الحصكفي (علاء الدين محمد): (ھەسكەفىي، ئەلائۇددىن مۇھەممەد) (ھ ؟ ـ 1088 / م ؟ ـ 1677). دەمەشىقلىق ھەنەفى مەزھىپىدىكى فەقىھ. ئۇ نەسەفىينىڭ "المنار" «ئەلمەنار» ناملىق كىتابىغا "إفاضة الأنوار على أصول المنار" «ئىفازەتۇل ئەنۋار ئەلا ئۇسۇلىل مەنار» ناملىق شەرھىنى يازغان ۋە «تەنۋىر ئەبسار» ناملىق كىتابىنىڭ شەرھى "الدر المختار في شرح تنوير الأبصار" «ئەددۇررۇل مۇختار فى شەرھى تەنۋىرىل ئەبسار» (تاللانغان مەرۋايىت) ناملىق كىتابلارنى يازغان.

حَضْرَمَوْت: (ھەزرەمەۋت) ئەدەن قولتۇقى ۋە يەمەن خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ شەرقى، ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇممان دېڭىزى بويىغا جايلاشقان رايون بولۇپ، مەركىزى مىكەللا.

الحُطَيْئَةُ، جرول بن أوس: (ھۇتەيئە، جەرۋەل ئىبنى ئەۋس) (ھ ؟ ـ 59 / م ؟ ـ 678). جاھىلىيەت ۋە ئىسلام دەۋرىدە ياشىغان شائىر، ھەجۋىي شېئىرلىرى بىلەن شۆھرەت قازانغان. بىر شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلدۇرۇلغان.

حفص، حفص بن سليمان بن المغيرة أبو عمر الأسدي الكوفي: (ھەفس، ھەفس ئىبنى سۇلەيمان ئىبنى مۇغىرە، ئەبۇ ئۇمەرىل ئەسەدىل كۇفى) (ھ 90 ـ 180 / م 709 ـ 796). قىرائەت ئىلمىگە ئاساس سالغۇچىلاردىن بىرى، قىرائىتى جاھانغا مەشھۇر. ئۇ ئاتاقلىق قارى ئاسىمنىڭ ئايالىنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئۇنىڭ تەربىيىسىدە ئۆسكەن، ئۇنىڭدىن قىرائەت ئۆگەنگەن. ھازىرغا قەدەر پۈتۈن مەشرىقتىكى مۇسۇلمانلار ھەفسنىڭ ئاسىمدىن ئۆگەنگەن قىرائىتى بويىچە قۇرئان ئوقۇيدۇ.

حَفْصَةُ، بنت عمر بن الخطاب: (ھەفسە بىنتى ئۇمەر ئىبنى خەتتاب) (ھ ؟ ـ 45 /؟ ـ 665م). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىنىڭ بىرى. ئۇمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىزى. مەككىدە تۇغۇلۇپ، مەدىنىدە ۋاپات بولغان. ئىمام مۇسلىم ۋە ئىمام بۇخارى ئۇنىڭدىن ئاتمىش ھەدىس رىۋايەت قىلغان. قۇرئان كەرىمنىڭ ئوسمانىي نۇسخىسىنى توپلاشتا ئۇنىڭ يىزىپ توپلىغانلىرى ئاساس قىلىنغان.

الحَفْصِيُّون (أو بنو حفص) : (ھەفسىيۇن، بەنۇ ھەفسى). ھىجرىيە 627 ـ 982 (م 1229 ـ 1574) ـ يىللىرى تۇنىس، شەرقىي جەزائىر ۋە غەربىي تىرابلوسقا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن بەربەر ـ يىلەر سۇلالىسى. بۇ سۇلالە مۇۋەھھىدىينلار سۇلالىسىنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، تۇنىسنى پايتەخت قىلغان. ئۇلارنىڭ دەۋرىدە تۇنىس راسا گۈللەنگەنىدى.

حفني ناصف: (ھىفنى ناسىف) (ھ 1277 ـ 1338 / م 1860 ـ 1919). مىسىرلىق ئەدىب. ئۇنىڭ "تاريخ الأدب" «تارىخۇل ئەدەب» (ئەدەبىيات تارىخى) ناملىق كىتابى

ۋە "ديوان شعر" «دىۋانى شېئىر» ناملىق بىر شېئىرىي دىۋانى بار.

حقي (الشيخ إسماعيل): (ھەققى، شەيخ ئىسمائىل) (ھ 1063 ـ 1138 / م 1652 ـ 1725). ئوسمانىيلار دەۋرىدە ئۆتكەن ئالىم، شائىر، داڭلىق تەرىقەتچى. شەرقنى ئايلىنىپ، بورسادا تۇرۇپ قالغان ۋە جۇلۇتىيە تەرىقىتىنىڭ پېشۋاسى بولغان. ئۇنىڭ نۇرغۇنلىغان ئەسەرلىرى بار. قۇرئان كەرىم تەپسىرى "روح البيان" «روھۇل بايان»، جالالىدىن رۇمىنىڭ كىتابىنىڭ شەرھى "روح المثنوي" «روھۇل مەسنەۋى»، "فرح الروح" «فەرھۇرروھ» (روھ خۇشاللىقى) ۋە "سلسلة طريقة جلواتية" «سىلسىلەتۇ تەرىقەتى جۇلۋاتىيە» (جۇلۋاتىيە تەرىقىتى) ناملىق كىتابلار ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىندۇر.

الحلاّج، الحسين بن منصور: (ھەللاج، ھۇسەيىن ئىبنى مەنسۇر) (ھ 244 ـ 310 / م 858 ـ 924). مەشھۇر تەسەۋۋۇپچى. زىندىقلىق ۋە ھۇلۇل (بىر قىسىم ئەھلى تەسەۋۋۇپنىڭ قارىشى بولۇپ، بۇنىڭدا ئاللاھقا يېقىنلىشىپ ۋايىغا يەتكەن ئىنسان ئاللاھ بىلەن بىرلىشىپ بىر گەۋدە بولۇپ كېتىدۇ، دەپ قارايدىغان بىر خىل ئىدىيە) قارىشىدا بولدى دەپ قارىلىپ ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. ئۇنىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرى بولۇپ، پەقەت «تاۋاسىن» ناملىق بىر ئەسىرىلا كېيىنكىلەرگە يېتىپ كەلگەن.

حلف الفضول: (ھىلفۇل فۇزۇل). خەيرىيەت ئۇيۇشمىسى. بۇ ئۇيۇشما جاھىلىيەت دەۋرىدە قۇرەيش قەبىلىسىدىكى بىرقانچە جەمەت ئوتتۇرىسىدا قۇرۇلغان بولۇپ، مەزلۇم خەلقلەرگە ياردەم بېرىش ۋە ئۆز ئارا مېھىر ـ شەپقەت يەتكۈزۈشكە ئەھدۇپەيمان تۈزۈشكەن.

الخُلَفاء: (ھۇلەفا). ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىكى ئوق مەركىزى دۆلەتلىرى. بۇلار گېرمانىيە، ئىتالىيە ۋە ياپونىيىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئەنگلىيە، فرانسىيە، ئامېرىكا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرگە قارشى ئىتتىپاق تۈزگەن.

حَلِيمَةُ: (ھەلىمە). غەساسىنە پادىشاھى ھارىسىل ئەكبەرنىڭ قىزى. جاھىلىيەتتىكى مەشھۇر بىر كۈن «ھەلىمە كۈنى» دەپ شۇ ئايالنىڭ نامى بىلەن ئاتىلاتتى. بۇ مىلادىيە 554 ـ يىلىدىكى بىر ۋەقەگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇ ۋەقەدە غەساسىنىلەر خەيمىيىنلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان.

حَليمةُ السّعدية: (ھەلىمە سەئدىيە). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنىكئانىسى، بەنى سەئد ئىبنى بەكرى قەبىلىسىدىن ئىدى. ئۇنىڭغا دەۋەت يەتكۈزۈلگەندىن كېيىن، ئېرى بىلەن كېلىپ مۇسۇلمان بولغان.

الحَمَاسَةُ: (ھەماسە). قەھرىمانلىقتا دائىر ئەرەب شېئىرلىرىنىڭ ئەڭ مەشھۇرلىرى توپلانغان بىرقانچە كىتابنىڭ ئورتاق نامى. ئۇنىڭ ئەڭ مەشھۇرلىرى: ئەبۇ تەممامنىڭ ھەماسىيسى، بۇھتۇرىينىڭ ھەماسىيسى ۋە ئىبنى شەجەرىينىڭ ھەماسىيسىدۇر.

حَمَاةُ: (ھەمات). سۇرىيىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئاسي دەرياسى بويىغا جايلاشقان شەھەر. ھەمات رايونىنىڭ مەركىزى، بۇ شەھەر ئەبۇلپىدا شەھىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

الحَمْدانيُّ، علي بن عبد الله سيف الدولة: (ھەمدانى ئەلى ئىبنى ئابدۇللاھ

سەيفۇددەۋلە)، (ھ 303-357 / م 915-967) بىزانتىيە ئۇرۇشىدا ھەلەبتە ھەمدانىيلارغا ئەمىر بولغان. ئۇنىڭ دەۋرىدە ئىلىم-پەن تازا گۈللەنگەن. مۇتەنەببىي، ئەبۇ فىراس ئەل ھەمەدانىي ۋە پەيلاسوپ فارابىلار ئۇنىڭ ھوزۇرىدا يېتىلگەنىدى.

الحَمْدانيُّون: (ھەمدانىيىۇن). ئەلەۋىي ئەرەب سۇلالىسى. بۇ سۇلالىنى ھەمدان ئىبنى ھەمدۇن قۇرغان. ھىجرىيە 279 (م 892)-يىلى مارىدىنىنى ئۆزىگە مەركەز قىلغان. كېيىن ھەلەبنى پايتەخت قىلىۋالغان. ھىجرىيە 381-يىلى (مىلادىيە 991-يىلى) فاتىمىلار تەرىپىدىن ئاغدۇرۇۋېتىلگەن.

حمزة بن حبيب (أبو عمارة): (ھەمزە ئىبنى ھەبىب، ئەبۇ ئەممارە) (ھ ?-156 / م ?-773). مەشھۇر ئون قارىينىڭ بىرى. ئۇ كۇفىدىن ئىراقتىكى ھەلۋان دېگەن يەرگە ياغ يۆتكەيدىغانلىقى ئۈچۈن "الزيات" «ئەززەييات» (ياغچى) دەپ ئاتالغان. ھەلۋاندا ۋاپات بولغان.

الحَمْراء: (ھەمرا). ئەندەلۇسنىڭ غەرناتە دېگەن جايىدىكى بەنى ئەھمەر ئەمىرلىرىدىن بىرىنىڭ قەسرى. ئۇ مىلادىيە 13-ئەسىردە سېلىنغان. ئۇ ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ مۆجىزە خاراكتېرلىك ئاجايىباتلىرىدىن دەپ قارىلىدۇ.

حمزة بن عبد المطلب: (ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىب) (ھ ?-3 / م ?-625). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى، شۇنداقلا ئېمىلداش قېرىندىشى. بەدرى غازىتىدا شېھىت بولغان.

حمزة القرماني: (ھەمزە قەرەمانى) (ھ ?-871 / م ?-1466). دىنى ئىلىملاردا ئەتراپلىق مەلۇماتقا ئىگە زات بولۇپ، پۈتۈن ھاياتىنى ئوقۇ-ئوقۇتۇش ۋە پەتىۋا بېرىش بىلەن ئۆتكۈزگەن. ئۇنىڭ "تفسير البيضاوي" «تەفسىرۇل بەيزاۋى»غا يازغان بىر ھاشىيىسى بولۇپ، ئۆلىمالار ئىچىدە ئالقىشقا ئېرىشكەن.

حَمَّادٌ: الراوية، ابن أبي ليلى: (ھەممad، راۋى ئىبنى ئەبۇ لەيلا) (ھ ?-156 / م ?-772). مەشھۇر ھېكايە يازغۇچىسى. كۇفىدە تۇغۇلۇپ، باغدادتا ۋاپات بولغان. جاھىلىيەتتىكى مۇئەللىقات شېئىرلىرىنى توپلىغان.

حَمورابي: (خامۇرابى) (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1792-1750). بابىل ئىمپېراتورلۇقى پادىشاھلىرىنىڭ كاتتىسى. دۇنيادا ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە قانۇننى رەتكە سېلىش تۈزۈمىنى تۇنجى بولۇپ تۈزۈپ چىققان.

حميد الدين بن أفضل الدين: (ھەمىدۇددىن ئىبنى ئەفزەلۇددىن) (ھ ?-908 / م ?-1502). ئەقلىي ۋە نەقلىي بىلىملەرنى پۇختا ئىگىلىگەن پازىل ئۆلىما. بورسا شەھرىدە، كېيىن ئوسمانىيە خەلىپىلىكى دەۋرىدە قۇرۇلغان مەشھۇر سەككىز مەدرىسىنىڭ بىرىدە مۇدەررىس بولغان. سۇلتان مۇھەممەد خان ئۇنى قۇستەنتىيە شەھرىنىڭ قازىلىقىغا تەيىنلىگەن. ئۇنىڭ "طوالع" «تەۋالىئ» ناملىق كىتابقا يازغان ھاشىيىسى ۋە "هداية" «ھىدايە»گە يازغان ھاشىيىسى بار.

حِمْيَرُ: (ھىمىيەر). قەدىمكى ئەرەب قەبىلىسى. ئۇلار يەمەندە ئولتۇراقلاشقان. سەبەئ دۆلىتى مۇنقەرىز بولغاندىن كېيىن زور بىر دۆلەت قۇرۇپ چىققان. ھەبەشلەرنى يەمەندىن قوغلىۋەتكەن. سەيپ ئىبنى

زىيەزىن ئۇلارنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن پادىشاھىدۇر.

حَنْبَلٌ، الإمام أحمد بن حنبل: (ھەنبەل، ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل) (ھ 164 ـ 241 / م 780 ـ 855). فەقىھ، مۇھەددىس، كالامشۇناس. سۈننىي مەزھەپكە تەۋە تۆت چوڭ تارماقنىڭ بىرى بولغان ھەنبەلىيە مەزھىپىنىڭ ئاساسچىسى. ئۇ "المسند" «ئەلمۇسنەد» ناملىق ئوتتۇز مىڭدىن كۆپرەك ھەدىسنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر توپلام تۈزگەن. ئەقلىيچىلەرگە قارشى تۇرغان. «قۇرئان مەخلۇق» دېگەن مەسىلىدە مۇئتەزىلىلەرنىڭ پىكرىگە قارشى چىقىپ، دەسلەپتە خەلىپە مەئمۇن، كېيىن مۇئتەسىم دەۋرىدە باغدادتا زىندانغا تاشلىنىپ ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرگە دۇچار بولغان. كېيىنچە مۇتەۋەككىل ئۇنى قويۇپ بەرگەن.

الحنفية، محمد بن عليّ بن أبي طالب الهاشمي، القرشي (أبو القاسم): (مۇھەممەد ئىبنىلھەنەفىيە، مۇھەممەد ئىبنى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىبىل ھاشىمىل قۇرەشى، ئەبۇلقاسىم) (ھ 21 ـ 81 / م 642 ـ 700). ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپنىڭ ئايالى خەۋلە بىنتى جەئفەرىلھەنەفىيەدىن تۇغۇلغان ئوغلى. ھەزرىتى ھەسەن ۋە ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارنىڭ ئانا باشقا بىر تۇغقىنى. ئۇ: «ھەسەن بىلەن ھۈسەيىن مەندىن ئەۋزەلرەك، لېكىن مەن ئۇلاردىن بىلىملىكرەك» دەيتتى. ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە تونۇلغان قەھرىمانلارنىڭ بىرى بولۇپ، بىلىمى، تەقۋادارلىقى ۋە تىنچلىق سۆيەرلىكى بىلەن تونۇلغان. ئەلەۋىي خانلىقىنىڭ قوللىغۇچىلىرى ھەسەن ۋە ھۈسەيىنلەرنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن بۇ زاتنى خەلىپە دەپ بەيئەت قىلغان. بۇ زات مەدىنىدە ماكانلاشقان ۋە شۇ يەردە ۋاپات بولغان.

حنيفة، أبو حنيفة، نعمان بن ثابت: (ھەنىفە، ئەبۇ ھەنىفە، ئىمام ئەزەم. نوئمان ئىبنى سابىت ئىبنى زوتى) (ھ 80 ـ 150 / م 699 ـ 767). فەقىھ. ئىسلام دىنىدىكى تۆت مەزھەپنىڭ بىرى بولغان ھەنەفىي مەزھىپىنىڭ ئاساسچىسى. ئۇمەۋىيلەر خەلىپىسى ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋان دەۋرىدە كۇفىدە تۇغۇلغان. ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمىنى شۇ جايدا ئۆتكۈزگەن. باغدادتا ۋاپات بولغان. ئەبۇ ھەنىفە تابىئىنلاردىن بولۇپ، ئەنەس ئىبنى مالىك، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەۋف، سەھل ئىبنى سەئىد سائىدى، ئامىر ئىبنى ۋائىلە قاتارلىق ساھابىلەر بىلەن يۈز كۆرۈشكەن ۋە ئۇلاردىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان. ئىمام ئەزەم كاتتا فەقىھ، زور ئالىم ۋە ماھىر ناتىق بولۇپ، ھەرقانداق قىيىن فىقھى مەسىلىلىرىنى كۈچلۈك دەلىل پاكىتلار بىلەن بىر تەرەپ قىلاتتى. ئاۋۋال قۇرئان، ئاندىن رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسلىرى، ئاندىن ساھابىلەرنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرى، ئاندىن ئىجمائ، قىياسلارغا ئاساسلىناتتى. ئىمام ئەزەم فىقھى مەسىلىلىرى ھەققىدە نۇرغۇن ئەسەر يازغان بولسىمۇ، ئەپسۇسلىنارلىقى بىزنىڭ دەۋرىمىزگە يېتىپ كېلەلمىگەن. تارىخشۇناسلار ئۇنىڭ "ألعلم والتعليم" «ئەلئىلمۇ ۋەتتەئلىيم» (ئىلىم ۋە ئۆگىنىش)، "كتاب الرد على القدرية" «كىتابۇررەددى ئەلەلقەدەرىيە» (قەدىرىيەلەرگە رەددىيە)، "الفقه الأكبر" «ئەلفىقھۇل ئەكبەر» (چوڭ فىقھى) قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنداقلا مۇھەممەد ئىبنى مەھمۇد خارەزمى ئىمام ئەبۇ ھەنىفە رىۋايەت قىلغان بارلىق ھەدىسلەرنى "ألمسند" «ئەلمۇسنەد» نامىدا 800 بەتلىك بىر توپلام قىلىپ چىققان

بولۇپ، ھىجرىيە 1326 ـ يىلى مىسىردا نەشر قىلىنغان. ئىمام ئەبۇ يۈسۈف ۋە ئىمام مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن شەيبانى، زۇفەر ئىبنى ھۇزەيللەر ئىمام ئەزەمنىڭ ئەڭ مەشھۇر شاگىرتلىرىدۇر. ئىمام ئەبۇ يۈسۈفنىڭ "كتاب الاثار" «كىتابۇل ئاسار»، مۇھەممەد ئىبنى ھەسەننىڭ "ألاثار" «ئەلئاسار» ناملىق كىتابلىرىدا ئىمام ئەزەمنىڭ فىقھى پەتىۋالىرى ۋە خەۋەرلىرى خاتىرىلەنگەن.

حُنَيْنٌ: (ھۇنەين). مەككە بىلەن تائىف ئارىسىدىكى بىر ۋادا، بۇ يەردە مۇسۇلمانلار بىلەن مۇشرىكلار ئارىسىدا جەڭ بولغان. بۇ جەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلاشقان.

حنين، ابن إسحاق: (ھۇنەين، ئىبنى ئىسھاق) (ھ 193 ـ 260 / م 808 ـ 873). تېۋىپ، تارىخشۇناس، تەرجىمان. ھىيەرەدە تۇغۇلغان. ئابباسىيلار دەۋرىدە باغدادتىكى «بەيتۇل ھېكمەت» كۇتۇپخانىسىنىڭ مەسئۇلى بولغان. "الأغذية" «ئەلئەغزىيە» (ئوزۇقلىنىش)، "المدخل في الطب" «ئەلمەدخەل فىتتىب» (ئىلمى تېبابەتتىن دەسلەپكى ساۋات) قاتارلىقلار ئۇنىڭ مۇھىم ئەسەرلىرىدىندۇر.

حَوَّاءُ: (ھەۋۋا). ئىنسانلارنىڭ ئانىسى، ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى. قابىل ۋە ھابىلنى تۇغقان.

الحِيرةُ: (ھىيەرە). ئىراقنىڭ كۇفىگە يېقىن بىر شەھىرى. بۇ جاي لەخمىيىنلار پادىشاھلىقىنىڭ پايتەختى بولغان ۋە راسا گۈللەنگەن. بۇ شەھەر دۆلەتنىڭ سىياسىي، ھەربىي، ئىدېئولوگىيە ۋە بۈيۈك مەدەنىيەت مەركىزى ئىدى.

حياة الحيوان: (ھاياتۇل ھەيەۋان). مۇھەممەد دېمىيەرى يازغان ھايۋاناتلار توغرىسىدىكى كىتاب. ئەرەب ئەدەبىياتى تارىخىدا مۇشۇ ساھەدە يېزىلغان تۇنجى كىتاب. بۇ كىتاب ئەرەب ئەدەبىياتىغا دائىر كۆپلىگەن مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

حَيَّانٌ، أبو حيان التوحيدي، علي بن محمد: (ئەبۇ ھەييان تەۋھىدى، ئەلى ئىبنى مۇھەممەد) (ھ ? ـ 400 / م ? ـ 1010). ئەدىب، يازغۇچى، ئەھلى تەسەۋۋۇپ. مۇئتەزىلە ئېقىمىدىكى پەيلاسوپ. يېزىقچىلىقتا ئۆزگىچە ئۇسلۇبقا ئىگە ئىدى. "الإمتاع والمؤانسة" «ئەلئىمتىناﺋ ۋەلمۇئانەسە» (مەنپەئەت ۋە ئۈلپەت)، "المقابسات" «ئەلمۇقابىسات» (تەرمىلەر) ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىم ئەسەرلىرىدۇر.

خ

خارجة بن زيد: (خارىجە ئىبنى زەيد) (ھ ?ـ99 / م ?ـ717). تابىئىنلارنىڭ چوڭلىرىدىن بولۇپ، مەشھۇر يەتتە فەقىھنىڭ بىرى.

الخازِنُ، عبد الرحمن المنصور أبو الفتح: (خازىن، ئابدۇراھمان مەنسۇر ئەبۇلفەتھى) (ھ ?ـ550 / م ?ـ1155). فىزىكا، ئاسترونومىيە، گېئومېتىرىيە ئالىمى. سۇ ۋە ھاۋادىكى نەرسىلەرنىڭ ئېغىرلىقىنى ئۆلچەيدىغان تارازىنى كەشىپ قىلغان. "الزيج المعتبر السنجري" «ئەززەيجۇلمۇئتەبەرىسسەنجەرىي» (ئاسترونومىيىلىك كالېندار)، "ميزان الحكمة" «مىزانۇل ھېكمە» (ھېكمەت تارازىسى) ناملىق كىتابلارنى يازغان. ئۇ ناھايىتى زاھىد، ئەخلاقلىق كىشى ئىدى.

الخَازِنُ، علي بن محمد: (خازىن ئەلى ئىبنى مۇھەممەد) (ھ ?ـ741 / م ?ـ1341). شافىئىي مەزھىپىدىكى تەپسىرشۇناس، مۇھەددىس. باغدادتا تۇغۇلۇپ، ھەلەبتە ۋاپات بولغان. ئۇ خازىن نامى بىلەن مەشھۇر بولغان "لباب التأويل في معاني التنزيل" «لۇبابۇتتائۋىل فى مەئانىتتەنزىل» ناملىق تەپسىرنى يازغان.

خالد بن الوليد بن المغيرة المخزومي: (خالىد ئىبنى ۋەلىد ئىبنى مۇغىيرە مەخزۇمى) (ھ ?ـ21 / م ?ـ642). ئەڭ مەشھۇر ئىسلام قوماندانى. ئوھۇد ئۇرۇشىدا مۇسۇلمانلارغا قارشى جەڭ قىلغان. ھۇدەيبىيە سۇلھىسىدىن كېيىن مۇسۇلمان بولۇپ، مۇئتە ئۇرۇشىدا مۇجاھىدلار قاتارىدا ئۇرۇشقا چىققان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا «ئاللاھنىڭ قىلىچى» نامىنى بەرگەن. ئۇ مۇرتەدلەرگە ئۇرۇش ئاچقان، پارسلارنى بويسۇندۇرغان، ئاندىن سۈرىيەنى فەتھى قىلغان ۋە ھىرەلىكلەر بىلەن سۈلھى تۈزگەن، كېيىن شامغا يۈرۈش قىلىپ، يەرمۇك قاتارلىق نۇرغۇن جەڭلەردە رۇملار ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان. ئۇ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋرىدە ۋاپات بولۇپ، ھىمس شەھىرىدە دەپنە قىلىنغان.

خالد بن يزيد بن معاوية: (خالىد ئىبنى يەزىد ئىبنى مۇئاۋىيە) (ھ ?ـ85 / م ?ـ704). ئۇمەۋىيلار خەلىپىسى. ئىلىمگە بەك ھېرىسمەن بولغاچقا، ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىپ ئۈچ ئايدىن كېيىن خەلىپىلىكنى تاشلاپ مەرىپەت يولىغا كىرگەن. ئۇ تەرجىمە ئىشلىرىغا بەك ئەھمىيەت بەرگەن ۋە تېبابەت، خىمىيە ھەققىدە ئەسەر يازغان.

الخالدي، أحمد: (خالىدى، ئەھمەد) (ھ ?ـ1035 / م ?ـ1625). پەلەستىنلىك ئەدىب، تارىخشۇناس. سەفەد دېگەن جايدا تۇغۇلۇپ شۇ يەردە ۋاپات بولغان، ھايات ۋاقتىدا شۇ جاينىڭ قازىسى بولغان.

الخالدي، روحي بن محمد ياسين: (خالىدى، روھىي ئىبنى مۇھەممەد ياسىن) (ھ 1281ـ1332 / م 1864ـ1913). پەلەستىنلىك

ئەدىب، تەتقىقاتچى، سىياسىيون. قۇددۇس شەھرىدە تۇغۇلۇپ، شۇ يەردە ۋاپات بولغان. بوردودا ئوسمانىيلارنىڭ كونسۇلى بولغان، ئوسمانىيلار قانۇنى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ئېچىلغان يىغىندا قۇددۇسنىڭ ۋەكىللىكىگە سايلانغان. ئۇنىڭ "علم الأدب عند الافرنج والعرب" «ئىلمۇلئەدەب ئىندەلئىفرەنجى ۋەلئەرەب» (فەرەڭ ۋە ئەرەبلەردە ئىلمى ئەدەبىيات)، "رحلة إلى الأندلس" «رىھلەتۇ ئىلەل ئەندەلۇس» (ئەندەلۇسقا سەپەر)، "المقدمة في المسألة الشرقية" «ئەلمۇقەددىمەتۇ فى مەسئەلەتىششەرقىييە» (شەرق مەسىلىسىگە مۇقەددىمە)، "تاريخ الصهيونية" «تارىخۇسسەھيۇنىيە» (يەھۇدىي قىساسچىلىرىنىڭ تارىخى) ناملىق ئەسەرلىرى بار.

الخالديّان: الأخوان سعيد بن هاشم: (خالىدىيان، سەئىد ئىبنى هاشىم) (ھ ؟ـ 371 / م ؟ـ 981) ۋە مۇھەممەد ئىبنى هاشىم (ھ ؟ـ 380 / م ؟ـ 990). بۇ ئىككىسى قېرىنداش بولۇپ، ھەر ئىككىلىسى ئەدىب، شائىر ئىدى. بۇلار ئىراقتىكى مەۋسىل رايونىنىڭ خالىدىي كەنتىدىن. ئۇلار بىر مەزگىل سەيفۇددەۋلەنىڭ ھىمايىسىدە ياشىغان. ئۇلارنىڭ "حماسة الخالدين" «ھەماسەتۇل خالىدەين» دەپ مەشھۇر بولغان "الأشباه والنظائر" «ئەلئەشباھۇ ۋەننەزائىر»، "أخبار أبي تمام ومحاسن شعره" «ئەخبارۇ ئەبى تەممام ۋە مەھاسىنى شېئرىھى» (ئەبۇ تەممامنىڭ خەۋەرلىرى ۋە ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ بەدىئىي گۈزەللىكلىرى) ناملىق ئەسەرلىرى بار.

خُبَيْبٌ بن عدي: (خۇبەيب ئىبنى ئەدىي) (ھ ؟ـ 3 / م ؟ـ 625). ئەنسارىي ساھابە، خەزرەج قەبىلىسىدىن. بەدر غازىتىغا قاتناشقان، ئۇرۇشتا مەككە مۇشرىكلىرىدىن ھارىس ئىبنى ئامىر ئىبنى نەۋفەلنى ئۆلتۈرگەن.

الختمية: (خەتمىيە). شازىلىيە تەرىقىتىنىڭ بىر شاخچە ئېقىمى بولۇپ، سۇدانغا تارالغان.

خديجة، بنت خويلد بن أسد: (خەدىچە، خەدىچە بىنتى خۇۋەيلىد ئىبنى ئەسەد) (م 556ـ620). رەسۇلۇللاھنىڭ تۇنجى ئايالى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئون بەش ياش چوڭ ئىدى. مەككىدە تۇغۇلۇپ، شۇ يەردە ۋاپات بولغان. رەسۇلۇللاھ خەدىچىنىڭ سودا كارۋانلىرى قاتارىدا تىجارەتكە چىقىپ پايدا تېپىپ قايتقان، شۇ ۋاقىتتا رەسۇلۇللاھ يىگىرمە بەش ياشتا ئىدى. شۇ يىلى خەدىچىنى ئەمرىگە ئالغان. رەسۇلۇللاھنىڭ خەدىچىدىن قاسىم، ئابدۇللاھ، زەينەب، رۇقەييە، ئۇممۇ گۇلسۇم ۋە فاتىمەدىن ئىبارەت ئالتە پەرزەنتى بولغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى نازىل بولۇپ دەۋەت باشلىغاندا، خەدىچە ئەڭ تۇنجى بولۇپ ئىمان ئېيتقان.

خِدَيْوي: (خىدەيۋ). بۇ پارسچە سۆز بولۇپ، پادىشاھ، ۋەزىر دېگەنلىك بولىدۇ. بەزى مۇسۇلمان ھۆكۈمدارلار مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان. ئوسمانىيە خاندانلىقىنىڭ سۇلتانى سۇلتان ئابدۇلئەزىز تۇنجى بولۇپ بۇ نامنى مىسىر ۋالىيسى ئىسمائىل پاشاغا بەرگەن. كېيىن مۇھەممەد ئەلىي سۇلالىسىدىكى بارلىق ھۆكۈمدارلارغا ئىشلىتىلگەن.

الخراج: (خىراج). مەشھۇر ئىمام ئەبۇ يۇسۇف قازى ئەنسارى (ھ ؟ـ 182 / م ؟ـ 798) يازغان ئىقتىساد (خىراج) ھەققىدىكى كىتاب. ئاپتور ئۇنى خەلىپە ھارۇن رەشىدنىڭ

بۇيرۇقى بىلەن يېزىپ چىققان. بۇ كىتابتا ئىسلام فىقھىسىنىڭ ئىسلام دىيارىدا ياشاۋاتقان غەيرىي مۇسۇلمانلارغا بەلگىلىگەن تېگىشلىك جىزىيىلەر ھەققىدە توختالغان. سۇلەيمان قۇرەشى، قۇدامە ئىبنى جەئفەرلەرمۇ يەنە شۇ مەزمۇندىكى ئەسەرلەرنى يازغان.

خُراسان: (خۇراسان). ئاسىيادىكى قەدىمىي مەملىكەت. ھازىرقى شەرقىي شىمالىي ئىراندىكى نىشاپۇرنى، شىمالىي ئافغانىستاندىكى ھىرات ۋە بەلخنى، تۈركمەنىستاندىكى مەرۋىنى كۆرسىتىدۇ.

الخراساني، الشيخ محمد كاظم: (خۇراسانى، شەيخ مۇھەممەد كازىم) (ھ 1255 ـ 1330 / م 1839 ـ 1911). جەئفەرىيە مەزھىپىدىكى فەقىھ. خۇراساننىڭ مەشھەدتە تۇغۇلۇپ، نەجەف شەھرىدە ۋاپات بولغان. ئۆز دەۋرىكى شىئەلەرنىڭ پېشۋاسى ئىدى. ئۇنىڭ ئۇسۇلى فىقھى ھەققىدە يازغان "الكفاية" «ئەلكىفايە»، "القوائد الأصولية والفقهية" «ئەلقەۋائىدۇل ئۇسۇلىيەتى ۋەلفىقھىيە» (ئۇسۇلى فىقھى)، "تكملة التبصرة" «تەكمىلەتۇ تەبسىرە» (تەبسىرەگە تولۇقلىما) ناملىق كىتابلىرى بار.

الخراساني، ضحاك بن مزاحم الهلال (أبو القاسم): (خۇراسانى، زەھھاك ئىبنى مۇزاھىمىل ھىلال، ئەبۇلقاسىم) (ھ ?ـ 105 / م ?ـ 723). خۇراساندا ۋاپات بولغان. تابىئىنلاردىن، مەشھۇر مۇپەسسىر. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ مەدرىسىدە مۇدەررىسلىك قىلىۋاتقان مەزگىللەردە 3مىڭ ئوقۇغۇچىسى بولغان. تەپسىر ئەسەر ھەققىدە يازغان.

الخُراشيّ، الخرشي، محمد بن عبد الله: (خۇراشى، مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ) (ھ ?ـ 1101 / م ?ـ 1690). مالىكىي مەزھىپىدىكى فەقىھ. ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شەيخى ئىدى. ئۇنىڭ مالىكىي فىقھىسى ھەققىدە خەلىلنىڭ "متن" «مەتىن» (تېكىست) ناملىق كىتابىغا يازغان "الشرح الكبير على متن الخليل" «ئەششەرھۇل كەبىر ئەلا مەتنىل خەلىل» ناملىق چوڭ شەرھىسى بار.

الخُرْطومُ: (خۇرتۇم). سۇدان دۆلىتىنىڭ پايتەختى. بۇ جاي ئاق دېڭىز ۋە زەڭگەر دېڭىز ئوتتۇرىسىدىكى لىسانغا جايلاشقان. بۇ شەھەرنى مۇھەممەد ئەلى پاشانىڭ دەۋرىدە مىسىرلىقلار بىنا قىلغان. مەھدى (ھ 1237 ـ 1303 / م 1821 ـ 1885) ھۆكۈمرانلىقىنى مۇشۇ يەرلەرگىچە كېڭەيتكەن. ئۇ مۇنبەت زېمىن بولۇپ، سودا ـ سانائەت ۋە دېھقانچىلىق مەركىزى.

الخُرَّمِيَّة: (خۇررەمىيە). بابەكىل خۇررەمى باشچىلىقىدىكى بىر مەزھەپ. ئۇلار: «ئەبۇ مۇسلىم خۇراسانى ئۆلمىگەن، ئۇ قايتىپ كېلىپ يەرشارىدا ئادالەتنى ئومۇملاشتۇرىدۇ» دەپ قارايدۇ.

خزرج: (خەزرەج). مەدىنىدىكى ئىككى چوڭ قەبىلىنىڭ بىرى. يەنە بىرسى ئەۋس. بۇ ئىككى قەبىلە مۇھاجىرلارنى ھىمايىسىگە ئېلىپ، مەدەت بەرگەن. بۇ ئىككى قەبىلە ئەنسارىلار دەپ ئاتالغان.

الخَصيب: (خەسىيب). ھارۇن رەشىد دەۋرىدىكى مىسىرنىڭ ئەمىرى. ئەبۇ نۇۋاس ئۇنى ماختاپ قەسىدە يازغان.

الخَصيب، الهلال الخَصيب: (خەسىيب، ئەلھىلالىل خەسىيب). سۈرىيە، لىۋان، پەلەستىن، ئىئوردانىيە ۋە ئىراق زېمىنلىرىنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى.

الخضر: (خىزىر). مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ سەپەردىشى. قۇرئان كەرىمنىڭ سۈرە كەھفىدىكى مۇنۇ ئايەتتە ئۇنىڭ نامى تىلغا ئېلىنغان. «ئۇ ئىككىسى بىلىقنى ئۇنتۇغان چوڭ تاشنىڭ يېنىدا بىزنىڭ بەندىلىرىمىزدىن چوڭ مەرھەمىتىمىزگە ئېرىشكەن ۋە بىزنىڭ ئۆزىمىزگە خاس ئىلمىمىزنى (ئىلمى غەيبنى) بىلدۈرگەن بىر بەندىنى (خىزىر ئەلەيھىسسالامنى) ئۇچراتتى.» ‹قۇرئان كەرىم›

خضر بك بن جلال الدين: (خىزىر بېك ئىبنى جالالىدىن) (ھ ؟ـ 860 / م ؟ـ 1456). ئىلمىنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرىدە زامانىسىنىڭ يېگانىسى بولۇپ يېتىشكەن، نەزمىي ۋە نەسرىي ئەسەر يېزىشتا ئالاھىدە ئىستېداتقا ئىگە ئىدى. ئىلمىي مۇنازىرىلەردە مۇتلەق ئۈستۈنلۈك قازىنىپ، سۇلتان مۇھەممەدخاننىڭ ئالاھىدە ئىلتىپاتىغا ئېرىشكەن. قۇستەنتىنىيە فەتھى قىلىنغان چاغدا مۇھەممەدخان بۇ زاتنى شۇ جاينىڭ قازىلىقىغا تەيىنلىگەن. ئۇ "عقائد" «ئەقائىد» (ئاقائىد) ناملىق كىتابنى نەزمىلەشتۈرۈپ چىققان ۋە ئۇنىڭغا ئىلمى كالامغا دائىر ئومۇمىي مەزمۇنلارنى كىرگۈزگەن. ئۇ "تفسير كشاف" «تەفسىر كەششاف»نىڭ شەرھىسىگە ھاشىيە يازغان. يەنە ئارۇز ۋەزنى ھەققىدە نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان.

الخَطَّابِيُّ: عبد الكريم: (خەتتابىي، ئابدۇلكەرىم) (ھ 1300ـ1388 / م 1882ـ 1963). ماراكەشتىكى قەبىلىلەرنىڭ ئاقساقىلى. ئۇ ئىسپانلارغا قارشى شىددەتلىك جەڭ قىلىپ، 1924ـيىلى ئۇلارنى قوغلاپ چىقارغان.

الخَطَّابِيَةُ: (خەتتابىيە). ئەبۇ خەتتاب ئەسەدىگە نىسبەت بېرىلىدىغان شىئە رافىزى تائىپىسى. ئۇلار: بىر ئەقىدىدىكى كىشىلەرنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەپ قارشى تەرەپتىكىلەرگە يالغان گۇۋاھلىق بەرسە دۇرۇس، دەپ قارايدۇ.

الخطيب البغدادي، أحمد بن علي، أبو بكر: (خەتىب، ئەلخەتىب باغدادى، ئەھمەد ئىبنى ئەلى، ئەبۇ بەكرى) (ھ ؟ـ463 / م ؟ـ 1072). مۇھەددىس، تارىخشۇناس، ئۇسۇلشۇناس. شافىئىي مەزھىپىنىڭ ئەششەرىيە ئېقىمىغا تەۋە. باغدادتا ياشاپ، شۇ يەردە ۋاپات بولغان. ھەدىس توپلاش مەقسىتىدە يۇرت كەزگەن. ئۇ نۇرغۇن ئەسەر يازغان بولۇپ، "تاريخ بغداد" «تارىخۇ بەغداد» (باغداد تارىخى)، "الكفاية في معرفة علم الرواية" «ئەلكىفايە فى مەئرىفەتى ئىلمىررىۋايە» (ھەدىس رىۋايەت قىلىش ئىلمى توغرىسىدا) لار ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىم بىر قىسمىدۇر.

خفاجة، بنو خفاجة: (خەفاجە، بەنۇ خەفاجە). ئەرەب قەبىلىسى بولۇپ، ھەۋازىن ئۇرۇقىدىن ئىدى. ئۇلار مەدىنىدىن ئىراق چېگرىلىرىغىچە تارقاق ئولتۇراقلاشقان. ئۇلارنىڭ ئادەملىرى ھاجىلارنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشقا ئادەتلەنگەچكە، ئۇمەۋىيلار ئۇلارنى قىرىپ تاشلىغان.

الخَفَجِيُّ: (خەفەجى). كۇۋەيتنىڭ شىمالىدىكى ئىراق چېگرىسىغا جايلاشقان شەھەر.

خَلَفٌ الأحمر، أبو محرز بن حيان: (خەلەف خەلەفۇلئەھمەر، ئەبۇ مىھرەز ئىبنى ھەييان) (ھ ؟ـ 180 / م ؟ـ 796). بەسرەلىك شائىر، ئەدىب، ئوبزورچى. ئەسمەئىينىڭ ئۇستازى. ئۇ ناھايىتى زېرەك بولۇپ ئەرەبلەرنىڭ

ئىسلامدىن بۇرۇنقى ئەھۋاللىرىنى تولۇق بىلەتتى. نۇرغۇن ئىلىم ئەھلىلىرى "لامية العربية" «لامىيەتۇل ئەرەب» ناملىق قەسىدىنى مۇشۇ زات يازغان دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ بىر شېئىرلار توپلىمى ۋە "مقدمة في النحو" «مۇقەددىمەتۇ فىننەھۋى» (گرامماتىكىدىن دەسلەپكى ساۋات) ناملىق بىر كىتابى بار.

الخلفاء الراشدون: (خۇلەفائى راشىدىن) (توغرا يولدىكى خەلىپىلەر، يەنى چاھاريارلار- ئەبۇبەكرى، ئۇمەر، ئوسمان ۋە ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىبتىن ئىبارەت تۆت خەلىپە). ئۇلار جەننەت بىلەن بېشارەت بېرىلگەنلەردىن ئىدى. ئۇلارنىڭ خەلىپىلىك دەۋرى راشىدىنلار (توغرا يولدا ماڭغۇچىلار) زامانى دەپ ئاتىلىدۇ. بەزى تارىخشۇناسلار ئۇمەۋىيلار خەلىپىسى ئۇمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنى توغرا يولدىكى خەلىپىلەرنىڭ بەشىنچىسى دەپ قارايدۇ.

خِلِّكَان، ابن خِلِّكان، أحمد بن محمد البرمكي: (خىللىكان، ئىبنى خىللىكان، ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد بەرمەكى) (ھ 608-682 / م 1211-1282). تارىخشۇناس ۋە تەرجىمىھال يازغۇچىسى. ئىراقنىڭ ئىربىل دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ نەسەبى بەرمەكىيلەرگە تۇتىشىدۇ. سۇرىيە ۋە مىسىردا ياشىغان ۋە شۇ جايلارنىڭ قازىلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. ئۇنىڭ "وفيات الأعيان وأنباء أبناء الزمان" «ۋەفياتۇل ئەئيان ۋە ئەنبائۇ ئەبنائىززامان» ناملىق بىر ئەسىرى بار. بۇ ئەسەر ئەرەب تىلىدىكى ئەڭ مەشھۇر تارىخىي تەرجىمىھال قامۇسى ھېسابلىنىدۇ.

الخليل: (خەلىل). پەلەستىندىكى ئۇلۇغ ھەرەمى ئىبراھىم جايلاشقان شەھەر بولۇپ، قۇددۇسنىڭ غەربىي جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ. ئۆز ۋاقتىدا ئەھلىسەلىپلەر ۋە موغۇللار تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغان. ھازىر ئىسرائىلىيىنىڭ ئىشغالىيىتىدە.

الخليل، بن أحمد الفراهيدي الأزدي: (خەلىل، خەلىل ئىبنى ئەھمەد) (ھ 170؟-/ م 786؟-). مەشھۇر تىلشۇناس، ئومماندا تۇغۇلۇپ، بەسرەدە ۋاپات بولغان. ئەبۇ ئەلا ئىبنى ئەمىردىن ئىلىم ئۆگەنگەن. سىبۋەيھ، ئەسمەئىي ۋە نەزىر ئىبنى شۇمەيلىلەر ئۇنىڭ شاگىرتلىرىدۇر. داڭلىق گرامماتىكىشۇناس بولۇپ، «ئارۇز» ۋەزنىگە ئاساس سالغان. تۇنجى لۇغەت كىتابى "العين" «ئەلئەين» مۇشۇ زاتنىڭ ئەسىرىدۇر.

الخندق: (خەندەق) (ھ 5 / م 627). ئەبۇ سۇفيانىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئون مىڭ مۇشرىك ۋە يەھۇدىي مەدىنە مۇنەۋۋەرەنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالغان. ساھابە سەلمان پارسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مەدىنىنىڭ ئەتراپىغا خەندەك كولاپ، شۇ ئارقىلىق مۇھاسىرىدىن چىقىپ كېتىش تەكلىپىنى بەرگەن. ئۇلار مۇشۇ ئۇسۇل ئارقىلىق مۇھاسىرىدىن ئامان-ئېسەن چىقىپ كەتكەن، بۇ قېتىمقى ئۇرۇش تارىختا خەندەك ئۇرۇشى دەپ ئاتالغان.

الخوارج: (خاۋارىج). ھىجرىيە 37 (م 657)-يىلدىكى سىففىين ئۇرۇشىدىن كېيىن خەلىپە ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپقا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتقان پىرقە. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سىففىين ئۇرۇشىنى سۈلھى بىلەن ئاياغلاشتۇرۇشقا قوشۇلغانلىقتىن، بىر تۈركۈم كىشىلەر ئەلىگە قارشى چىققان. ئۇلار خەۋارىج دەپ ئاتالغان. ئۇلار كۇفىغا يېقىن ھەرۇرا دېگەن جايغا توپلانغان، باغدادقا يېقىن نەھراۋان دېگەن جايدا ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلار بىلەن قاتتىق جەڭ

قىلىپ ئۇلارنى تارمار قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ توپى پىتراپ كەتكەن. ئۇلارنىڭ بىرى بولغان ئابدۇراھمان ئىبنى مۇلجەم ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ئۇلارنىڭ مەشھۇر باشلامچىلىرى زەھھاك ئىبنى قەيس شەيبانى، قەتەرى ئىبنى فۇجائە؛ مەشھۇر شائىرلىرى ئىمران ئىبنى ھىتتان، تەرىماھ ئىبنى ھەكىملەردۇر. ئۇلار نۇرغۇن پىرقىلەرگە پارچىلىنىپ كەتكەن بولۇپ، ئاساسلىقى ئىبازىيە، ئەزارىقە پىرقىلىرىدۇر. ئۇلارنىڭ دەۋىتى ئافرىقىدىكى بەربەرلەر ئارىسىدا كەڭرى تارالغان. ئۇلاردىن رۇستەمى ئىبازىيە سۇلالىسى ئۆز ۋاقتىدا ماراكەشتە ھۆكۈمرانلىق قىلغان.

خوارزم: (خەۋارەزىم). ئۆزبېكىستاندىكى بىر رايون. بۇ جاي ئوتتۇرا ئەسىرلەردە مەشھۇر بولغان. ئاھالىسى مىلادىيە سەككىزىنچى ئەسىردە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان.

الخُوَارَزْمي، محمد بن أحمد الكاتب: (خەۋارەزمىي، مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد كاتىب) (ھ ؟ـ 387 / م ؟ـ 997). ئۇ تۈرلۈك ئىلىم ۋە ئىلمىي تەتقىقاتلار بىلەن شۇغۇللانغان، تۇنجى ئەرەبچە ئېنسىكلوپېدىيە "مفاتيح العلوم" «مەفاتىھۇل ئۇلۇم» (ئىلىملەرنىڭ ئاچقۇچى) ناملىق قامۇسنى تۈزگەن.

الخُوَارَزْمي، محمد بن موسى: (خەۋارەزمىي، مۇھەممەد ئىبنى مۇسا) (ھ ؟ـ 235 / م ؟ـ 849). ماتېماتىك، ئاسترونوم. باغدادتا ياشىغان. خەلىپە مەئمۇننىڭ ئاسترونوملىرىدىن ئىدى. ئۇنىڭ "الجبر والمقابلة" «ئەلجەبرۇ ۋەلمۇقابەلە» ناملىق ئەسىرى بار.

الخَوَرْنَقُ: (خەۋەرنەق). نوئمان خوجىسى ساسانىي ئۈچۈن بىنا قىلدۇرغان قەسىر بولۇپ، ئۇنى رۇملۇق بىناكار سىنىممار لايىھىلىگەن. بۇ قەسىر كاتتا ھەم ھەشەمەتلىك بولۇپ، جايلاشقان ئورنىمۇ بەك مەنزىرىلىك ئىدى. شائىرلار ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى كۆيلىشەتتى.

الخوري، بشارة: (خۇرىي، بىشارە) (ھ 1302 ـ 1388 / م 1885 ـ 1967). لىۋانلىق مەشھۇر شائىر. ئۇ «كىچىك ئەختەل»، «ئىشق مۇھەببەت شائىرى» دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭ نەشر قىلىنغان بىر شېئىرلار توپلىمى بار.

خُوري، رئيف: (خۇرىي، رەئىف) (ھ 1332 ـ 1387 / م 1913 ـ 1967). لىۋانلىق ئەدىب، ئوبزورچى، مۇتەپەككۇر.

خُوري، رشيد سليم: (خۇرىي، رەشىد سەلىم) (ھ 1305 ـ 1404 / م 1887 ـ 1984). لىۋاندا تۇغۇلۇپ برازىلىيىگە كۆچۈپ بارغان. قەرۋى شائىرى دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان. ئۇنىڭ بىرقانچە شېئىر توپلاملىرى بار.

الخُوري، فارس: (خۇرىي، پارس) (ھ 1294 ـ 1382 / م 1877 ـ 1962). سۈرىيىلىك سىياسىيون، مۇتەپەككۇر. ئۇ بىرقانچە قېتىم سۈرىيە ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى بولغان. دەمەشقتىكى ئەرەب تىل جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى. ئۇنىڭ "الموجز في علم المالية" «ئەلمۇجىز فى ئىلمىل مالىيە» (ئىقتىسادشۇناسلىق ھەققىدە قىسقىچە بايان)، "وقائع الحرب الروسية اليابانية" «ۋەقائىئۇل ھەربىررۇسىيەتىل يابانىيە» (روسىيە ۋە

ياپونيه ئۇرۇش ۋەقەلىكلىرى) ناملىق كىتابلىرى بار. ئۇ لۇۋاننىڭ كەفىير دېگەن يېرىدە تۇغۇلۇپ، دەمەشقتە ۋاپات بولغان.

خولة، بنت الأزور: (خەۋلە، بىنتىل ئەزۇر) (ھ ?ـ35 / م ?ـ655). كىندە قەبىلىلىك پارس شائىرە. ئۇ قېرىندىشى زەررار ئىبنى ئەزۇر بىلەن شام فەتھىسىگە قاتناشقان. دۈشمەنلەرنىڭ قولىغا ئەسىرگە چۈشۈپ قېلىپ، كېيىن ئازاد قىلىنغان. ئۇ پەخىرلىنىش مەزمۇنىدىكى شېئىرلىرى بىلەن شۆھرەت قازانغان.

الخولي، أمين: (خەۋلىي، ئەمىن) (ھ 1313ـ1386 / م 1895ـ1966). مىسىرلىق ئوبزورچى، ئەدىب، بالاغەتشۇناس ۋە گرامماتىكشۇناس. "الأمناء" «ئەلئۇمەنا» ئېقىمىنىڭ ئاساس سالغۇچىسى. بۇ ئېقىم سەنئەت ۋە تۇرمۇش (تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە سەنئەت تۇسى بېرىش) شوئارىنى كۆتۈرۈپ چىققان.

خَيْبَر: (خەيبەر). مەدىنىنىڭ شەرقىدىكى ھىجازغا جايلاشقان بىر ۋاھە. بۇرۇن بۇ يەرنىڭ كۆپىنچە ئاھالىسى يەھۇدىي بولۇپ، ھىجرىيە 7ـيىلى (مىلادىيە 628ـيىلى) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ يەرنى فەتھى قىلغاندا، ئۇلارغا جىزيە بەلگىلىگەن. ئۇلار ھىيلە-مىكىر ئىشلەتكەنلىكتىن، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارنى پالىۋەتكەن.

الخيزران: (خەيزۇران) (ھ ?ـ173 / م ?ـ798). يۇقىرى مەلۇماتلىق قىز بولۇپ، ئابباسىي خەلىپىسى مەھدىگە ياتلىق بولغان ۋە ئۇنىڭغا ھادىي، رەشىد ئىسىملىك ئىككى ئوغۇل تۇغۇپ بەرگەن. ئېرى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ ئوغلى ھادىينىڭ دەۋرىدە دۆلەتنىڭ ئاساسلىق ئىشلىرىنى ئۆزى باشقۇرغان. ئوغلى رەشىدنىڭ دەۋرىدە باغدادتا ۋاپات بولغان.

الخيّام أبو الفتح، عمر: (خەييام ئەبۇلفەتھى، ئۆمەر) (ھ ?ـ527 / م ?ـ132). ئىرانلىق پەيلاسوپ. شائىر، ماتېماتىك ۋەئاسترونوم. ئۇنىڭ ھاياتلىق ۋە كائىنات ھەققىدە ھېكمەتلىك رۇبائىيلىرى بار. ئۇنىڭ نامى غەرب دۇنياسىغا ناھايىتى تونۇشلۇق. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى بىرقانچە تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان. بۇنىڭ ئىچىدە "الصافي النجفي" «ئەسسافىننەجەفى» (سافىي نەجەفىي)، "البستاني" «ئەلبوستانى» (بوستانىي)، "أحمد رامي" «ئەھمەد رامىي» نىڭ ئەرەبچە تەرجىمىلىرى مەشھۇر.

د

دائِرَةُ المعَارِف: (دائىرەتۇلمائارىف). بۇتروس بوستانىي يازغان، سەلىم بوستانىي بەزى جايلىرىغا تولۇقلىما بەرگەن ۋە ئاتا-ئانىسى نەسىب، نەجىبلەر سۇلەيمان بوستانى بىلەن بىرلىكتە نەشر قىلدۇرغان ئېنسىكلوپېدىك ئەسەر.

دائِرَةُ المعَارِفِ الإِسْلاَمِيَّة: (دائىرەتۇلمائارىفىل ئىسلامىيە). بىر قىسىم شەرقشۇناسلار تۈزۈپ چىققان ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى. ئۇنى ھىجرىيە 1332-1357 (م 1913-1938)-يىللاردا لىيدۇندىكى بىرىل نەشرىياتى نەشر قىلغان. ئۇنىڭ ئىنگلىزچە، فرانسۇزچە، گېرمانچە نۇسخالىرى بار. ئۇنىڭ بىر قىسمى ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىنغان.

دائرة معارف القرن العشرين: (دائىرەتۇ مائارىفىل قەرنىل ئىشرىين) 20-ئەسىر ئېنسىكلوپېدىيىسى. مۇھەممەد فەرىد ۋەجدى تۈزگەن يىگىرمە توملۇق كىتاب. ئۇ ھىجرىيە 1355 (م 1936)-يىلى مىسىردا نەشر قىلىنغان.

الدّارُ البَيْضَاءُ: (دارۇلبەيزا). ماراكەشتىكى چوڭ پورت شەھىرى ۋە مۇھىم سودا مەركىزى. بۇ جاي ماراكەشنىڭ ئىقتىسادىي مەركىزى بولۇپ، ئاتلانتىك ئوكيان ساھىلىغا جايلاشقان.

دارُ السّلام: (دارۇسسالام). تانزانىيىنىڭ پايتەختى ۋە شۇ جايدىكى ئەڭ چوڭ پورت. ئۇ ھىندى ئوكيان ساھىلىغا جايلاشقان.

دارُ العِلْم: (دارۇلئىلم). 1. ئىسلام ئەللىرىدە تەسىس قىلىنغان بىرقانچە كۇتۇپخانىنىڭ ئورتاق ئاتىلىشى.

2. باغدادتىكى بۇۋەيھىلار سۇلالىسى تەسىس قىلغان دارۇلئىلم كۇتۇپخانىسى.

3. قاھىرەدىكى فاتىمىيە خەلىپىسى ھاكىم بىئەمرىللا تەسىس قىلغان فاتىمىيە دارۇلئىلم كۇتۇپخانىسى.

دار قطني، علي بن عمر بن أحمد البغدادي الشافعي (أبو الحسن): (دار قۇتنى، ئەلى ئىبنى ئۇمەر ئىبنى ئەھمەدىل بەغدادىششافىئىي، ئەبۇلھەسەن) (ھ 306-385 / م 919-995). مەشھۇر ھەدىسشۇناس، باغدادتا تۇغۇلغان ۋە شۇ يەردە ۋاپات بولغان. "السنن" «ئەسسۇنەن»، "العلل الواردة في الأحاديث النبوية" «ئەلئىلەلۇل ۋارىدە فى ئەھادىسى نەبەۋىيە»، "المجتبى" «ئەلمۇجتەبا»، "المختلف والمعتلف" «ئەلمۇختەلەف ۋەلئۇئتەلەف» ۋە "الضعفاء" «ئەززۇئەفا» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان.

دار الكتب الظاهِرِيَّة: (دارۇلكۇتۇبۇز زاھىرىيە). دەمەشقتىكى زاھىرىيە

كۇتۇبخانىسى. ئۇ ئالجىرىيىلىك شەيخ زاھىرىلجەزائىرىيغا نىسبەت بېرىلىپ، شۇنداق ئاتالغان.

دارُ الكُتُبُ المِصْرِيَّة: (دارۇلكۇتۇبۇل مىسرىيە). مىسىر كۇتۇبخانىسى. مىلادىيە 1870 ـ يىلى قۇرۇلغان.

دارُ النَّدْوَةِ: (دارۇننەدۋە). جاھىلىيەت دەۋرىدە بەيتۇللاھ «دارۇننەدۋە» (مەجلىسخانا) دېيىلەتتى. چۈنكى قۇرەيشلەر ئۆز ئىشلىرىنى مۇزاكىرە قىلىش ئۈچۈن شۇ يەرگە يىغىلاتتى. بۇ يىغىلىشقا قىرىق ياشقا توشمىغانلار قاتنىشالمايتتى.

الدارِمِيّ، ابو محمد عبد الله تميمي: (دارىمى، ئەبۇ مۇھەممەد ئابدۇللاھ تەمىمى) (ھ ?ـ 255 / م ?ـ 869). ئىشەنچلىك مۇھەددىس. ئۇ "السنن الدارمي" «ئەسسۇنەنى دارىمى» دەپ تونۇلغان مەشھۇر ھەدىس توپلىمىنى تۈزۈپ چىققان.

داكّا: (داككا). بېنگال دۆلىتىنىڭ پايتەختى، ئەڭ مۇھىم سودا مەركىزى.

الدّانِي، أبو عمرو عثمان بن سعيد بن عثمان: (دانى، ئەبۇ ئەمرى ئوسمان ئىبنى سەئىد ئىبنى ئوسمان) (ھ 372 ـ 445 / م 982 ـ 1053). مالىكىي مەزھىپىدىكى فەقىھ، قۇرتۇبەدە تۇغۇلۇپ، دانىيەدە ۋاپات بولغان. قىرائەت ۋە ھەدىس ساھەسىدە يېتىشكەن كاتتا ئالىم. ئۇنىڭ يازغان ئەسەرلىرى يۈزدىن ئاشىدۇ. "التيسير في القراءات السبع" «ئەتتەيسىر فىل قىرائاتىسسەبئى» (يەتتە قىرائەت توغرىسىدا» ناملىق كىتابى مەشھۇردۇر.

داوُد: (داۋۇد). (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى ?ـ 970) داۋۇد ئەلەيھىسسالام بەنى ئىسرائىل قەۋمىغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەن. ئاللاھ ئۇنىڭغا تۆت ساماۋى كىتابنىڭ بىرى بولغان زەبۇرنى نازىل قىلغان. زەبۇر قەسىدىلەردىن ئىبارەت بولۇپ، ئاللاھنى ئۇلۇغلاشنى ۋە ئاللاھغا بولغان ھەمدۇ سانالارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. داۋۇد ئەلەيھىسسالام خۇش ئاۋازلىق كىشى بولۇپ، ئۆزىنىڭ يېقىملىق ئاۋازى بىلەن زەبۇرنى تىلاۋەت قىلىپ، كىشىلەرنىڭ دىلىنى ئېرىتىۋېتەتتى. ھەتتا قۇشلارمۇ ۋە تاغلارمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە تەسبىھ ئېيتىپ ئەكس سادا قايتۇراتتى. ئاللاھ داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا تۆمۈر تاۋلاشنى بىلدۈرگەن بولۇپ، داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىدا تۆمۈر يۇمشاپ خېمىردەك بولۇپ كېتەتتى. داۋۇد ئەلەيھىسسالام ئۇرۇش ئۈچۈن تۆمۈر كىيىملەرنى ياسايتتى. ئىبنى جەرىرنىڭ رىۋايىتىگە قارىغاندا، داۋۇد ئەلەيھىسسالام 100 يىل ئۆمۈر كۆرگەن.

داود بن الإصفهاني: (داۋۇد ئىبنى ئىسفاھانى): (ھ 201 ـ 270 / م 816 ـ 883). مۇستەقىل پىكىرگە ئىگە مۇجتەھىد. كىچىكىدىلا ئىلىم تەھسىل قىلىشقا كىرىشكەن. فىقھى ھەققىدە ناھايىتى نۇرغۇن كىتاب يازغان بولۇپ، ئون سەككىز مىڭ سەھىپىگە يېتەتتى. بۇ زات دەرس سۆزلىگەن سورۇندا تۆت يۈزچە شاگىرت بولاتتى.

داوود بن عمر الأنطاكي: (داۋۇد ئىبنى ئۇمەر ئەنتاكىي) (ھ ?ـ 1008 / م ?ـ 1599). ئالىم، ھۆكۈما تېۋىپ، ئەدىب. ئەنتاكىيىدە تۇغۇلۇپ، مەككىدە ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ ئەڭ مەشھۇر كىتابلىرىدىن تېبابەتكە دائىر يازغان "تذكرة أولي الألباب والجامع للعجب العجاب" «تەزكىرەتۇ ئۇلىل ئەلباب ۋەلجامىئۇ لىلئەجبىل ئۇجاب» (ئەقىل ئىگىلىرىگە ئەسلەتمە ۋە ئاجايىباتلار) (قىسقارتىلىپ

"تذكرة داود" «داۋۇد تەزكىرىسى» دېيىلىدۇ) ناملىق ئەسىرى بار.

دُبَـــيّ: (دۇبەي). 1. ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى ئەمىرلىكلىرىدىن بىرى. 2. دۇبەي ئەمىرلىكىنىڭ پايتەختى.

دِجْلَــــةُ: (دىجلە). تۈركىيىدىن باشلىنىدىغان بىر دەريا. ئۇ ئىراقتىكى مەۋسىل ۋە باغدادتىن ئۆتۈپ، ئەرەب قىرغىقىدىكى فۇرات دەرياسىغا قوشۇلىدۇ.

دحية الكلبي: (دىھيەتۇل كەلبى) (ھ ؟ـ45 / م ؟ـ665). ساھابىلەردىن بولۇپ، رەسۇلۇللاھنىڭ قەيسەرگە ئەۋەتكەن ئەلچىسى.

دُرْمَـــان، أم درمـــان: (دۇرمان ئۇممۇ دورمان). سۇداندىكى مۇھىم سودا شەھىرى. پايتەخت خارتۇمغا چېگرىلىنىدۇ.

دريد بن الصمة: (دۇرەيد ئىبنى سۇممە) (م ؟ـ630). جاھىلىيەت شائىرى. ھەۋازىن قەبىلىسىدىن بولغان چەۋەنداز، مۇسۇلمانلارغا قارشى جەڭ قىلىپ ھۇنەين غازىتىدا ئۆلتۈرۈلگەن.

دسوقي، إبراهيم الدسوقي: (دۇسۇقىي، ئىبراھىم دۇسۇقىي) (ھ 633ـ637 / م 1235ـ1277). ئەھلى تەرىقەت بولۇپ، كارامەتلەر ۋە ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلار ئۇنىڭغا نىسبەت بېرىلىدۇ. ئۇ مىسىردىكى دۇسۇقىي شەھىرىدىن.

دعبل، بن علي: (دىئبەل، ئىبنى ئەلى) (ھ 148ـ246 / م 765ـ860). كۇفىلىق ساتىرىك شائىر. مۇسلىم ئىبنى ۋەلىدكە قارشى چىقىپ، رەشىد بىلەن مۇناسىۋەت باغلىغان. ئابباسىيلارنى ھەجۋىي قىلىپ شېئىر يازغان. ئۇنىڭ شائىرلار ھەققىدە يېزىلغان "كتاب الشعراء" «كىتابۇششۇئەرا» ناملىق كىتابى بار.

دَهْلـــي، دَهلـــي: (دەلھي «دېھلى»). ھىندىستاننىڭ شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان قەدىمىي شەھەر. ئۇ كونا دېھلى ۋە يېڭى دېھلى دەپ ئىككىگە بۆلۈنگەن. 1947 ـ يىلى ھىندىستان مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن يېڭى دېھلى ھىندىستان دۆلىتىنىڭ پايتەختى بولغان.

دِمَـــــشْقُ: (دەمەشىق). سۈرىيىنىڭ پايتەختى. شام سەھراسى ئەتراپىدىكى بەردا دەرياسى بويىغا جايلاشقان. ئۇمەۋىيىلەر سۇلالىسىنىڭ پايتەختى بولغان، ئۇمەۋىي جامەسى ۋە سالاھىددىن ئەييۇبىي مازىرى ئۇ يەردىكى ئەڭ مۇھىم يادىكارلىقلاردۇر.

الـــدَّمَّام: (دەممام). سەئۇدىي ئەرەبىستاندىكى پورت شەھىرى. ئەرەب قولتۇقى بويىدا. ئۇ ئەھسا رايونىنىڭ مەركىزى بولۇپ، نېفىت ئېچىلغاندىن كېيىن زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان.

دِمْياط: (دىميات). مىسىردىكى ساھىل شەھىرى، ئەھلىسەلىپ ئۇرۇشلىرى دەۋرىدە ئۇنىڭ نامى چىققان.

الدّميري (محمد بن موسى): (ددىمىيەرى، مۇھەممەد ئىبنى مۇسا) (ھ 742ـ808 / م 1341ـ1405). مىسىرلىق ئالىم. ئۇنىڭ "حياة الحيوان" «ھەياتۇل ھەيۋان» (جانلىقلار ھاياتى) ناملىق ئەسىرى مەشھۇر. بۇ كىتاب ئەرەب ئەدەبىياتى تارىخىدا مۇشۇ مەزمۇندا يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ تۇنجىسى ھېسابلىنىدۇ.

دِنْشُواي: (دىنشۋاي). مىسىر مەنۇفىيە ئۆلكىسىدىكى بىر شەھەر. ئەنگلىيە مۇستەملىكىسى دەۋرىدە مەشھۇر دىنشۋاي ۋەقەسى يۈز بېرىپ، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ بېشىغا چىققان.

دُنْقُلَةُ: (دۇنقۇلە). نىل دەرياسى بويىغا جايلاشقان، شىمالىي سۇدان تەۋەلىكىدىكى بىر شەھەر. خورما مەھسۇلاتى ۋە مۇنبەت زېمىنى بىلەن مەشھۇر.

الـدَّهْنَاءُ: (دەھنا). سەئۇدىي ئەرەبىستاننىڭ شەرقىي قىسمىدىكى بىر سەھرا. ئۇ يەر شىمالىي چوڭ قۇرۇقلۇقتىن جەنۇبىي قۇرۇقلۇققا سوزۇلۇپ، ھىلال ئاي شەكلىنى ھاسىل قىلىدۇ.

دُوزِي، رينـهارت: (دوزى، رىنھارت) (ھ 1236ـ1302 / م 1820ـ1884). گوللاندىيىلىك شەرقشۇناس. ئەسلى فرانسۇز مىللىتىدىن. ئەرەب تىلىغا پىششىقلىقى بىلەن مەشھۇر بولغان. مۇھىم ئەسەرلىرىدىن "تكملة المعاجم العربية" «تەكمىلەتۇل مەئاجىمىل ئەرەبىيە» (ئەرەبچە لۇغەتلەرگە تولۇقلىما) ۋە "معجم الملابس العربية" مۇئجەمۇل مەلابىسىل ئەرەبىيە» (ئەرەبچە كىيىم-كېچەكلەر لۇغىتى) قاتارلىقلار بار.

دومة الجندل: (دەۋمەتۇل جەندەل). سەئۇدىيىدىكى بىر بوستانلىق. سىففىين ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى ۋە ئەمرى ئىبنى ئاس ھەزرىتى ئەلى بىلەن مۇئاۋىيىنىڭ تالاش-تارتىشى ئوتتۇرىسىدا كېسىم چىقارغۇچى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۇچراشقان يەر.

الـدَّوَّانِيّ (جـلال الـدين): (دەۋانى، جالالۇددىن) (ھ 830ـ908 / م 1427ـ1502). ئىرانلىق ئالىم. شىرازدا ئولتۇراقلاشقان. پارس رايونىنىڭ قازىلىقىنى ئۆتىگەن. ئەرەب ۋە پارس تىللىرىدا ئەسەر يازغان. ئۇنىڭ پەلسەپە، ئەدەبىيات ۋە تەسەۋۋۇپ توغرىسىدا يېزىلغان شەرھ كىتابلىرى بار. "حاشية على شرح القوشجي" «ھاشىيەتۇ ئەلا شەرھىل قۇشجى»، "أفعال العباد" «ئەفئالۇل ئىباد»، "حاشية على تحرير القواعد المنطقية" «ھاشىيەتۇ ئەلا تەھرىرىل قەۋائىد»، "شرح العقائد العضدية" «شەرھۇل ئەقائىدىل ئۇزدىيە»، "شرح تهذيب المنطق" «شەرھى تەھزىبىل مەنتىق» ۋە "شرح هياكل النور " «شەرھى ھەياكىلىننۇر» قاتارلىقلار شۇ ئەسەرلەرنىڭ بىر قىسمىدۇر.

دي بور: (دي بور) (ھ ?ـ1361 / م ?ـ1942). گوللاندىيىلىك شەرقشۇناس، ئەرەب ئەدەبىياتىنى ئۆگەنگەن. ئىسلام پەلسەپىسىدە مۇتەخەسسىس بولغان.

دي ساسي، انطوان: (دى ساسىي، ئەنتۋان) (ھ 1172ـ1254 / م 1758ـ1838). فرانسۇز شەرقشۇناسلىرىنىڭ پېشىۋاسى.

الدَّيْر البحري: (دەير بەھرى). مىلادىيە 7ـئەسىردە خرىستىئانلار غەربىي تەيبەدە قۇرغان موناستىر.

دير الـزُّور: (دەيرۇززور). سۇرىيىنىڭ فۇرات دەرياسى بويىغا جايلاشقان بىر شەھىرى، دەيرۇززور رايونىنىڭ مەركىزى.

دير سانت كاترين: (دەير سانت كاترىن). مىسىرنىڭ سىنا رايونىدىكى بىر جاينىڭ ئىسمى. بۇ جاي ئاللاھتائالا مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن سۆزلەشكەن ئورۇنغا توغرا كېلىدۇ.

دير ياسين: (دەير ياسىن). پەلەستىن شەھەرلىرىدىن بىرى. يەھۇدىيلار ئۇ يەردە ھىجرىيە 1368 - يىلى (مىلادىيە 1948 - يىلى) زور قىرغىنچىلىق ئېلىپ بارغان.

ديك الجن، عبد السلام بن رغبان: (دىكولجىن، ئابدۇسالام ئىبنى رەغبان) (ھ 161 - 235 / م 777 - 849). شائىر. ئىشق - مۇھەببەت ھەققىدىكى شېئىرلارنى يازاتتى. ئىمام ھۈسەينگە يازغان مەرسىيىسى بىلەن مەشھۇر بولغان، (سۇرىيە) ھىمەستە تۇغۇلغان ۋە شۇ يەردە ۋاپات بولغان.

دَيلَم، الدّيلَم: (دەيلەم). 1. ئەجەملەرنىڭ بىر قەبىلىسى بولۇپ، ئەزەربەيجان ئەتراپىدا ياشايتتى، ئۇلار باتۇرلۇقى ۋە ئاداۋەتخورلۇقى بىلەن مەشھۇر بولغان. 2. قەزۋىنىنىڭ شىمالىدىكى جىلان شەھىرىگە جايلاشقان تاغلىق جاي. بۇ جاينىڭ بەزى ئاھالىلىرى مۇسۇلمان.

دينار، ابن أبي دينار محمد الرعيني القيرواني: (دىنار، ئىبنى ئەبۇ دىنار مۇھەممەد رەئىنى قەيرىۋانى) (ھ ؟ - 1110 / م ؟ - 1698). تۇنىسلىق تارىخشۇناس. ئۇنىڭ ئافرىقا ۋە تۇنىس تارىخىغا دائىر "المؤنس في أخبار افريقيا وتونس" «ئەلمۇنىس فى ئەخبارى ئافرىقا ۋە تۇنىس» ناملىق كىتابى بار.

الدّيَنَورِيُّ، أبو حنيفة أحمد بن داود: (دەيەنەۋەرى، ئەبۇ ھەنىفە ئەھمەد ئىبنى داۋۇد) (ھ ؟ - 282 / م ؟ - 895). تىلشۇناس، فەقىھ، تارىخشۇناس. ئۇنىڭ دەيەنەۋەرىيدە رەسەتخانىسى بار ئىدى. ئۇ تارىخ ھەققىدە "الأخبار الطوال" «ئەلئەخبارۇتتىۋال» (ئۇزۇن خەۋەرلەر) ۋە "كتاب النبات" «كىتابۇننەبات» (ئۆسۈملۈكلەر ھەققىدە) ناملىق كىتابلارنى يازغان.

ذ

ذُبْيَانٌ: (زۇبيان). ئەرەب ئايمقى. ئەدنانلارنىڭ غەتفان قەبىلىسىدىن.

الذَّهبي (شمس الدين محمد) : (زەهەبى، شەمسىددىن مۇهەممەد) (ھ 673 ـ 749 / م 1274 ـ 1348). دەمەشقلىق تارىخچى ۋە مۇهەددىس. ئۇنىڭ "دولة الإسلام" «دەۋلەتۇل ئىسلام» (ئىسلام دۆلىتى)، "المشتبه في الأسماء والأنساب والكنى والألقاب" «ئەلمۇشتەبىھ فىل ئەسمائى ۋەلئەنساب ۋەلكۇنيى ۋەلئەلقاب» (كىشى ئىسىملىرى، نەسەبلىرى، تەخەللۇسلىرى ۋە لەقەبلىرىدىكى ئوخشاشلىقلار)، "تاريخ الإسلام الكبير" «تارىخۇل ئىسلامىل كەبىر» (ئىسلام تارىخى)، "تذكرة الحفاظ" «تەزكىرەتۇل هۇففاز» (ھەدىسشۇناسلار تەرجىمىھالى) ۋە "ميزان الاعتدال في نقد الرجال" «مىزانۇل ئىئتىدال فى نەقدىررىجال»غا ئوخشاش نۇرغۇن ئەسەرلىرى بار.

ذو الرُّمَّةِ، غيلان بن عقبة العدوي: (زۇررۇممە، غىلان ئىبنى ئەقەبە ئەلئەدەۋىي) (ھ 77 ـ 117 / م 696 ـ 755). ئۇمەۋىيلەر دەۋرىدىكى تالانتلىق شائىر. يەمامىدە تۇغۇلۇپ، ئىسفاھاندا ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا لىرىكىلىق تەسۋىر ۋە سەھرا كۆرۈنۈشلىرى كۆپ ئۇچرايتتى.

ذو الكِفْلِ: (زۇلكىفىل). قۇرئان كەرىمدە زىكرى قىلىنغان پەيغەمبەر. ﴿وَإِسْمَاعِيْلَ وَإِدْرِيْسَ وَذَا الْكِفْلِ كُلٌّ مِنَ الصَّابِرِيْنَ﴾ «ئىسمائىل، ئىدرىس ۋە زۇلكىفىللەرنىڭ قىسسىنى بايان قىلغىن، (ئۇلارنىڭ) ھەممىسى سەۋرلىك ئىدى.» ‹قۇرئان كەرىم›

ذو نُواس: (زۇ نۇۋاس) (م ? ـ 524). ھىميەر تەبابىئە پادىشاھلىرىدىن، يەھۇدىي دىنىنى قوبۇل قىلغان. مىلادىيە 523 ـ يىلى نەجراننى ئىشغال قىلغاندا خرىستىئانلارغا زىيانكەشلىك قىلىپ، ئۇزۇن ئازگال كولاپ، ئازگالنى ئوت بىلەن توشقۇزۇپ، ئۇلارنى ئوتقا تاشلاپ كۆيدۈرۈۋەتكەن.

ذو النُّون: (زۇننۇن). يۇنۇس ئەلەيھىسسالام. قۇرئان كەرىمدە زىكىر قىلىنغان پەيغەمبەر. نۇن كىت دېگەن بولىدۇ. ئۇنى كىت يۇتقانلىقتىن شۇنداق ئاتالغان.

ذو النُّون المصري، أبو الفيض ثوبان: (زۇننۇن مىسرى، ئەبۇلفەيز سەۋبان) (ھ ? ـ 245 / م ? ـ 859). مىسىرلىق چوڭ تەرىقەتچى. نەۋبەدە تۇغۇلۇپ، جىزەدە ۋاپات بولغان. خىمىيىگە قىزىقاتتى. ئۇنىڭ "كتاب الركن الأكبر" «كىتابۇررۇكنىل ئەكبەر»، "كتاب الثقة في الصنعة" «كىتابۇسسىقە فى سەنئە» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

ر

رؤبة بن العجاج التميمي: (رۇئبە ئىبنى ئۇجاج تەمىيمى) (ھ 66ـ145 / م 685ـ762). رەجەز ۋەزنىدە شېئىر يازىدىغانلارنىڭ ئەڭ مەشھۇرى. ئۇ دادىسى ئۇجاج بىلەن بەسرەگە كۆچۈپ، بەسرە، شام ۋە خۇراسانلارنى ئايلانغان. ئۇنىڭ شېئىرىي دىۋانى بار.

رَأسُ الخَيْمَة: (رەئسۇل خەيمە). ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى دۆلىتىدىكى بىر ئەمىرلىك. ئۇنىڭ پايتەختى رەئسۇلخەيمە شەھىرى. ئۇ ئەمىرلىكلەر ئىچىدە ھورمۇز بوغۇزىغا ئەڭ يېقىن، ئەرەب قولتۇقى ساھىلىغا قىرىق مىل كېلىدۇ.

الرابطَةُ القَلَمِيَّةُ: (رابىتەتۇل قەلەمىيە). يازغۇچىلار جەمئىيىتى. بۇ ئامېرىكىغا كۆچۈپ بارغان ئەرەب كۆچمەن ئەدىبلەر جەمئىيىتى بولۇپ، 1920ـ يىلى نيۇـ يوركتا قۇرۇلغان. 1931ـ يىلى تارقاپ كەتكەن. ئىليا ئەبۇ مازى، جىبران خېلىل، مىخائىل نەئىمەلەر ئۇنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ئەزالىرى ئىدى.

رَابِعَةُ العَدَوِيَّةُ: (رابىئە ئەدەۋىيە) (ھ ?ـ135 / م ?ـ752). مەشھۇر شائىرە، زاھىدە، مۇتەسەۋۋىپە، تەسەۋۋۇپقا ئىلاھىي ئىشق ئىدىيىسىنى ئېلىپ كىرگەن، ئىلاھىي ئىشق قۇربانى دەپ ئاتالغان. بەسرەدە تۇغۇلۇپ، شۇ يەردە ۋاپات بولغان. بەزى رىۋايەتلەرگە قارىغاندا قۇددۇسنىڭ سىرتىدا ۋاپات بولغان.

رابِغُ: (رابىغ). مەككە ۋە مەدىنە ئوتتۇرىسىدىكى قىزىل دېڭىز ساھىلىغا يېقىن بىر ۋادا، مىقاتلار (ھەجگە ئېھرام باغلىنىدىغان ئورۇن)نىڭ بىرى.

الرَّازِيُّ، أبو بكر محمد بن زكريا: (رازى، ئەبۇ بەكرى مۇھەممەد ئىبنى زەكەرىييا) (ھ 250ـ320 / م 864ـ932). تېۋىپ، خىمىك، ئىسلام پەيلاسوپى، ئەرەب جالىنوسى دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭ مېدىتسىنا ساھەسىدە "الحاوي" «ئەلھاۋىي»، پەلسەپە ساھەسىدە "رسائل الرازي الفلسفية" «رەسائىلۇررازىل فەلسەفىيە» (رازى پەلسەپە ماقالىلىرى) قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

الراعي النُّميري، أبو جندل: (رائىي نۇمەيرى، ئەبۇ جەندەل) (ھ ?ـ90 / م ?ـ709). ئۇمەۋىي شائىرى، جەرىر ۋە فەرەزدەق بىلەن زامانداش بولۇپ، تۆگىنى تەسۋىرلەش، يايلاق ھاياتىنى تەسۋىرلەش، مالچىلار ۋە كۆيچىلەرنىڭ ھاياتىنى تەسۋىرلەش جەھەتتە يۇقىرى پەللىگە يەتكەن.

الراغب الإصفهاني (الحسين بن محمد): (راغىبىل ئەسفەھانى، ھۆسەين ئىبنى مۇھەممەد) (ھ ?ـ502 / م ?ـ1108). دانىشمەن، ئالىم، مەشھۇر تەپسىرشۇناس، تىلشۇناس. باغدادتا ئولتۇراقلاشقان. ئۇنىڭ "المفردات في غريب القرآن" «ئەلمۇفرەدات فى غەرىبىل قۇرئان» (قۇرئاندىكى قىيىن سۆزلەر

لۇغىتى)، "الذريعة إلى مكارم الشريعة" «ئەززەرىيە ئىلا مەكارىمششەرىيئە»، "جامع التفاسير" «جامىئۇتتەفاسىر» ۋە "محاضرات الأدباء" «مۇھازەراتۇل ئۇدەبا» (ئەدىبلەرنىڭ نۇتۇقلىرى) ناملىق ئەسەرلىرى بار.

الرافضة: (رافىزە). شىئەلەرنىڭ بىر گۇرۇھى. ئۇلار ساھابىلەرگە تىل تەگكۈزۈشنى جايىز دەپ قارايدۇ. زەيد ئىبنى ئەلى ئۇلارنى ساھابىلەرگە تىل تەگكۈزۈشتىن چەكلىگەندە، ئۇلار زەيد ئىبنى ئەلىدىن ۋاز كەچكەنلىكى ئۈچۈن رافىزىلار (تەرك ئەتكۈچىلەر) دەپ ئاتالغان.

الرافعي (مصطفى صادق): (رافىئى، مۇستافا سادىق) (ھ 1297 ـ 1355 / م 1880 ـ 1937). مىسىرلىق ئەدىب. ئۇنىڭ تاھا ھۈسەيىننىڭ «جاھىلىيەت شېئىرلىرى توغرىسىدا» ناملىق كىتابىغا رەددىيە بېرىپ يازغان "تحت راية القرآن" «تەھتە رايەتىل قۇرئان» (قۇرئان بايرىقى ئاستىدا) ناملىق ئەسىرى ۋە "إعجاز القرآن" «ئىئجازۇل قۇرئان» (قۇرئان مۆجىزىسى)، "تاريخ آداب العرب" «تارىخۇ ئادابىل ئەرەب» (ئەرەب ئەدەبىيات تارىخى) ناملىق كىتابلىرى بار.

رامَ الله: (رامئاللاھ). پەلەستىندىكى ساياھەت شەھىرى، قۇددۇس رايونىغا تەۋە.

رَاوَنْدِيَّةٌ، الراوندية: (راۋەندىيە). ئابباسىيلار دەۋرىدىكى شىئەلەرنىڭ بىر پىرقىسى. ئۇلار سەككىزىنچى ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا خۇراساندا مەيدانغا كېلىپ، ئۇزاق پۈت تىرەپ تۇرالمىغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىماملىقنى ئەلىدىن مۇھەممەد ئىبنى ھەنەفىيگە، ئاندىن ئۇنىڭ ئوغلىغا، ئاندىن ۋەسىيەت بىلەن ئابباسىيلارغا ئۆلايدىغانلارمۇ بار. يەنە ئۇلارنىڭ ئىچىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، قانداقتۇر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ تاغىسى ئابباسقا ئۆلايدىغانلار بار. ئۇلار: «ئادەم ئۆلگەندە روھى كۆچىدۇ»، دەپ قارايدۇ.

الرِّباط: (رىبات). ماراكەشنىڭ پايتەختى، ماراكەشنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئاتلانتىك ئوكيان ساھىلىغا جايلاشقان شەھەر. 12 ـ ئەسىردە مۇۋەھھىدلەر سۇلتانى ئابدۇلمۇئمىن بۇ شەھەرنى ھەربىي قەلئە قىلغان.

ربيعة خاتون (الصاحبة): (رەبىيئە خاتۇن، ساھىبە) (ھ ؟ ـ 643 / م ؟ ـ 1245). سالاھۇددىن ئەييۇبىينىڭ ھەمشىرىسى. خاتۇنىيە مەدرىسىسىنى قۇرغان. بۇ مەدرىسە ھازىرمۇ ئاۋاتلىشىپ تۇرماقتا.

الرُّسْتمِيُّون أو الدولة الرُّسْتمِيَّةُ: (رۇستەمىيۇن، دەۋلەتۇررۇستەمىييە) (ھ 160 ـ 94 / م 776 ـ 906). تاھىرتتا بەرپا قىلىنغان رۇستەمىيلەر دۆلىتى. بۇ دۆلەتنىڭ قۇرغۇچىسى قازى ئابدۇرراھمان ئىبنى رۇستەم. بۇ دۆلەت ئىبازىيە دۆلىتى دەپمۇ ئاتىلىدىغان بولۇپ، ئۆز ۋاقتىدا ئالجىرىيىنىڭ كۆپ قىسمىنى، تۇنىسنىڭ جەنۇبىي يېرىمىنى، لىۋىيىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

رسالة الغفران: (رىسالەتۇلغۇفران). ئەبۇلئەلائىل مەررىينىڭ نەسرىي ئەسىرى. ئاپتورنىڭ بۇ ئەسىرى دوستى ئىبنى قارىھنىڭ ئەۋەتكەن خېتىگە جاۋابەن يېزىلغان بولۇپ، ئەرەب نەسرچىلىكىنىڭ ئەڭ يۈكسەك نامايەندىسى ھېسابلىنىدۇ. ئاپتور بۇ رىسالىدە دوستى ئىبنى قارىھ بىلەن ساياھەت

قىلغانلىقى، جەننەت ۋە دوزاخنى زىيارەت قىلىپ، ئۇ يەردە شائىرلار، ئوبزورچىلار، راۋىيلار ۋە گراماتىكلار بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلار بىلەن ئەدەبىي سۆھبەتتە بولغانلىقىنى خىيالىي ئۇسلۇبدا بايان قىلغان.

رَشيد: (رەشىد). مىسىرنىڭ ئوتتۇرا دېڭىز بويىغا جايلاشقان بىر شەھىرى، نىل دەرياسىنىڭ غەرب تەرىپىدە. تەسۋىرىي يېزىقلارنى يېشىشتە ئاچقۇچلۇق رول ئوينىغان "حجر رشيد" «ھەجەرۇ رەشىد» (رەشىد تېشى) مۇشۇ شەھەرگە نىسبەت بېرىلىدۇ.

رشيد أيوب: (رەشىد ئەييۇب) (ھ 1287 ـ 1359 / م 1871 ـ 1941). شائىر. لىۋاندا تۇغۇلۇپ، ئامېرىكىدا ۋاپات بولغان. ياش ۋاقتىلىرىدا فرانسىيە، ئامېرىكىلاردا كۆچمەن بولۇپ ياشىغان. ئۇ "الرابطة القلمية" «رابىتەتۇل قەلەمىيە» (قەلەمكەشلەر ئۇيۇشمىسى)نىڭ قۇرغۇچىلىرىدىن بىرى. ئۇنىڭ ئۈچ شېئىرىي دىۋانى بار.

الرشيد، مولاي الرشيد بن الشريف بن علي: (رەشىد، رەشىد ئىبنى شەرىف ئىبنى ئەلىي) (ھ 1040 ـ 1083 / م 1630 ـ 1672). ماراكەش سۇلتانى. ھازىرقى ئەلەۋىيە سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىسى.

الرشيد، عبد العزيز بن أحمد: (رەشىد، ئابدۇلئەزىز ئىبنى ئەھمەد) (ھ ؟ ـ 1357 /؟ ـ 1938م). كۇۋەيتلىك ئەدىب، ژۇرنالىست ۋە تارىخشۇناس. ئۇنىڭ "تاريخ الكويت" «تارىخۇل كۇۋەيت» (كۇۋەيت تارىخى) ناملىق ئەسىرى بار. ئۇ "الكويت" «ئەلكۇۋەيت» نامىدا ئايلىق ژۇرنال چىقارغان.

رَشيق، ابن رشيق، أحمد أبو العباس: (رەشىق، ئىبنى رەشىق، ئەھمەد ئەبۇل ئەببىاس) (ھ ؟ ـ 442 / م ؟ ـ 1050). ئەدىب. ئەندەلۇسقا ۋەزىر بولغان، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن. ئۇنىڭ مەشھۇر رىسالىلىرى بار.

رشيق، ابن رشيق القيرواني، أبو علي الحسن: (رەشىق، ئىبنى رەشىق ئەلقەيرىۋانى، ئەبۇ ئەلى ھەسەن) (ھ 383 ـ 457 / م 995 ـ 1064). ئەدىب، شائىر، تارىخشۇناس ۋە ئوبزورچى. ئالجىرىيىنىڭ مۇھەممەدىيە دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان. قەيرىۋاندا ياشىغان. ئۇنىڭ "العمدة في صناعة الشعر ونقده" «ئەلئۇمدە فى سەنائەتىششېئرى ۋە نەقدىھى» (شېئىرىيەت ۋە ئوبزورچىلىق ئاساسى)، "قراضة المذهب" «قۇرازەتۇلمەزھەب»، "تاريخ القيروان" «تارىخۇل قەيرىۋان» (قەيرىۋان تارىخى) قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

الرُّصافَة: (رۇسافە). 1. شام سەھراسىدىكى قەدىمىي شەھەر. 2. باغدادنىڭ شەرق تەرىپى، يەنى كەرخ ۋە رۇسافە.

الرُّصافِيُّ، معروف: (رۇسافىي، مەئرۇف) (ھ 1294 ـ 1356 / م 1877 ـ 1945). ئىراقلىق شائىر، ئەدىب، يېڭى زامان ئەدەبىي گۈللىنىشىنىڭ بايراقدارى. باغدادتا تۇغۇلۇپ، شۇ يەردە ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ "ديوان الرصافي" «ئەددىۋانى رۇسافىي»، "محاضرات في الأدب العربي" «مۇھازەرات فىل ئەدەبىل ئەرەبى» (ئەرەب ئەدەبىياتىدىن لېكسىيىلەر) قاتارلىق نۇرغۇن ئەسەرلىرى بار. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئالاھىدە ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي خاراكتېرغا ئىگە.

الرضا، علي بن موسى الكاظم: (رىزا، ئەلى ئىبنى مۇساكازىم) (ھ 153 ـ 203 / م 770 ـ

818). شىئە مەزھەپى ئىمامىيە پىرقىسىدىكىلەرنىڭ سەككىزىنچى ئىمامى. ئۇنىڭغا ئاباسىي خەلىپىسى مەئمۇن قىزىنى بېرىپ، ئۆزىدىن كېيىن خەلىپە بولۇشىنى ۋەسىيەت قىلغان. ئۇنىڭ قەبرىسى ئىراننىڭ مەشھەد شەھىرىدە.

رضا، محمد رشيد: (رىزا، مۇھەممەد رەشىد) (ھ 1282_1354 / م 1865_1935). لىۋانلىق ئەللامە، فەقىھ ۋە ئىسلاھاتچى. مىسىردا شەيخ مۇھەممەد ئابدۇغا شاگىرت بولۇپ، ئۇنىڭ دىنىي ۋە ئىجتىمائىي ئىسلاھات توغرىسىدىكى كۆزقاراشلىرىنى تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن مەشھۇر "المنار" «ئەلمەنار» ژۇرنىلىنى چىقارغان. ئۇنىڭ مۇھەممەد ئابدۇ سۆزلىگەن قۇرئان تەپسىرى دەرسلىرىگە ئاساسەن يېزىپ چىققان "تفسيرالمنار" «تەفسىرۇل مەنار» ناملىق قۇرئان تەپسىرى بار.

الرِّفَاعِيُّ، أبو العباس أحمد الحسيني: (رەفائىي، ئەبۇلئەبباس ئەھمەد ھۇسەينى) (ھ ?_578 / م ?_182). ئىراقنىڭ ۋاسىت دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان. مەشھۇر تەرىقەتچى. رەفائىيە تەرىقىتىنىڭ ئاساسچىسى. ئۇنىڭ تەرىقىتى ئىسلام دۇنياسىنىڭ ھەممە جايلىرىغا تارقالغان. "البيان في تفسير القرآن" «ئەلبايان فى تەفسىرىل قۇرئان» ناملىق قۇرئان تەپسىرىنى يازغان. باغدادتا ۋاپات بولغان.

رُقَيَّة: (رۇقىيە) (ھ ?_2 / م ?_624). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خەدىچىدىن تۇغۇلغان قىزى. ئۇتبە ئىبنى ئەبۇ لەھەبكە ياتلىق بولغان. ئۇتبە ئۇنى قويۇۋەتكەندىن كېيىن ئوسمان ئىبنى ئەففانغا ياتلىق بولغان.

الرُّمَّانِيُّ، علي بن عيسى: (رۇممانىي، ئەلى ئىبنى ئىسا) (ھ 296_384 / م 908_994). تىلشۇناس، مۇپەسسىر. مۇئتەزىلە ئېقىمىدىكى كالامشۇناس. باغدادتا تۇغۇلۇپ، شۇ يەردە ۋاپات بولغان. "شرح كتاب سيبويه" «شەرھى كىتابى سىبۇەيھ»، "كتاب معاني الحروف" «كىتابۇ مەئانىل ھۇرۇف» (ھەرپلەرنىڭ مەنىلىرى توغرىسىدا)، "كتاب الألفاظ المتقاربة والمترادفة المعنى" «كىتابۇل ئەلفازىل مۇتەقارىبەتى ۋەلمۇتەرادىفە» (مەنىسى يېقىن ۋە مەنىداش سۆزلەر لۇغىتى) ناملىق ئەسەرلىرى بار.

الرَّواقِيَّةُ: (رەۋاقىييە). ۋەھدەتۇل ۋۇجۇد نەزەرىيىسىگە دائىر بىر خىل پەلسەپىۋى قاراش.

الرَّواقِيُّون (رەۋاقىييۇن). يۇنانلىق پەيلاسوپ زەينۇننىڭ ئەگەشكۈچىلىرى. زەينۇن ئۇلارغا راۋاقتا ئولتۇرۇپ دەرس ئۆگەتكەنلىكى ئۈچۈن، راۋاقىييۇن دەپ ئاتالغان.

الرُّومي، ابن الرومي، علي بن عباس: (رۇمىي، ئىبنى رۇمىي، ئەلى ئىبنى ئەبباس) (ھ 222_283 / م 836_896). ئاباسىيلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەشھۇر شائىر. باغدادتا تۇغۇلغان. دادىسى رۇملۇق، ئانىسى ئىرانلىق. تەبىئەت تەسۋىرلىرىنى يېزىشتىكى ئۆزگىچىلىكى بىلەن داڭ چىقارغان. مىجەزى غەلىتە بولۇپ، كىشىلەرنى ياقتۇرمايتتى.

رُومَا: (رىم، رۇما). ئىتالىيىنىڭ پايتەختى. رىم پاپىسى مۇشۇ شەھەرگە ئورۇنلاشقان. ۋاتىكان مۇشۇ شەھەردە بولغانلىقى ۋە بۇ شەھەرنىڭ مەنزىرىسى ئىنتايىن گۈزەل بولغانلىقتىن، بۇ شەھەر دۇنيا بويىچە زىيارەتچىلەر ئەڭ كۆپ

كېلىدىغان شەھەر ھېسابلىنىدۇ، شۇنىڭدەك ئۇ مۇھىم سودا ـ سانائەت مەركىزى.

الرياض: (رىياد). سەئۇدىي ئەرەبىستانى مەملىكىتىنىڭ پايتەختى. بۇ جاي پادىشاھ ئابدۇلئەزىز ئال سەئۇد تەختكە چىققاندىن باشلاپ پايتەخت بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. ھەنىفە ۋادىسىدىكى نەجد رايونىغا جايلاشقان. ئۇ ئىنتايىن گۈزەل، زامانىۋىي شەھەر بولغانلىقى ئۈچۈن، دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل شەھەرلەر ۋە پايتەختلەر قاتارىدا تۇرىدۇ.

الرَّيْحَانِيُّ، أمين: (رەيھانىي، ئەمىن) (ھ 1293 ـ 1358 / م 1876 ـ 1940). لىۋانلىق ئەدىب. نيۇ ـ يوركتا كۆچمەنلىك ھاياتىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن، لىۋاندا ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ "ملوك العرب" «مۇلۇكۇل ئەرەب» (ئەرەب پادىشاھلىرى)، "تاريخ نجد الحديث" «تارىخۇ نەجدىل ھەدىس»، "الريحانيات" «رەيھانىيات» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

الرَّيْحَانِيُّ، نجيب: (رەيھانىي، نەجىب) (ھ 1309 ـ 1359 / م 1891 ـ 1949). مىسىردىكى ئەڭ مەشھۇر كومېدىيە تىياتىر ئارتىسى. ئەرەب تىياتىرىنىڭ ئاۋانگارتلىرىدىن. ئۇ ئۆزى تەشكىللىگەن تىياتىر ئۆمىكىنى ئۆز نامى بىلەن ئاتىغان. «كومىدىيە پىرى» دەپ نامى بار.

رِيْكَارْدُوس: (رىكاردوس) (ھ 585 ـ 596 / م 1189 ـ 1199). ئەنگلىيە پادىشاھى. ئوكسفوردتا تۇغۇلغان. ئەسكىرىي كۈچى ئىنتايىن زور بولغان ئۈچىنچى قېتىملىق ئەھلىسەلىپ يۈرۈشىگە قوماندانلىق قىلغان. ھىجرىيە 588 ـ يىلى (مىلادىيە 1192 ـ يىلى) مەغلۇب بولۇپ، سالاھىددىن ئەييۇبىي بىلەن سۈلھى تۈزۈشكە مەجبۇر بولغان.

رِيْنَان، أرنست: (رىنان، ئارنىست) (ھ 1239 ـ 1310 / م 1823 ـ 1892). فرانسىيىلىك شەرقشۇناس.

الرَّي: (رەي). ئىراننىڭ تېھران رايونىغا جايلاشقان بىر شەھىرى. بۇ شەھەرنى مۇسۇلمانلار ئۇمەر ئىبنى خەتتاب دەۋرىدە فەتھى قىلغان. مەشھۇر خەلىپە ھارۇن رەشىد مۇشۇ شەھەردە تۇغۇلغان.

ز

زُبَيْدَةُ بنت جعفر: (زۇبەيدە بىنتى جەئفەر) (ھ ?-216 / م ?-831). ئابباسىيلار خەلىپىسى ھارۇن رەشىدنىڭ تاغىسىنىڭ قىزى بولۇپ، ھارۇن رەشىد ئۇنى ئەمرىگە ئالغان. ھارۇن رەشىدنىڭ ئوغلى ئەمىن زۇبەيدەدىن تۇغۇلغان. .

الزَّبِيْدِيُّ، مرتضى: (زەبەيدىي، مۇرتەزا) (ھ 1145-1205 / م 1732-1790). مەشھۇر تىلشۇناس، مۇھەددىس. ھىندىستاندا تۇغۇلغان، يەمەندىكى زەبىد شەھىرىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن، ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمىنى قاھىرەدە ئۆتكۈزگەن. ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىم ئەسىرى "تاج العروس" «تاجۇل ئۇرۇس» ناملىق لۇغەتتۇر.

الزُّبَيْدِيُّ، أبو بكر محمد بن الحسن: (زۇبەيدىي، ئەبۇ بەكرى مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن) (ھ 314-379 / م 926-989). ئەندەلۇسلۇق تىلشۇناس. ئىشبىلدە تۇغۇلۇپ، شۇ يەردە ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ "مختصر العين" «مۇختەسەرۇل ئەيىن»، "طبقات النحويين واللغويين" «تەبقاتۇننەھۋىيىن ۋەللۇغەۋىيىن»، "لحن العامة" «لەھنۇل ئاممە» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

الزُّبَيْر: (زۇبەير). ئىراقنىڭ جەنۇبىدىكى بەسرەگە تەۋە بىر شەھەر.

الزُّبَيْرُ بنُ العَوّام: (زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام). ئۇلۇغ ساھابە، جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر بېرىلگەن ئون كىشىنىڭ بىرى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاممىسىنىڭ ئوغلى. ئۇ ئون ئالتە يېشىدا مۇسۇلمان بولغان. رەسۇلۇللاھ بىلەن ھەممە ئۇرۇشلارغا قاتناشقان، جەمەل ئۇرۇشىدا ھەزرىتى ئائىشە تەرەپتە تۇرغان.

الزِّبْرِقَانُ: (زەبىرقان). ئىبنى بەدرى تەمىمى. شائىر. ئۇ بەنى تەمىمنىڭ چوڭلىرى بىلەن رەسۇلۇللاھنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ مۇسۇلمان بولغان.

الزجاج، أبو إسحاق، إبراهيم بن السريّ بن سهل: (زەججاج، ئەبۇ ئىسھاق، ئىبراھىم ئىبنى سىررىي ئىبنى سەھل) (ھ 241-311 / م 855-923). لۇغەتشۇناس، ئىمام مۇبەررىدنىڭ شاگىرتى. خەلىپىنىڭ بالىسىغا ئۇستازلىق قىلغان. "معاني القرآن" «مەئانىل قۇرئان» (قۇرئان مەنالىرى)، "الاشتقاق" «ئەلئىشتىقاق»، "إعراب القرآن" «ئىئرابۇل قۇرئان»، "الأمالي" «ئەلئەمالى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان.

الزَّرْقَاءُ: (زەرقا). ئىئوردانىيىگە تەۋە بىر شەھەر بولۇپ، ئەتراپىنى بىپايان مۇنبەت زېمىن قورشاپ تۇرىدۇ.

الزرقاني (أبو عبد الله محمد): (زەرقانى-ئەبۇ ئابدۇللاھ مۇھەممەد) (ھ ?-1122 / م ?-1710). مىسىرلىق بولۇپ، مالىكىي مەزھىپىدىكى فەقىھ. ھەدىس ساھەسىدىكى يېتۈك ئالىم. ئۇنىڭ ھەدىس ساھەسىدە "شرح

البيقونية" «شەرھىل بەيقۇنىيە»، "شرح المواهب اللدنية" «شەرھىل مەۋاھىبىل لەدۇنىيە»، "شرح موطأ الإمام مالك" «شەرھى مۇۋەتتا ئىمام مالىك» ناملىق كىتابلىرى بار.

الزَّرْكَشِيُّ، بدر الدين محمد بن بهادر: (زەركەشى، بەدرۇددىن مۇھەممەد ئىبنى باھادىر) (ھ ؟ـ794 / م ؟ـ1392). شافىئىي مەزھىپىدىكى فەقىھ، قاھىرەدە تۇغۇلۇپ، شۇ يەردە ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ ئۇسۇلى فىقھى ھەققىدە يازغان "البحر المحيط" «ئەلبەھرۇل مۇھىت»، "لقطة العجلان" «لۇقتەتۇلئەجلان»، "الديباج في توضيح المنهاج" «ئەددىيباجۇ فى تەۋزىيھىل مىنھاج» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

الزِّرْكِلِيُّ، خير الدين: (زەركىلىي، خەيرۇددىن) (ھ 1311ـ1396 / م 1893ـ1976). سۈرىيىلىك يازغۇچى، تارىخشۇناس، شائىر ۋە سىياسىيون، ئۇنىڭ مەشھۇر زاتلارنىڭ تەرجىمىھالى ھەققىدە يازغان ئون توملۇق ئەسىرى ئەڭ مەشھۇر ئەسەردۇر.

زِرْيَابُ، أبو الحسن علي بن نافع: (زىرياب، ئەبۇلھەسەن ئەلى ئىبنى نافئ) (تەخمىنەن ھ ؟ـ230 / م ؟ـ845). ئەندەلۇسلۇق داڭلىق مۇزىكانت. باغدادتا تۇغۇلغان. ئىبراھىم مەۋسىل ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئىسھاقتىن مۇزىكا ئۆگەنگەن.

زُعَيْتِر، عادل بن الشيخ عمر: (زۇئەيتىر، ئادىل ئىبنى شەيخ ئۆمەر) (ھ 1315ـ1377 / م 1897ـ1957). پەلەستىنلىك ئەدىب، ھوقۇقشۇناس ۋە سىياسىيون، داڭلىق فرانسۇز تىلى تەرجىمانى.

زَغْلُول، سعد: (زەغلۇل، سەئد) (ھ 1274ـ1346 / م 1857ـ1927). مىسىرلىق سىياسىيون. مىسىرنى ئەنگلىيە مۇستەملىكىسىدىن ئازاد قىلىش ۋە مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ قوماندانى. ئۇ رابىيە قوزغىلىڭىغا قاتناشقان، مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىش ئۈچۈن تەشكىللەنگەن مىسىر ئۆمىكىگە باشچىلىق قىلغان. ھىجرىيە 1343 (1924م)ـ يىلى مىنىستىرلار كابىنېتى تەشكىللەشكە مەسئۇل بولغان، ئەلۋەفد پارتىيىسىنى قۇرغان.

زفر بن الهزيل بن قيس البصري: (ئىمام زۇفەر، زۇفەر ئىبنى ھۇزەيل ئىبنى قەيسىل بەسەرى) (ھ 110ـ158 / م 729ـ775). ئىمام ئەزەم ـــ ئەبۇ ھەنىفىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن شاگىرتلىرىدىن بولۇپ، ئىمام ئەزەم ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلەن قارايتتى ۋە «زۇپەر مېنىڭ شاگىرتلىرىمنىڭ ئىچىدە ئىلمى قىياستا ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ» دەيتتى. ئىمام زۇپەر توي قىلىدىغان چاغدا ئىمام ئەزەمنىڭ نىكاھ ئوقۇپ بېرىشىنى ئىلتىماس قىلغان. ئىمام ئەزەم ئوقۇغان نىكاھ خۇتبىسىدە: «زۇپەر بولسا مۇسۇلمانلارنىڭ پېشۋالىرىدىن بىرىدۇر. شەرەپ، پەزلىدە ۋە نەسەبتە كۆزگە كۆرۈنگەن زاتتۇر» دېگەن. بۇ زات ئىمام ئەبۇ يۈسۈف بىلەن مۇنازىرىلىشەتتى، سۆزمەن ئىدى. ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك: مەن زۇپەرنىڭ «مادامىكى ھەدىس ياكى ساھابىلەرنىڭ سۆزى بولىدىكەن، بىز قىياس بويىچە ئىش قىلمايمىز» دېگىنىنى ئاڭلىغانىدىم، دەيدۇ.

الزَّقَازِيقُ: (زەقازىق). مىسىردىكى بىر شەھەر، شەرقىي رايونىنىڭ مەركىزى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى تىجارىتىدە ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە.

زَكَرِيا: (زەكەرىيا). بەنى ئىسرائىل پەيغەمبەرلىرىدىن بىرى. مىلادىيىدىن

ئىلگىرىكى 6-ئەسىرلەردە ياشىغان. زەكەرىيا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمى «قۇرئان كەرىم»دە سەككىز ئورۇندا تىلغا ئېلىنىدۇ. زەكەرىيا ئەلەيھىسسالام يەھيا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىسىدۇر. ئۇنىڭ نەسەبى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا تۇتىشىدۇ. زەكەرىيا ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى مەريەمنى ئۆز تەربىيىسىگە ئالغان. زەكەرىيا ئەلەيھىسسالام ئورنىنى باسىدىغان بىرەر پەرزەنتى بولۇشىنى ئاللاھدىن تىلەپ دۇئا قىلغان. بۇ چاغدا زەكەرىيا ئەلەيھىسسالام توقسان ياشتىن ئاشقان بولسىمۇ، ئاللاھ ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، يەھيا ئىسىملىك بىر ئوغۇل پەرزەنت بىلەن خۇش خەۋەر بەرگەن. ئاللاھ ئۇنىڭ كىشىلەر بىلەن ئۈچ كۈن سۆزلىشىشكە قادىر بولالمايدىغانلىقىنى بۇنىڭ ئالامىتى قىلغان. بۇ ئۈچ كۈن ئىچىدە زەكەرىيا ئەلەيھىسسالام پەقەت ئىشارەت ئارقىلىقلا سۆزلەشكەن. يەھيا ئەلەيھىسسالام تۇغۇلۇپ، ئۆسۈپ، چوڭ بولۇپ، ئاتىسىنىڭ ئورۇنباسارى بولۇپ قالغان.

الزمخشري، محمود بن عمر أبو القاسم جار الله: (زەمەخشەرى، مەھمۇد ئىبنى ئۇمەر ئەبۇلقاسىم جارۇللاھ) (ھ 467-538 / م 1074-1143). خارەزىمنىڭ زەمەخشەر دېگەن يېرىدىن. مەشھۇر ئالىم. ھەنەفىي مەزھىپىدىكى پېشۋا بولۇپ، . مۇئتەزىلە قارىشىدا ئىدى. نۇرغۇن ساھەلەردە كۆپ ئەسەرلەرنى يازغان. "تفسير كشاف" «تەفسىر كەششاف» ناملىق مەشھۇر تەپسىر مۇشۇ زاتنىڭ ئەسىرىدۇر. ئۇ "الفائق" «ئەلفائىق»، "أساس البلاغة" «ئاساسۇل بالاغەت» ناملىق لۇغەت كىتابلىرىنى يازغان. يەنە "ربيع الأبرار" «رەبىئۇل ئەبرار»، "النصائح الكبار" «ئەننەسائىھۇل كەبار»، "النصائح الصغار" «ئەننەسائىھۇسسىغار»، مىراس ئىلمىغا ئائىت "الرائض في علم الفرائض" «ئەررائىز فى ئىلمىل فەرائىز»، گرامماتىكىغا ئائىت "المفصل" «ئەلمۇفەسسەل»، "الأنموذج" «ئەلئەنمۇزەج»، "شقائق النعمان" «شەقائىقۇننوئمان» قاتارلىق كىتابلارنى يازغان. مەككىدە يەرلىشىپ قالغانلىقى ئۈچۈن «جارۇللاھ» دەپ ئاتالغان. بەزىلەر ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ سانى ئوتتۇزغا يېتىدۇ، دەپ قارىشىدۇ.

الزنجاني (عز الدين): (زەنجانى، ئىززۇددىن) (ھ ?-655 / م ?-1257). باغدادتا ياشىغان تىلشۇناس. دىيارىمىزدىكى مەدرىسلەردە ئوقۇلىدىغان "تصريف الزنجاني" «تەسرىفۇززەنجانى» (زەنجانى) ناملىق مورفولوگىيىگە دائىر كىتابنىڭ مۇئەللىپى.

زَنوبيا: (أو الزباء، أو زينب) (زەنۇبىيا، زەببا، زەينەپ) (م ?-277). جاھىلىيەت دەۋرىدە ئۆتكەن ئەرەب ئايال پادىشاھى. مىلادىيە 266-يىلىدىن 272-يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. رىملىقلار بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، ئۇلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان، لېكىن ئاخىرىدا مەغلۇپ بولۇپ، ئەسىرگە چۈشۈپ، رىمغا ئېلىپ بېرىلغان.

الزَّهْرَاءُ، فاطِمة: (زەھرا، فاتىمە) (ھ ?-11 / م ?-632). زەھرا رەسۇلۇللاھنىڭ قىزى فاتىمەنىڭ لەقىبى. ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىبنىڭ ئايالى، ئىمام ھەسەن، ئىمام ھۈسەينلەرنىڭ ئانىسى. فاتىمىلەر سۇلالىسى ئۇنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان.

الزَّهْرَاءُ: (زەھرا). ئەندەلۇس سارايلىرىنىڭ بىرى.

الزَّهراوِيُّ، أبو القاسم خلف بن عباس: (زەھراۋىي، ئەبۇلقاسىم خەلەف ئىبنى ئەبباس)

(ھ 422 ـ 500 / م 1030 ـ 1106). قۇرتۇبەلىك تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرى. ئۇنىڭ تاشقى كېسەللىكلەر توغرىسىدا "التصريف لمن عجز عن التأليف" «ئەتتەسرىيف لىمەن ئەجەزە ئەنىتتەئلىيف» ناملىق كىتابى بار، بۇ كىتاب لاتىنچىغا تەرجىمە قىلىنغان.

زهير بن أبي سلمى: (زۇھەير ئىبنى ئەبۇ سەلما) (تەخمىنەن م 530 ـ 627). جاھىلىيەت شائىرى. جاھىلىيەت دەۋرىدە كەئبىگە ئېسىلغان شېئىرلارنىڭ ئاپتورلىرىدىن بىرى. ئۇ نازۇك تەسۋىر، مۇكەممەل ئىبارىلەر بىلەن تويۇنغان ھېكمەتلىك شېئىرلارنى يازاتتى. ئۆز دەۋرىدىكى شائىرلارنىڭ سەردارى ھېسابلىناتتى. ئۇنىڭ «مۇئەللەقات» قەسىدىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئۇرۇش، مەدھىيە ۋە ئىپتىخارلىنىش قاتارلىق مەزمۇنلاردىكى بىر شېئىري دىۋانى بار.

الزَّيْتُونَةُ: (زەيتۇنە). تۇنىستىكى بىر ئۇنىۋېرسىتېت. ئۇنى ئۇبەيدۇللاھ ھەبھاب ھىجرىيە 114 ـ يىلى (مىلادىيە 732 ـ يىلى) قۇرغان. كېيىن مەخسۇس ئىسلام دىنى ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات مەركىزى بولغان. ھىجرىيە 1352 ـ يىلى (مىلادىيە 1933 ـ يىلى) رەسمىي ئۇنىۋېرسىتېت بولۇپ قۇرۇلغان.

زِيَادُ، ابن أبيه: (زىياد، ئىبنى ئەبىھ) (ھ ? ـ 53 / م ? ـ 673). مەشھۇر قوماندان. نۇرغۇن جەڭلەر ئۇنىڭ قوماندانلىقىدا غەلىبە بىلەن ئاياغلاشقان. ئۇ ئىنتايىن ناتىق ۋە ھەر تەرەپلىمە يېتىشكەن زات ئىدى. مۇئاۋىيە ئۇنى ئىراققا ۋالىيلىققا تەيىنلىگەن.

زَيْد، أبو زيد الأنصاري، سعيد بن أوس: (زەيد، ئەبۇ زەيد ئەنسارىي، سەئىد ئىبنى ئەۋس) (ھ 121 ـ 217 / م738 ـ 831).

بەسرە ـ لىك تىلشۇناس ئەدىب. "النوادر في اللغة" «ئەننەۋادىر فىللۇغە» (كەم ئۇچرايدىغان سۆزلەر)، "الهمز" «ئەلھەمزە» ناملىق ئەسەرلىرى بار.

زَيْدُ، بن ثابت: (زەيد، ئىبنى سابىت) (ھ ? ـ 45 / م ? ـ 665). ۋەھيى خاتىرىلىگۈچى ساھابە. ئۇ ئەھكام، پەتىۋا، قىرائەت ۋە مىراس ئىلمىدە چوڭقۇر مەلۇماتلىق زات ئىدى.

زَيْدُ، بن حارثة: (زەيد، ئىبنى ھارىسە). ئۇلۇغ ساھابە، رەسۇلۇللاھنىڭ ئازادكەردىسى، ئەرلەر ئىچىدىكى مۇسۇلمان بولغانلارنىڭ ئىككىنچىسى. قەھرىمانلىقى ۋە پىكرىنىڭ توغرىلىقى بىلەن تونۇلغان بولۇپ، مۇئتە ئۇرۇشىدا شېھىت بولغان.

زيد، بن عَلِيٍّ بن الحسين بن علي بن أبي طالب: (زەيد ئىبنى ئەلى ئىبنى ھۆسەيىن ئىبنى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب) (ھ 80 ـ 122 / م 699 ـ 740). تەقۋادار ئالىم. شىئە زەيدىيە مەزھىپى مۇشۇ زاتقا نىسبەت بېرىلىدۇ. كۇفىدە شېھىت بولغان.

زَيْد، أبو زيد الهلالي: (زەيد، ئەبۇ زەيدىل ھىلالى). بەنى ھىلال قىسسىلىرىدىكى خەلق قەھرىمانى.

زيدان، جورجي: (زەيدان، جورجى زەيدان) (ھ 1278 ـ 1333 / م 1861 ـ 1914). لىۋانلىق ئەدىب ۋە تارىخشۇناس. ئىلمىي گۈللىنىشنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىدىن. قاھىرەگە كۆچۈپ بېرىپ شۇ يەردە ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ "تاريخ التمدن الإسلامي" «تارىخۇتتەمەددۇنىل ئىسلامىي» (ئىسلام مەدەنىيەت تارىخى)، "تاريخ آداب اللغة العربية" «تارىخۇ ئادابىللۇغەتىل ئەرەبىيە» (ئەرەب تىلى ئەدەبىياتى تارىخى) ناملىق ئەسەرلىرى

مەشـهۇر. ئۇنـىڭ يەنە بـىر قاتـار تـارىخىي رومانلىرىمۇ بار.

الزَّيْدِيَّــة: (زەيـدىيە). شـىئەلەرنىڭ بـىر تائىپىسى. زەيد ئىبنى ئەلى ئىبنى هۈسەيىننى ئىمـام دەپ ئېتىقـاد قىلىـدۇ. بـۇ مەزھەپ يەمەنگە تارقالغان بولـۇپ، ھېلىمۇ شۇ يەردە مەۋجۇت.

زين العابدين بن إبراهيم بن نجم الحنفـي: (زەينـۇل ئابىـدىن ئىبنـى ئىبـراھىم ئىبنـى نەجمـۇلھەنەفىي) (ھ ؟ـ 969 / م ؟ـ 1562). ھەنەفىي مەزھىپىـدىكى كاتتـا ئـالىم. نۇرغۇن ئەسـەرلەرنى يازغـان. "شرح الكنوز" «شـەرھۇل كۇنـۇز» نـامى بىلەن مەشـهۇر بولغـان "بحر الرائق" «بەھرۇر رائىق» ناملىق كىتاب ئۇنـىڭ مۇھىم ئەسەرلىرىدىندۇر. ئۇنىڭـدىن باشـقا ئـۇ يەنە "شرح المنار" «شەرھۇل مەنار»، "الأشـباه والنظـائر" «ئەلئەشـباھ ۋەننەزائىـر»، "لـب الأصـول" «لۇببـۇل ئۇسـۇل»، "الفتـاوى" «ئەلفەتـاۋا» قاتـارلىق مۆتـىۋەر ئەسـەرلەرنى يازغان.

زَيْنَبُ بنت علي بـن أبي طالـب: (زەينـەب بىنتى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب) (ھ ؟ـ 62 / م ؟ـ 682). كەربـالا ئۇرۇشـىغا قاتنىــشىپ، ئەسىرلەر بىلەن كۇفىگە، ئاندىن شامغا ئېلىپ بېرىلغـان. "بطلة كربلاء" «بەتەلەتـۇ كەربـالا» (كەربالا قەھرىمانى) دېگەن نام بىلەن مەشهۇر بولغان.

زينــب بنــت محمــد: (زەينـەب بىنتـى مـۇھەممەد) (ھ ؟ـ 8 / م ؟ـ 630). پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خەدىچىدىن تۇغۇلغان چوڭ قىـزى. ئەبۇلئـاس ئىبنـى رەبىـئكە يـاتلىق بولغان.

زيني دحلان (أحمـد): (زەينـى دەھـلان، ئەھـمەد) (ھ 1232ـ1304 / م 1817ـ1887). مەككىلىـك فەقىـھ، تارىخشۇناس. مەككىـدە مۇفتى ۋە مۇدەررىس بولـۇپ، مەدىنىـدە ۋاپات بولغـان. ئۇنـىڭ "الفتوحـات الإسـلامية" «ئەلفۇتۇھـاتۇل ئىـسلامىيە» (ئىـسلام فەتھلىـرى)، "تـاريخ الدولـة الإسـلامية" «تارىخۇددەۋلەتـىل ئىـسلامىيە» (ئىـسلام تـارىخى) ۋە "الـسيرة النبويـة" (پەيغەمـبەر ئەلەيھىسـسالامنىڭ تەرجىمھـالى) نـاملىق ئەسەرلىرى بار.

س

السّاسانيُّون: (ساسانيوْن). ساسانيلار. پارسلارنىڭ ئاخىرقى خاندانلىقى بولۇپ، مۇسۇلمانلار مىلادىيە 640-يىلى پېرسىينى فەتھى قىلغانغا قەدەر ھۆكۈم سۈرگەن. ئۇنىڭ مەشھۇر ھۆكۈمدارلىرى: شابۇرII (م 309-379)، كىسرا نۇشىرۋانI (م 531-579)، كىسرا نۇشىرۋانII (م 590-628)، ئەڭ ئاخىرقى پادىشاھى يەزدەجىرIII. ئۇنىڭ زامانىدا مۇسۇلمانلار پېرسىينى فەتھى قىلغان.

ساطِعُ الحُصَرِي: (ساتىئ ھۇسەرى) (ھ 1299-1390 / م 1881-1970). مەشھۇر ئەرەبىزم نەزەرىيىچىسى. ئىدېئولوگىيە ۋە تەلىم-تەربىيە ساھەسىدىكى بايراقدار شەخس. يەمەندە تۇغۇلۇپ، قاھىرەدە ۋاپات بولغان. ئەرەب مىللەتچىلىكى پەيلاسوپى دەپ نام ئالغان. «ئەرەب مىللەتچىلىكى»، «ئەرەبىزم»، «تەربىيە ۋە مەدەنىيەت توغرىسىدا» ناملىق ئەسەرلەر ئۇنىڭ مەشھۇر ئەسەرلىرىدۇر.

سالم بن عبدالله بن عمر بن الخطاب القرشي العدوي: (سالىم ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇمەر ئىبنىل خەتتابىل قۇرەشىل ئەدەۋىي) (ھ ?-106 / م ?-725). مەدىنىدىكى يەتتە فەقىھنىڭ بىرى، شۇنداقلا تابىئىنلارنىڭ كاتتا ئالىملىرىدىن سانىلاتتى، مەدىنىدە ۋاپات بولغان.

سالم بن معقل: (سالىم ئىبنى مەئقەل) (ھ ?-12 / م ?-633). ساھابىلەرنىڭ چوڭلىرىدىن. ئەمرى ئىبنى ئاسنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قۇرئاننى ئابدۇللاھ، سالىم، مۇئاز ۋە ئۇبەي ئىبنى كەئبتىن ئۆگىنىڭلار«.

سامان: (سامان). شەرقىي خۇراساندىكى يۇرت بولۇپ، بەلخكە تەۋە. سامانىيلار دۆلىتى مۇشۇ شەھەرنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان.

السامانيون: (سامانىيوْن). ھىجرىيە 261-390 (م 874-999)-يىللىرى خۇراسان ۋە ماۋەرائۇننەھرگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان سۇلالە. بۇ سۇلالە سامان خەداھ دېگەن كىشىگە نىسبەت بېرىلىدۇ. ئۇنىڭ تۆت نەۋرىسى نۇھ، ئەھمەد، يەھيا، ئىلياسلار مەئمۇن خەلىپە تەرىپىدىن سەمەرقەند، پەرغانە، شاش، تاشكەنت ۋە ھىراتتا ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن ۋالىيلار ئىدى.

سامَرّاء: (سامەررائ). ئىراقنىڭ دەجلە دەرياسى بويىدىكى بىر شەھىرى. بۇ جاي "سر من رأى" «سەررە مەن رائا» (خۇشاللىق شەھىرى) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. خەلىپە مۇئتەسىم ھىجرىيە 221 (م 836)-يىلى ئۇنى پايتەخت قىلغان.

السامِري: (سامىرىي). بەنى ئىسرائىل قەۋمى ئىچىدىكى بىر ئادەم. مۇسا ئەلەيھىسسالام يوق چاغدا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قوۋمىنى ئازدۇرۇپ، ئۇلارنى

زىننەت بۇيۇملىرىنى ئوتقا تاشلاشقا بۇيرۇپ، ئۇلار ئۇچۇن ئالتۇندىن موزاي ياسىغان. بەنى ئىسرائىل ھارۇننىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىغا قارىماي شۇ موزايغا چوقۇنغان. ﴿فكذلك ألقى السامري فأخرج لهم عجلا جسدا له خوار﴾ «سامىرىمۇ (ئۆزى ئېلىپ چىققان زىبۇزىننەتلىرىنى) تاشلىدى، سامىرى (ئېرىتىلگەن زىبۇزىننەتلەردىن) ئۇلار ئۈچۈن بىر موزاي ھەيكەل ياسىدى، ئۇنىڭدىن موزاينىڭ ئاۋازىغا ئوخشاش ئاۋاز چىقاتتى». ‹قۇرئان كەرىم›

السامِيَّة: (سامىيە). ئۇزاق زامانلاردىن بېرى ئاسىيا، ئافرىقا ئەللىرىدە تارقالغان بەزى تىللارنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى. بۇ تىللارنىڭ بەزىلىرى ئىستېمالدىن قالغان، بەزىلىرى ھازىرمۇ قوللىنىلىۋاتىدۇ.

السّامِيّون: (سامىيلار). يىلتىزى نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى سامغا تۇتىشىدىغان بەزى مىللەتلەرگە قارىتا ئېيتىلىدۇ. بۇ ئەرەبلەر، ئاكادىيلار، بابىلىيلار، ئاشۇرىيلار، كەنئانلار، فىنىقىيلار، ئىبرانىيلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

السُّبْكِي، عبد الوهاب بن علي تاج الدين: (سۇبكىي، ئابدۇلۋەھھاب ئىبنى ئەلى تاجىددىن) (ھ ؟ ـ 771 / م ؟ ـ 1370). شافىئىي مەزھىپىدىكى فەقىھ. قاھىرەدە تۇغۇلۇپ، دەمەشقتە ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىم ئەسەرلىرى "طبقات الشافعية الكبرى" «تەبەقاتۇششافىئىيەتىل كۇبرا» (شافىئىي ئۆلىمالىرىنىڭ تەرجىمھالى) ۋە فىقھىگە ئائىت "جمع الجوامع" «جەمئۇل جەۋامىئ» قاتارلىقلاردۇر.

السجستاني (محمد): (سىجىستانى، مۇھەممەد) (ھ ؟ ـ 330 / م ؟ ـ 941). باغدادتا ئۆتكەن تەپسىرشۇناس ۋە تىلشۇناس. ئۇنىڭ "غريب القرآن" «غەرىبۇل قۇرئان» (قۇرئاندىكى قىيىن سۆزلەر) ناملىق كىتابى بار.

السخاوي (علم الدين علي): (سەخاۋى، ئىلمۇددىن ئەلى) (ھ 558 ـ 642 / م 1163 ـ 1245). قىرائەتشۇناس، تىلشۇناس، گراماتىكشۇناس. قاھىرەدە شاتىبىدىن تەلىم ئالغان. دەمەشقتە ئولتۇراقلىشىپ قالغان. دەمەشقتە «ئەلفىيە»نىڭ ئاپتورى ئىبنى مالىك ئۇنىڭدىن دەرس ئالغان. ئۇنىڭ "شرح المفصل" «شەرھۇل مۇفەسسەل» ۋە "شرح الشاطبية" «شەرھۇششاتىبىيە» ناملىق كىتابى بار. ئۇ شاتىبىيىگە تۇنجى شەرھ يازغان كىشى بولۇپ، مۇشۇ كىتاب بىلەن داڭق چىقارغان.

السخاوي (شمس الدين محمد): (سەخاۋى، شەمسىددىن مۇھەممەد) (ھ 830 ـ 902 / م 1427 ـ 1497). مىسىرلىق تارىخشۇناس، مۇھەددىس، ئەدىب. قاھىرەدە تۇغۇلۇپ، مەدىنىدە ۋاپات بولغان. ئىككى يۈزگە يېقىن كىتاب يازغان. ئون ئىككى توملۇق "الضوء اللامع في أعيان القرن التاسع" «ئەززەۋئۇللامىئ فى ئەئيانىل قەرنىتتاسىئ» (توققۇزىنچى ئەسىردە چاقنىغان نۇرلار)، ھەدىس ئاتالغۇلىرى توغرىسىدا "شرح ألفية العراقي" «شەرھۇ ئەلفىيەتىل ئىراقى»، "المقاصد الحسنة" «ئەلمەقاسىدۇل ھەسەنىيە» (گۈزەل مەقسەتلەر) ۋە "ذيل لتاريخ المقريزي" «زەيلۇل مەقرىزى» ناملىق كىتابلار ئۇنىڭ ئەڭ مەشھۇر ئەسەرلىرىدۇر.

سَرَابِيُّون، ابن سرابيون: (سەرابىيىۇن، ئىبنى سەرابىيىۇن) (ھ ؟ ـ 334 / م ؟ ـ 945). جۇغراپىيە ئالىمى بولۇپ، باغدادتا ياشىغان. "صورة الأرض" «سۇرەتۇل ئەرز» (يەر

شارىنىڭ سۈرىتى)، "عجائب الأقاليم السبعة" «ئەجائىبۇل ئەقالىمىسسەبئە» (يەتتە ئىقلىمنىڭ ئاجايىباتلىرى) ناملىق ئەسەرلىرى بار.

السَّرَخْسِي: (سەرەخسى، مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد ئىبنى سەھل شەمسۇلئەئىممە) (تەخمىنەن ھ ؟ـ490 / م ؟ـ1091). ھەنەفى فىقھشۇناسى. ئوتتۇز قىسىملىق "المبسوط" «ئەلمەبسۇت» ئۇنىڭ مۇھىم ئەسەرلىرىنىڭ بىرىدۇر. ئۇ كىتاب چوڭ فىقھى ئېنسىكلوپېدىيىسى ھېسابلىنىدۇ.

السَّرَّاج، أبو بكر محمد بن السري: (سەرراج، ئەبۇ بەكرى مۇھەممەد) (ھ ؟ـ317 / م ؟ـ929). باغدادلىق تىلشۇناس، گرامماتىكشۇناس. "كتاب الأصول الكبيرة" «كىتابۇل ئۇسۇلۇل كەبىيرە»، "الشعر والشعراء" «ئەششىئىر ۋەششۇئەرا» (شېئىر ۋە شائىرلار)، "شرح كتاب سيبويه" «سىبۋەيھ كىتابىنىڭ شەرھى» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

السَّرَّاج، أبو محمد جعفر بن أحمد: (سەرراج، ئەبۇ مۇھەممەد جەئفەر ئىبنى ئەھمەد) (ھ ؟ـ500 / م ؟ـ1106). يازغۇچى، فەقىھ. باغدادتا تۇغۇلۇپ، شۇ يەردە ۋاپات بولغان. "مصارع العشاق" «مەسارىئۇل ئۇششاق» (ئاشىقلار جەڭگاھى)، "مناقب السودان" «مەناقىبۇسسۇدان» (سۇدانىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى) قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

سُرَيْج، ابن سُرَيْج، أحمد بن عمر: (ئىبنى سۇرەيج، ئەھمەد ئىبنى ئۇمەر) (ھ ؟ـ306 / م ؟ـ918). شافىئىي مەزھىپىدىكى فىقھشۇناس بولۇپ، قازىلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. ئۇ ھاياتىدا نۇرغۇن ئەسەر يازغان. ئۇلارنىڭ ئاساسلىقى "الودائع لنصوص الشرائع" «ئەلۋەدائىئ لىنۇسۇسى شەرائىئ» ناملىق كىتابدۇر.

السَّرِيُّ الرَّفَّاءُ، السَّرِيُّ بن أحمد: (سەرىيۇررەففا، سەرىي ئىبنى ئەھمەد) (ھ ؟ـ366 / م ؟ـ976). ئىراقنىڭ مەۋسىل شەھىرىدە تۇغۇلغان بولۇپ، شائىر ۋە ئەدىب. سەيفۇددەۋلە بىلەن قويۇق ئالاقىدە ئۆتكەن. باغدادتا ھايات كەچۈرگەن. "المحب والمحبوب والمشموم والمشروب" «ئەلمۇھىببۇ ۋەلمەھبۇب ۋەلمەشمۇمۇ ۋەلمەشرۇب» (ئاشىق-مەشۇق) ناملىق شېئىرىي دىۋانى بار.

السُريانية: (سۇريانىيە). سۇريان تىلى. سامى تىللىرىنىڭ تارمىقى بولغان ئارامىيە تىلى. بۇ تىل سۇرىيە ۋە ئىراقنىڭ بەزى رايونلىرىدا ھازىرمۇ قوللىنىلىدۇ.

سَعْدُ بنُ أبي وَقّاص: (سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس) (ھ ؟ـ55 / م ؟ـ675). ئۇلۇغ ساھابە، مەشھۇر قوماندان. تۇنجى تۈركۈمدە ئىسلامغا كىرگەنلەرنىڭ بەشىنچىسى. جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر بېرىلگەن ئون ساھابىنىڭ بىرى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ھەممە ئۇرۇشلارغا قاتناشقان، پارسنى فەتھى قىلىشتا مۇسۇلمانلار قوشۇنىغا قوماندانلىق قىلغان.

سعد بن ربيع بن عمرو الأنصاري: (سەئد ئىبنى رەبىئ ئىبنى ئەمرىل ئەنسارى) (ھ ؟ـ3 / م ؟ـ625). كاتتا ساھابە، ئەقەبە بەيئىتىگە قاتناشقان ۋەكىللەرنىڭ بىرى. بەدر ئۇرۇشىغا قاتناشقان، ئوھۇد ئۇرۇشىدا شېھىت بولغان.

سَعْدُ بنُ عبادة: (سەئد ئىبنى ئۇبادە) (ھ ؟ـ14 / م ؟ـ635). ئۇلۇغ ساھابە. خەزرەج قەبىلىسىدىن. ئوھۇد ۋە خەندەك ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان. ھەۋراندا ۋاپات بولغان.

سَعْدُ بنُ معاذ: (سەئد ئىبنى مۇئاز) (ھ ؟ـ 6 / م ؟ـ 627). ئۇلۇغ ساھابە. ئەۋس قەبىلىسىنىڭ باشلىقى. بەدرى ئۇرۇشىدا ئەۋس قەبىلىسىنىڭ بايراقدارى بولغان. ئوھۇد ئۇرۇشىغا قاتناشقان. خەندەك ئۇرۇشىدا شېھىت بولغان.

سَعد، ابن سعد: محمد الزهري: (سەئد، ئىبنى سەئد، مۇھەممەد زۇھرى) (ھ ؟ـ 230 / م ؟ـ 845). تارىخشۇناس، مۇھەددىس، ھاپىز. "كتاب الطبقات الكبرى" «كىتابۇ تەبەقاتىل كۇبرا» (ساھابىلەرنىڭ تەرجىمھالى) ناملىق كىتاب ئۇنىڭ ئەڭ مەشھۇر ئەسىرىدۇر.

سعدي، الشيرازي: (سەئدى، شەيخ شىرازى) (ھ 590 ـ 689 / م 1193 ـ 1291). ئىرانلىق شائىر، ئەدىب. شىرازدا تۇغۇلۇپ، باغدادتا ئىلىم تەھسىل قىلغان. ئۇنىڭ پارس تىلىدا يېزىلغان "بوستان" «بوستان»، "جلستان" «گۈلىستان» ناملىق ئەسەرلىرى بار. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ۋە شېئىرلىرى بىرقانچە تىلغا، جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلىغىمۇ تەرجىمە قىلىنغان.

سعود، ابن سعود عبد العزيز: (سۇئۇد، ئىبنى سۇئۇد ئابدۇلئەزىز) (ھ 1298 ـ 1373 / م 1880 ـ 1953). سەئۇدي ئەرەبىستانى مەملىكىتىنىڭ قۇرغۇچىسى. 1932 ـ يىلى سەئۇدي ئەرەبىستانىنىڭ پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇرغان.

سعود، ابن سعود، محمد: (سۇئۇد، ئىبنى سۇئۇد مۇھەممەد) (ھ ؟ـ 1179 / م ؟ـ 1765). سۇئۇدىيە ئائىلىسىنىڭ نەجدەدىكى ئۇرۇق ئەجدادلىرى.

السُعُوْدِيَّة، المملكة العربية: (سۇئۇدىيە، ئەرەب مەملىكىتى). پادىشاھ ئابدۇلئەزىز ئىبنى سۇئۇد 1351 (م 1932) ـ يىلى قۇرغان ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى ئەرەب ئىسلام دۆلىتى بولۇپ، پايتەختى رىياد.

سَعِيدُ بن البطريق: (سەئىد ئىبنى بىترىق) (ھ 263 ـ 328 / م 877 ـ 940). تېۋىپ، تارىخشۇناس. ئۇنىڭ تارىخقا ئائىت "نظم الجوهر" «نەزمۇل جەۋھەر» ناملىق كىتابى بار.

سعيد بن جبير: (سەئىد ئىبنى جۇبەير، ئەبۇ مۇھەممەد). ئەينى دەۋردىكى فىقھى پېشۋاسى. بۇ زات ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇمەر قاتارلىق ساھابىلەردىن ئىلىم ئۆگەنگەن. پەتىۋا ئىشلىرىدا ناھايىتى پۇختا بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا يۈز بەرگەن خىلمۇخىل مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىگە جاۋاب بېرىپ، مۇسۇلمانلار جامائىتىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئېھتىياجىنى قاندۇرغان. قىرىق توققۇز يېشىدا ۋاپات بولۇپ، ۋاسىت دېگەن جايغا دەپنە قىلىنغان.

سعيد بن زيد بن عمر بن طفيل القرشي (أبو الأعور): (سەئىد ئىبنى زەيد ئىبنى ئۇمەر ئىبنى تۇفەيلىل قۇرەشىي، ئەبۇلئەئۋەر) (ھ ؟ـ 51 / م ؟ـ 671). جەننەت بىلەن بېشارەت بېرىلگەن ئون ساھابىنىڭ بىرى. رەسۇلۇللاھ بىلەن بارلىق جەڭلەرگە قاتناشقان ۋە يەرمۈك ۋە دەمەشىق مۇھاسىرىسىگە قاتناشقان. دەمەشققە ۋالىي بولغان. 48 ھەدىس رىۋايەت قىلغان.

سعيدُ بن العاص: (سەئىد ئىبنى ئاس) (ھ ؟ـ 51 / م ؟ـ 671). ساھابە، مەشھۇر ھەربىي قوماندان. كوفە ۋە مەدىنىگە ۋالىي بولغان.

سعيد بن مسيب: (سەئىد ئىبنى

مۇسەييەب) (ھ 2 ـ 91 / م 623 ـ 710). مەدىنە مۇنەۋۋەرەدىكى مەشھۇر يەتتە فەقىھنىڭ بىرى. تابىئىنلارنىڭ چوڭلىرىدىن. مۇجتەھىدلىك دەرىجىسىگە يەتكەن زات. مۇئمىنلەرنىڭ ئانىلىرى (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى)دىن ھەدىس ئۆگەنگەن. شۇنداقلا ئەبۇ ھۇرەيرە، سەئىد ئىبنى ۋەققاس قاتارلىقلاردا ئىلىم تەھسىل قىلغان. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر شەرىئەت مەسىلىلىرىدە پەتىۋا سورىغانلارغا سەئىد ئىبنى مۇسەييەبنىڭ ئالدىغا بېرىشنى جېكىلەيتتى.

سعيد بن منصور بن شعبة الخراساني (أبو عثمان): (سەئىد ئىبنى مەنسۇر ئىبنى شۇئبەتۇلخۇراسانى، ئەبۇ ئۇسمان) (ھ ؟ ـ 227 / م ؟ ـ 842). ھەدىسشۇناس، ئالىم. "السنن" «ئەسسۇنەن»، "التفسير" «ئەتتەپسىر» قاتارلىق كىتاپلارنى يازغان. ئىمام ئەھمەد، ئىمام دارىمى، ئىمام مۇسلىم ۋە ئەبۇ داۋۇد قاتارلىق مۇھەددىس ئالىملار ئۇنىڭدىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان. ئۇ راستچىل، ئىشەنچلىك، ئىلىم تارقىتىشقا ناھايىتى ھېرىس ئالىملاردىن ئىدى. مەككىدە ۋاپات بولغان.

السَّفَّاحُ، عبد الله بن محمد، أبو العباس: (سەففاھ، ئابدۇللاھ ئىبنى مۇھەممەد ئەبۇلئەبباس) (ھ ؟ ـ 136 / م ؟ ـ 754). ئابباسىيە دۆلىتىنى قۇرغان ھەم دۆلەتنىڭ تۇنجى خەلىپىسى بولغان.

السَّفَّاريني، محمد بن أحمد أبو العون: (سەفارىينى، مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد ئەبۇلئەۋن) (ھ ؟ ـ 1188 / م ؟ ـ 1774). تەتقىقاتچى، ھەنبەلىيە مەزھېپىدىكى فەقىھ. ئۇنىڭ "لوائح الأنوار البهية" «لەۋائىھۇل ئەنۋارىل بەھىيە» ناملىق ئەسىرى بار.

سُفْيانُ الثَّوْرِيُّ، بن سعيد أبو عبد الله: (سۇفيان سەۋرى ئىبنى سەئىد ئەبۇ ئابدۇللاھ) (ھ ؟ ـ 161 / م ؟ ـ 778). مەشھۇر مۇھەددىس، ئۆلىما. كۇفىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن. "الجامع الكبير" «ئەلجامىئۇل كەبىر»، "الجامع الصغير" «ئەلجامىئۇسسەغىر»، "الفرائض" «ئەلفەرائىز» ناملىق كىتابلار ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىندۇر.

سفيان بن عيينة بن ميمون: (سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە ئىبنى مۇھەممەد) (ھ 107 ـ 198 / م 725 ـ 815). تابىئىنلاردىن بولۇپ، ھەدىسشۇناس ۋە مۇجتەھىد. ناھايىتى تەقۋادار، تولىمۇ چېچەن بولۇپ، تۆت يېشىدا قۇرئاننى، ئالتە ـ يەتتە ياش ۋاقتىلىرىدا نۇرغۇن ھەدىسلەرنى يادقا ئېلىپ بولغان. «مەككە مۇكەررەمە ھەدىسشۇناسى» دەپ نام ئالغان.

السُّكَّرِيُّ، أبو سعيد الحسن بن الحسين: (سۇككەرىي، ئەبۇ سەئىد ھەسەن ئىبنى ھۈسەيىن) (ھ 212 ـ 275 / م 827 ـ 888). ئالىم، ئەدىب. "النبات" «ئەننەبات» (ئۆسۈملۈك)، "الوحوش" «ئەلۋۇھۇش» (ياۋايىلار) قاتارلىق نۇرغۇن كىتابلارنى يازغان.

يوسف بن محمد أبو يعقوب سراج الدين (الخوارزمي السكاكي): (يۈسۈف ئىبنى مۇھەممەد سىراجىددىن، خارەزمى، سەككاكى) (ھ ؟ ـ 626 / م ؟ ـ 1229). خارەزىملىق ئالىم. تىلشۇناسلىق. كۆپ ئەسەر يازغان. ئۇنىڭ ئىچىدە "مفتاح العلوم" «مىفتاھۇلئۇلۇم» (ئىلىملار ئاچقۇچى) ناملىق ئەسىرى ئەڭ مەشھۇر بولۇپ، ئۇن ئىككى پەننى ئۆز ئىچىگە ئالغان مىسلى يوق كىتابدۇر. بۇ زات چىڭگىزخاننىڭ ئوغلى چاغاتايخاننىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمى بولۇپ، ئۇنىڭ دەۋرىدە كاتتا

ئىمتىياز بىلەن ياشىغان.

السّلاجقة، السلجوقيون: (سەلاجىقە) (ھ 429 ـ 700 / م 1037 ـ 1300). سالجۇقىيلار سۇلالىسى. ئىران، كىچىك ئاسىيا، ئىراق ۋە سۈرىيىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان. ئوغۇز تۈركمەن قەبىلىلىرىنىڭ باشلىقى سالجۇققا نىسبەت بېرىلىدۇ.

السَّلاوي، شهاب الدين أبو العباس أحمد بن خالد: (سەلاۋىي، شىھابىددىن ئەبۇلئەبباس ئەھمەد ئىبنى خالىد) (ھ 1251 ـ 1315 / م 1835 ـ 1897). ماراكەشلىك تارىخشۇناس. ئۇنىڭ "الاستقصا لأخبار دول المغرب الأقصى" «ئەلئىستىسقا لىئەخبارى دوۋەلىل مەغرىبىل ئەقسا» (ماراكەش تارىخى) ناملىق كىتابى بار.

سلّام، ابن سلام، أبو عبيد القاسم: (سەللام، ئىبنى سەللام، ئەبۇ ئۇبەيدە ئەلقاسىم) (ھ 158 ـ 224 / م 774 ـ 838). تىلشۇناس، فەقىھ. ھىراتتا تۇغۇلۇپ، مەدىنىدە ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ ھەدىس ئىلمى ساھەسىدە "غريب الحديث" «غەرىبۇل ھەدىس» (ھەدىستىكى قىيىن سۆزلەر) ۋە "غريب المصنف" «غەرىبۇل مۇسەننەف» (ئەسەرلەردىكى قىيىن سۆزلەر) ناملىق كىتابلىرى بار.

سلّام، ابن سلام الجُمحي، محمد: (سەللام، ئىبنى سەللام جۇمھى، مۇھەممەد) (ھ ?ـ 232 / م ?ـ 846). ئوبزورچى، تارىخشۇناس. ئەسمەئى، مۇفەززەل زەبىيە، خەلەب ئەھمەر قاتارلىقلاردا ئىلىم تەھسىل قىلغان. ئۇنىڭ ئەڭ مەشھۇر ئەسىرى "طبقات فحول الشعراء" «تەبقاتۇ فۇھۇلىششۇئەرا» (تالانتلىق شائىرلار تەرجىمىھالى) ناملىق كىتابدۇر.

سَلَّامَة القَسّ: (سەللامە قەسس) (ھ ?ـ 130 / م ?ـ 748). مەدىنىلىك شائىرە، ناخشىچى. دەمەشقتە يەزىد ئىبنى ئابدۇلمەلىكنىڭ ئوردىسىدا ۋاپات بولغان.

سَلَامَة حجازي: (سەللامە ھىجازى) (ھ 1269 ـ 1336 / م 1852 ـ 1917). مىسىر تىياتىرچىلىقىنىڭ ئاساسچىسى، ناخشىچى، ئارتىست. تىياتىر ئۆمىكى قۇرغان.

سَلَامة موسى: (سەلامە مۇسا) (ھ 306 ـ 1378 / م 1888 ـ 1958). مىسىرلىق مۇتەپەككۇر، يازغۇچى بولۇپ، مەدەنىيەت، تىل ـ ئەدەبىياتتا يېڭىلىق ياراتقان مەشھۇر شەخس. "حرية الفكر وأبطالها في التاريخ" «ھۇررىيەتۇل فىكرى ۋە ئەبتالۇھا فىتتارىخ» (پىكىر ئەركىنلىكى ۋە تارىختىكى ئەركىن پىكىر قەھرىمانلىرى)، "الأدب والحياة" «ئەلئەدەب ۋەلھەيات» (ئەدەبىيات ۋە تۇرمۇش)، "تربية سلامة موسى" «تەربىيەتۇ سەلامە مۇسا» (سەللامە مۇسا تەربىيىسى) ئۇنىڭ مۇھىم ئەسەرلىرىدىندۇر.

سَلْمانُ الفارسي: (سەلمان پارسى) (ھ ?ـ 35 / م ?ـ 655). ئۇلۇغ ساھابە، ئىسفاھاندىن. مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە كۆچۈپ بېرىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچرىشىپ ئىسلام دىنىغا كىرگەن. خەندەك غازىتىدا مۇسۇلمانلارغا خەندەك كولاش مەسلىھىتىنى بەرگەن. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ئۇنى مەدائىننىڭ ئەمىرلىكىگە تەيىنلىگەن.

سُلَيْمَان: (سۇلەيمان) (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 970 ـ 918). سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام بەنى ئىسرائىل قوۋمىنىڭ پەيغەمبەرلىرىدىن بولۇپ، ئىسمى قۇرئان كەرىمدە ئون ئالتە ئورۇندا تىلغا ئېلىنغان. ئاللاھ ئۇنىڭغا ھەم پەيغەمبەرلىكنى ھەم پادىشاھلىقنى ئاتا

قىلغــــان. ئۇنىڭغـــا قۇشـــلارنىڭ تىلىنـــى بىلدۈرگەن. شامال ۋە جىنلارنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن. سـۇلەيمان ئەلەيھىسسالام قۇددۇس شـەھىرى ئەتراپىغـا سـىپىل سـوقتۇرغان. قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا، جەڭ ئاتلىرىنى مەشىق قىلدۇرۇشـقا ئالاھىـدە ئەھمىـيەت بەرگەن. ئىبنـى ئىـسهاقنىڭ رىـۋايەت قىلىـشىچە، سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام قىرىق يىل پادىشاھ بولغان، ئەللىك ئىككى يىل ئۆمۈر كۆرگەن.

سُـــلَيْمَانُ القـــانوني (ســـليمان الأول): (سۇلەيمان قانۇنى ‹بىرىنچى سۇلەيمان›) (ھ 900 ـ 974 / م 1494 ـ 1566). ئوسـمانىيلار سـۇلتانلىرىنىڭ ئونىنچـىسى. مەشـھۇر قانۇنشۇناس. ئۇنىـڭ دەۋرىـدە ئوسـمان ئىمپېرىيىسى سەلتەنەتىنىڭ يۇقىرى پەللىـسىگە يەتكەن.

السُّلَيْمانية: (سۇلەيمانىيە). ئىراقتىكى بىر شەھەر. كۆپىنچە ئاھالىسى كورد. سۇلەيمانىيە رايونىنىـڭ مەركىـزى. ھىجـرىيە 1191 ـ يىلـى (مىلادىيە 1778 ـ يىلى) بەرپا قىلىنغان.

السمرقندي (علاء الدين): (سەمەرقەندى، ئەلائىـۇددىن) (تەخمىــنەن ھ ?ـ 575 / م ?ـ 1180). ھەنەفىي مەزھىپىدىكى داڭلىق فەقىھ. بۇخارادا ۋاپات بولغان. قىزى فاتىمەنى ئۆزى ئوقۇتـۇپ يېتىـشتۈرگەن ۋە ئـۇنى فەقىـھ كاسانىغا ياتلىق قىلغان. سـەمەرقەندىنىڭ "تحفــة الفقهـــاء" «توھفەتـۇل فۇقەھـا» (فەقىھلەرنىڭ تۆھپىسى) ناملىق كىتابى بار.

الـــسمرقندي (نجيـــب الـــدين): (سەمەرقەندى، نەجىبۇددىن) (ھ ?ـ 619 / م ?ـ 1222). فەخرىددىن رازى بىلەن زامانداش تىۋىپ. تاتـارلار ھىراتقا بېسىپ كىرگەنـدە ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇ كېسەللەرگە دىئاگنوز قويۇش ۋە داۋالاش توغرىـسىدا يازغـان "الأســـباب والعلامات" «ئەلئەسباب ۋەلئەلامات» (كېسەل بولۇش سەۋەبلىرى ۋە كېسەللىك ئالامەتلىرى) ناملىق كىتابى بىلەن داڭق چىقارغان.

السمرقندي (شمس الدين): (سەمەرقەندى، شەمـسىددىن) (تەخمىـنەن ھ ?ـ 690 / م ?ـ 1291). لوگىكا ئالىمى، ئاسترونوم ۋە ئەدىب. ئۇنىــڭ "آداب الـــــــسمرقندي" «ئادابۇسسەمەرقەندى» دەپ تونۇلغـان "رسالة في آداب البحث" «ئادابۇل بەھـس» (تەتقىقات قائىدىلىرى) ناملىق ئەسـىرى بـار. بۇ كـىتاب مۇشـۇ پەنـدىكى ئەڭ مەشـھۇر ئەسـەرلەرنىڭ بىــرى. ئۇنىــڭ يەنە لوگىكـا (مەنتىــق) توغرىـسىدا "قـسطاس الميـزان" «قىـستاسۇل مىزان» (ئادىل تارازا) ناملىق كىتابى بار.

الـــسمرقندي (أبـــو القاســـم الليثـــي): (سەمەرقەندى، ئەبۇلقاسىم لەيسى) (ھ ?ـ 877 / م ?ـ 1473). فەقىـھ، تىلـشۇناس، ئەدىـب. ئۇنىــڭ "الرســـــالة الــــــسمرقندية" «ئەررىسالەتۇسـسەمەرقەندىيە» (سـەمەرقەندى ماقالىلىرى)، "بلوغ الأرب من تحقيق اسـتعارات العــرب" «بۇلۇغـۇل ئەرەب مــن تەھقىقــى ئىــستىئاراتىل ئەرەب» (ئەرەب تىلـــى ئىستىئارەسى توغرىسىدا) ۋە ھەنەفىي فىقھى توغرىـسىدىكى "مستخلص الحقائق في شرح كـنز الدقائق" «مۇستەخلەسۇل ھەقائىق فى شـەرھى كەنزىددەقائىق» (كەنزە دەقائىقنىڭ شـەرھى) ناملىق كىتابلىرى بار.

السموأل (ابن عاديا): (سەمەۋئەل، ئىبنـى ئاديـا) (تەخمىـنەن م ?ـ 560). جـاھىلىيەت دەۋرىـدە ئـۆتكەن يەھـۇدىي شـائىر. ئەبـلەق سېپىلىنىڭ قورغۇچىسى. ئـۇ ئىمرىئۇلقەيـسنىڭ ئامـانىتىنى قوغـداش يولـدا ئـوغلىنى پىدا قىلغـانلىقى ئۈچـۈن، ۋاپادارلىقتـا تەمـسىل

قىلىنىلىدۇ. ئۇنىڭ مەشھۇر بىر قەسىدىسى بار.

سُمَيَّةُ، أم عمار: (سۇمەييە، ئۇممۇ ئەممار) (م ?-615). سۇمەييە، ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئانىسى بولۇپ، بۇ بىر ئائىلە كىشىلىرى تۇنجى مۇسۇلمان بولغانلاردىن. قۇرەيش مۇشرىكلىرى ئۇلارنى قاتتىق قىينىغان. ئەبۇ جەھىل سۇمەييەنى قىيناپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ئۇ مۇسۇلمانلار ئىچىدىن شېھىت بولغانلارنىڭ تۇنجىسى.

سنان بن ثابت (أبو سعيد): (سەنان ئىبنى سابىت، ئەبۇ سەئىد) (ھ ?-331 / م ?-943). ھىرەلىك، سابىئى دىنىدىكى تېۋىپ. باغدادتا ياشىغان. مۇقتەدىر زامانىدىكى تېۋىپلارنىڭ پېشۋاسى بولۇپ، قاھىر ۋە رازى قاتارلىق خەلىپىلەرنىڭ خىزمىتىدە بولغان.

السِّنْدبادُ البحري: (سىندىباد بەھرى). «دېڭىز ساياھەتچىسى سىندىباد». ئەپسانىۋى قەھرىمان. ئۇنىڭ دېڭىز سەپىرى ۋە ئاجايىپ سەرگۈزەشتىلىرى "ألف ليلة وليلة" «ئەلفۇ لەيلەتىن ۋە لەيلە» (مىڭبىر كېچە) ھېكايىلىرىدە بايان قىلىنغان.

سِنِمَّار: (سىنىممار). رۇملۇق بىناكار، نوئمانغا بىر ساراي سالغان بولۇپ، ئۇنى مىسلىسىز ياخشى سالغان. نوئمان باشقا يەنە مۇشۇنداق سارايىنىڭ سېلىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇنى بىنانىڭ ئۈستىدىن تاشلاپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ئەرەبلەردە ياخشىلىققا يامانلىق قىلغۇچىلارغا "جوزي جزاء سنمار" «جۇزىيە جەزائە سىنىممار» (سىنىممارنىڭ جازالانغىنىدەك جازالاندى) دېيىلىدىغان تەمسىل مانا شۇنىڭدىن كېلىپ چىققان.

السَّنوسيّ (أبو عبد الله محمد): (سەنۇسى، ئەبۇ ئابدۇللاھ مۇھەممەد) (ھ ?-895 / م ?-1489). مالىكىي مەزھىپىدىكى فەقىھ. يېتۈك ئالىم. ئۇنىڭ ئەقىدە توغرىسىدا يازغان "عقيدة أهل التوحيد" «ئەقىدەتۇ ئەھلى تەۋھىد» (ئەھلى تەۋھىد ئەقىدىسى) ۋە "العقيدة الكبرى" «ئەلئەقىدەتۇل كۇبرا» (چوڭ ئەقىدە)، "أم البراهين" «ئۇممۇل بەراھىن» (تۈپ دەلىللەر) ۋە "العقيدة الصغرى" «ئەلئەقىدەتۇسسۇغرا» (كىچىك ئەقىدە) ناملىق كىتابلىرى ۋە ئالگېبرا ھەققىدە يازغان "شرح مقدمات الجبر والمقابلة" «شەرھى مۇقەددىماتىل جەبەرى ۋەلمۇقابەلە» (ئالگېبرا مۇقەددىمىگە شەرھ) ناملىق كىتابى، يەنە "شرح جمل الخونجي"«شەرھى جۇمەلىل خونىجى» ناملىق ئەسەرلىرى بار.

السنوسي أبو عبدالله محمد بن على: (سەنۇسى، ئەبۇ ئابدۇللاھ مۇھەممەد ئىبنى ئەلى) (ھ 1201-1275 / م 1787-1859). ئالجىرىيىلىك تەرىقەت پېشۋاسى. مۇستەغانىمدا تۇغۇلغان، فاستا ئوقۇغان. سەنۇسىيە تەرىقىتىگە ئاساس سالغان. لىۋىيىدىكى يېشىل تاغدا "الزاوية البيضاء" «ئەززاۋىيەتۇل بەيزا» (ئاق خانىقا)نى بىنا قىلغان. ئۇ جوغبۇبتىكى خانىقاغا كۆچۈپ كەتكەن. ئۇنىڭ مەقبەرىسى شۇ يەردە. ئۇنىڭ "الدر السنية في أخبار السلالة الإدرسية" «ئەددۇررۇسسەنىيە فى ئەخبارىسسۇلالەتىل ئىدرىسىيە» (ئىدرىسىيە سۇلالىسىنىڭ تارىخى)، "بغية القاصد" «بۇغيەتۇل قاسىد» (كۆزلىگۈچىنىڭ مەقسىتى)، "شفاء الصدر" «شىفائۇسسەدر» (يۈرەك داۋاسى) قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

السُّهْرَوَرْدِي، أبو الفتوح شهاب الدين يحيى بن حبس: (سوھرەۋەردى، ئەبۇلفەتۇھ شىھابىددىن يەھيا ئىبنى ھەبىس) (ھ 549-

587 / م 1154 ـ 1191). ئىشراقىيە مەزھىپىدىكى پەيلاسوپ. ئىراننىڭ سوھرەۋەرد دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ "المقاومات" «ئەلمۇقاۋەمات»، "هياكل النور" «ھەياكىلىننۇر»، "حكمة الإشراق" «ھېكمەتۇل ئىشراق» ناملىق نۇرغۇن ئەسەرلىرى بار. ئۇ زىندىق دەپ قارىلىپ ھەلەبتە ئۆلتۈرۈلگەن.

السُّهْرَوَرْدِي، أبو حفص عمر بن محمد شهاب الدين: (سوھرەۋەردىي، ئەبۇ ھەفسى ئۇمەر ئىبنى مۇھەممەد شىھابىددىن) (ھ 540 ـ 632 / م 1145 ـ 1234). تەرىقەت پېشۋاسى، شافىئىي مەزھىپىدىكى فەقىھ. ئۇنىڭ "عوارف المعارف" «ئەۋارىفۇل مەئارىف» ناملىق كىتابى بار، بۇ كىشى تەسەۋۋۇپ ئېقىمىدىكى سوھرەۋەردىيە سۇلۇكىغا ئاساس سالغان.

سَهْلُ بن هارون: (سەھل ئىبنى ھارۇن) (ھ ?ـ 215 / م ?ـ 830). ئابباسىيلار دەۋرىدە ئۆتكەن يازغۇچى. خەلىپە مەئمۇن ئۇنى بەيتۇلھىكمەت كۇتۇبخانىسىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل قىلغان. "تدبير الملك والسياسة" «تەدبىرۇلمۇلۇك ۋەسسىياسە» (پادىشاھلىق ۋە سىياسەت تەدبىرلىرى)، "ثعلة وعفراء" «سۇئلەتۇن ۋە ئەفرا» ناملىق كىتابلار ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىندۇر.

سهل التستري: (سەھلى تەسەتتۇرى) (ھ ?ـ 283 / م ?ـ 896). داڭلىق تەرىقەت ئەربابى ۋە كالامشۇناس. تەسەددۇردا تۇغۇلغان. بەسرەگە پالىنىپ، شۇ يەردە ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ "تفسير القرآن" «تەفسىرۇل قۇرئان» (قۇرئان تەپسىرى) ۋە "مجموعة أجوبة" «مەجمۇئەتۇ ئەجوۋبە» (جاۋابلار) ناملىق ئەسەرلىرى بار. سالىمىيە مەزھىپىنىڭ ئاساسچىسى بولغان مۇھەممەد ئىبنى سالىم ۋە مەنسۇر ھەللاج ئۇنىڭ شاگىرتلىرىدۇر.

السُّودانُ (جمهورية السودان): (سۇدان «سۇدان جۇمھۇرىيىتى»). شەرقىي ئافرىقىدىكى ئەرەب جۇمھۇرىيىتى، پايتەختى خارتۇم. ئۇممۇ دەرمان، سۇدان بەھرى، ئەتبەرە، بورسۇدان ئۇنىڭ مەشھۇر شەھەرلىرىدۇر.

سودة بنت زمعة: (سەۋدە بىنتى زەمئە) (ھ ?ـ 54 /?ـ 674م). رەسۇلۇللاھنىڭ خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ۋاپات بولغاندىن كېيىن نىكاھىغا ئالغان ئايالى.

السُّوَيْس: (سۇۋەيش). 1. مىسىردىكى سۇۋەيش قولتۇقىدىكى بىر پورت شەھىرى، سۇۋەيش رايونىنىڭ مەركىزى. 2. سۇۋەيش قانىلى. بۇ قانال بور سەئىد بىلەن سۇۋەيش شەھىرى ئارىلىقىدا بولۇپ، قىزىل دېڭىزنى ئوتتۇرا دېڭىزغا تۇتاشتۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 168 كىلومېتىر. ھىجرىيە 1276 ـ 1286 (م 1859 ـ 1869) ـ يىللىرى قېزىلغان. رەئىس جامال ئابدۇناسىر ئۇنى ھىجرىيە 1376 (م 1956) ـ يىلى دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋالغان.

سِيْبَوَيْه: أبو بشر عمرو بن عثمان: (سىبۋەيە، ئەبۇ بىشر ئەمرى ئىبنى ئۇسمان). (تەخمىنەن ھ ?ـ 180 / م ?ـ 796). تىلشۇناس ۋە گىراماتىكشۇناس ئالىم. بەسرەلىك. ئۇنىڭ گىراماتىكىغا دائىر "الكتاب" «ئەلكىتاب» ناملىق كىتابى بار. ئۇ بەسرە گىراماتىكا ئېقىمىنىڭ پېشۋاسى دەپ قارىلىدۇ.

سِيدَه، ابن سيده: علي بن إسماعيل: (سەيدە، ئىبنى سەيدە، ئەلى ئىبنى ئىسمائىل) (ھ 398 ـ 459 / م 1007 ـ 1066). ئەندەلۇسلۇق تىلشۇناس، ئەدىب بولۇپ، ئەما ئىدى.

"المحكم" «ئەلمۇھكەم»، "المخصص" «ئەلمۇخەسسەس» قاتارلىق لۇغەت كىتابلىرى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىندۇر.

السيرافي، أبو سعيد الحسن بن عبد الله: (سىيرافىي، ئەبۇ سەئىد ھەسەن ئىبنى ئابدۇللاھ) (ھ 283-369 / م 897-979). گىراماتىكا ئالىمى. ئۇ ئەسلى ئىران سىرافتىن، باغدادتا ۋاپات بولغان. "شرح كتاب سيبويه" «شەرھى كىتابى سىبۋەيھ»، "الإقناع" «ئەلئىقنا»، "صنعة الشعر" «سەنئەتۇششىئر» (شېئىرىيەت ماھارىتى) ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىم ئەسەرلىرىدىندۇر.

سيرةُ ابن هشام: (سىيرەتى ئىبنى ھىشام). ئىبنى ھىشام يازغان رەسۇلۇللاھنىڭ تەرجىمھالى توغرىسىدىكى ئەڭ ئىشەنچلىك ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. ئىبنى ھىشام بۇ كىتابتا ئىبنى ئىسھاقنىڭ "المغازي والسير" «ئەلمەغازى ۋەسسىيەر» كىتابىغا ئاساسلانغان.

سيرة بني هلال: (سىيرەتى ئىبنى ھىلال). چوڭ ھەجىملىك ئەرەب خەلق قىسسىسى. بۇ ئەسەردە قەھرىمانلىق ۋەقەلىرى، قەيس قەبىلىلىرىنىڭ يەمەندىن نەجدكە، ئاندىن مىسىردىن ئۆتۈپ مەغرىبكە كۆچۈشى ۋە بەنى ھىلال قەبىلىسىنىڭ تۇنىستىكى خەلپە رەناتى بىلەن بولغان كۈرەشلىرى تەسۋىرلىنىدۇ.

سيرة سيف بن ذي يزن: (سىيرەتى سەيف ئىبنى زىي يەزىن). چوڭ ھەجىملىك ئەرەب خەلق قىسسىسى. ئەسەر قەھرىمانى ھىميەرلىك پادىشاھ سەيف ئىبنى زىي يەزىن ھىميەرى (م ?-574). ئۇ ھەبەشلەرنى يەمەن شەھەرلىرىدىن سۈرۈپ چىققان. بۇ قىسسە ھىجرىيە 8-9 (م 14-ۋە 15)-ئەسىرلەر ئارىلىقىدا بارلىققا كەلگەن، ئۇنىڭدا فانتازىيە ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ.

سيرة الظاهر بيبرس: (سىرەتى زاھىر بىبىرس). چوڭ ھەجىملىك ئەرەب خەلق قىسسىسى. ئۇنىڭ باش قەھرىمانى زاھىر بىبىرس (مىسىر). بۇ قىسسىدە زاھىر بىبىرس ئەھلىسەلىپ ئۇرۇشلىرى ۋە موڭغۇللارنىڭ ھۇجۇملىرىنى توسۇشتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان قەھرىمان سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنىدۇ.

سيرة عنترة (أو عنتر): (سىيرەتى ئەنتەرە). چوڭ ھەجىملىك ئەرەب خەلق قىسسىسى. ئۇ شېئىرىي ھەم نەسرىي ئۇسلۇبتا يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ باش قەھرىمانى جاھىلىيەت دەۋرىدە ئۆتكەن ئەبۇس قەبىلىسىدىن بولغان شائىر ئەنتەرە ئىبنى شەدداد ئەبەسىدۇر. ئۇ ئۆزىنىڭ باتۇرلۇقى ۋە چەۋەندازلىقى بىلەن مەشھۇر بولغان.

سِيلانُ (جمهورية سيري لانكا): (سەيلان ‹سىرلانكا جۇمھۇرىيىتى›). ھىندى ئوكياندىكى بىر ئارال دۆلەت، پايتەختى كولومبو. ئەرەبلەر قەدىمدە ئۇنى "سرنديب" «سىير نەدىب» دەپ ئاتايتتى.

سينا، سيناء: (سىينا). مىسىردىكى ئۈچ بۇرجەك يېرىم ئارال. ئۇ ئافرىقىنى ئاسىيا بىلەن باغلاپ تۇرىدۇ، كان بايلىقى ۋە نېفتى مول. تارىخىي، سىياسىي ۋە دىنىي جەھەتتە ئىستراتېگىيىلىك جاي ھېسابلىنىدۇ.

السيوطي، جلال الدين عبد الرحمن: (سۇيۇتى، جالالۇددىن ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەبۇ بەكرى) (ھ 849-912 / م 1445-1055). كۆپ تەرەپلىمىلىك بىلىمگە ئىگە ئالىم. تەپسىر، ھەدىس، تىل ۋە گىراماتىكا ھەققىدە نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان. قاھىرەدە تۇغۇلۇپ، شۇ يەردە ۋاپات بولغان.

ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۈچ يۈز پارچىدىن ئاشىدۇ. ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىم ئەسەرلىرىدىن تەپسىر ھەققىدە "تفسير الجلالين" «تەفسىرۇل جەلالەين» ، "الدر المنثور في التفسير المأثور" «ئەددۇررۇل مەنسۇر فىتتەفسىرىل مەئسۇر» ، گىراماتىكا ھەققىدە "همع الهوامع" «ھەمئۇل ھەۋامىئ» ، "المزهر" «ئەلمۇزھىر» ، مىسىر تارىخى توغرىسىدا "بغية الوعاة في طبقات اللغويين والنحاة" «بەغيەتۇل ۋۇئات فى تەبقاتىل لۇغۇيىن ۋەننۇھات» قاتارلىق 500 پارچىدىن ئارتۇق ئەسىرى بار.

السَّيِّد، أحمد لطفي: (سەييد، ئەھمەد لۇتفى) (ھ 1289 ـ 1383 / م 1872 ـ 1963). مىسىرلىق مۇتەپەككۇر، سىياسىيون. يېڭى ئىدىيىۋى گۈللىنىش ھەرىكىتىگە زور تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇ مىسىرنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى، مۇئاۋىن باش مىنىستىر، قاھىرە ئەرەب تىلى جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى بولغان.

سَيِّد درويش: (سەييد دەرۋىش) (ھ 1258 ـ 1342 / م 1842 ـ 1923). مىسىرلىق مۇزىكانت، كومپوزىتور. ئەرەب مۇزىكىسى ۋە ئوپېرادا يېڭىلىق ياراتقان. "بلادي بلادي" «بىلادىي بىلادىي» «ۋەتىنىم» ناملىق ناخشىسى ئۇنىڭ ئۆلمەس ئىجادىيەت سەمەرىسىدۇر. ئۇ جەمئىي ئون ئىككى ئوپېرا يازغان. ئەڭ مەشھۇرلىرى "شهرزاد" «شەھرىزاد» ، "العشرة الطيبة" «ئەلئەشەرەتىتتەييىبە» (ئون ياخشىلىق) قاتارلىقلاردۇر.

ش

الشابِّي، أبو القاسم بن محمد: (شابىي، ئەبۇلقاسىم ئىبنى مۇھەممەد) (ھ 1324 ـ 1353 / م 1906 ـ 1934). تۇنىسلىق شائىر، تۇنىسنىڭ شابىيە دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان. ئۇ يېڭىلىق تەرەپدارىدىكى شائىرلارنىڭ بايراقدارى بولۇپ، ياش ۋاقتىدىلا ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ چىنلىق، بەدىئىيلىك، شېئىرىي ئاھاڭدارلىققا تويۇنغان "أغاني الحياة" «ئەغانىل ھەيات» (ھايات كۈيلىرى) ناملىق بىر شېئىرلار توپلىمى بار.

شادي، أبو شادي، أحمد زكي: (شادىي، ئەبۇشادىي، ئەھمەد زەكىي) (ھ 1310 ـ 1375 / م 1892 ـ 1955). مىسىرلىق شائىر. ئۇ 1932 ـ يىلى «ئەبولو» ژۇرنىلىنى تەسىس قىلغان. بۇ ژۇرنال ئەرەب شېئىرىيىتىنىڭ گۈللىنىشىگە خېلى زور تۆھپە قوشقان. ئۇنىڭ بىر شېئىرلار توپلىمى ۋە ئوپېراسى بار.

الشاذِلِّي، أبو الحسن علي بن محمد: (شازىلى، ئەبۇلھەسەن ئەلى ئىبنى مۇھەممەد) (ھ ? ـ 656 / م ? ـ 1258). ماراكەشلىك. «شازىلىيە» تەرىقىتىنى بەرپا قىلغان. ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئادالەتسىزلىككە ئۇچرىغاچقا، مىسىرنىڭ سەئىد دېگەن يېرىگە قېچىپ بېرىپ، شۇ يەردە ۋاپات بولغان.

الشاطِبِيُّ، إبراهيم بن موسى، أبو إسحاق: (شاتىبىي، ئىبراھىم ئىبنى مۇسا ئەبۇ ئىسھاق) (ھ ? ـ 790 / م ? ـ 1388). مالىكىي مەزھەپىدـ ىكى فىقھشۇناس، ئۇسۇلشۇناس، تىلشۇناس ۋە ھەدىسشۇناس. ئۇنىڭ ئۇسۇلى فىقھى توغرىسىدا يازغان كىتابلىرى بار.

الشافِعِي، محمد بن إدريس: (شافىئىي، مۇھەممەد ئىبنى ئىدرىس) (ھ 150 ـ 204 / م 767 ـ 820). تۆت مەزھەپنىڭ بىرى بولغان شافىئىي مەزھىپىنىڭ ئاساسچىسى. غەززىدە تۇغۇلۇپ، مەككە ۋە مەدىنىدە ياشىغان، كېيىن مىسىردا يەرلىشىپ شۇ يەردە ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ شاخچە مەسىلىلەر ھەققىدە يازغان "الأم" «ئەلئۇم» ناملىق كىتابى، ئۇسۇلى فىقھى توغرىسىدا يازغان "الرسالة" «ئەررىسالە» ناملىق كىتابى بار.

الشاهْنامَة: (شاھنامە). ئەبۇلقاسىم فىردەۋسىنىڭ شېئىرىي داستانى. ئۇنىڭدا ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى پارس پادىشاھلىرىنىڭ ھېكايەت ۋە ئەپسانىلىرى بايان قىلىنغان. ئۇ 60 مىڭ بېيىتتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، نۇرغۇن تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان.

شَبَكَة، أبو شبكة: إلياس: (شەبكە، ئەبۇ شەبكە، ئىلياس) (ھ 1322 ـ 1367 / م 1904 ـ 1947). لىۋانلىق شائىر ۋە ژۇرنالىست. "غلواء" «غۇلۋا» ۋە "أفاعي الفردوس" «ئەفائىل فىردەۋس» (فىردەۋس چايانلىرى) ناملىق شېئىرلار توپلىمى بار. ئۇ يەنە مولىر تىياتىرلىرىنى تەرجىمە قىلغان.

الشبلي (أبو بكر): (شىبلى، ئەبۇبەكرى)

(ھ ?-334 / م ?-946). مەشھۇر ئەھلى تەسەۋۋۇپ. ئۇ دەنباۋەند دېگەن جايغا ۋالىي بولغان. ئاندىن زاھىدلىق يولىغا مېڭىپ، ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولغان. تەقۋادارلىقى بىلەن شۆھرەت قازانغان. سامىرا دېگەن جايدا تۇغۇلۇپ، باغدادتا ۋاپات بولغان. ئۇ شىبلى دېگەن تەخەللۇس بىلەن مەشھۇر بولغان. ئۇنىڭ ئىسمى ھەققىدە نۇرغۇن ئوخشىمىغان قاراشلار بار.

الشَّبِيْبي: محمد رضا: (شەبىيبي، مۇھەممەد رىزا) (ھ 1306-1385 / م 1888-1965). ئىراقلىق شائىر ۋە سىياسىيون. مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى بولغان. ئۇنىڭ بىر شېئىرلار توپلىمى بار.

شَجَرَة الدُّر: (شەجەرەتۇددۇر) (ھ ?-655 / م ?-1257). ئەييۇبىيلار سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى پادىشاھى سالىھ نەجمىددىن ئەييۇبىنىڭ كېنىزىكى بولۇپ، سالىھ نەجمىددىن ئۇنى ئازاد قىلىپ نىكاھىغا ئالغان. شەجەرەتۇددۇر ئەقىل-پاراستى ۋە ھۆسن-جامالى بىلەن نەجمىددىننىڭ مۇھەببىتى ۋە ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن. پادىشاھ جەڭلەرگە چىقىپ كەتكەندە ئورنىغا شەجەرەتۇددۇرنى دۆلەت ئىشلىرىنى ۋاقىتلىق باشقۇرۇشقا قويۇپ قويغان. پادىشاھ سالىھ نەجمىددىن تۇيۇقسىز ۋاپات بولغاندىن كېيىن، شەجەرەتتۇددۇر تەخت ۋارىسى تۇران شاھنى ئۆلتۈرۈپ تەختكە ئولتۇرغان. بۇنىڭ بىلەن ئەييۇبىيلار سۇلالىسى ئاخىرلىشىپ، ئىككى يېرىم ئەسىر (م 1250-1517) داۋاملاشقان مەمالىكىيلەر سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقى باشلانغان. شەجەرەتۇددۇر 1257-يىلى ئۆگەي ئوغلى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

الشَّجَرِي، ابن الشجري: الشريف أبو السعادات هبة الله بن علي: (شەجەرىي، ئىبنۇششەجەرىي، شەرىف ئەبۇ سائادات ھىبەتۇللاھ ئىبنى ئەلى) (ھ 450-543 / م 1058-1148). باغدادلىق تىلشۇناس. ئۇ "الأمالي" «ئەلئامالىي»، "الحماسة" «ئەلھەماسە» ناملىق ئەسەرلەرنى يازغان.

الشِّدْياق، أحمد فارس: (شىدياق، ئەھمەد پارس) (ھ 1219-1306 / م 1804-1888). لىۋانلىق ئەدىب، مۇخبىر، تىلشۇناس. "الرائد التونسي" «تۇنىس يېتەكچىسى» گېزىتىنىڭ باش مۇھەررىرى. ئۇنىڭ "الجاسوس على القاموس" «ئەلجاسۇس ئەلەلقامۇس» ۋە "الساق على الساق" «ئەسساق ئەلەسساق» قاتارلىق مۇھىم ئەسەرلىرى بار.

الشَّرْتُونِيُّ، سعيد: (شەرتۇنى، سەئىد) (ھ 1266-1331 / م 1849-1912). لىۋانلىق ئەدىب. داڭلىق تىلشۇناس. ئۇ "أقرب الموارد" «ئەقرەبۇلمەۋارىد» ناملىق لۇغەتنى تۈزگەن.

الشرقاوي (عبد الله): (شەرقاۋى، ئابدۇللاھ) (ھ 1149-1227 / م 1737-1812). مىلادىيە 1794-يىلى ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شەيخى بولغان. ئۇنىڭ "تحفة الناظرين في من ولي مصر من الولاة والسلاطين" «توھفەتۇننازىرىين فى مەن ۋەلىيە مىسرە مىنەلۇۋۇلاتى ۋەسسەلاتىين» (مىسىرغا ھۆكۈمران بولغان سۇلتانلار) ناملىق ئەسىرى بار.

الشَّرِيف الرَّضى، محمد بن الحسين: (شەرىيفۇررىزا، مۇھەممەد ئىبنى ھۈسەين) (ھ 359-406 / م 970-1016). داڭلىق شائىر، ئەدەبىياتشۇناس ۋە تىلشۇناس. باغدادتا تۇغۇلۇپ، شۇيەردە ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ بىر

شېئىرلار توپلىمى ۋە "تلخيص البيان عن مجازات القرآن" «تەلخىسۇل بايان ئەن مەجازاتىل قۇرئان» (قۇرئاندىكى ماجاز توغرىسىدا قىسقىچە بايان) ناملىق كىتابى بار.

الشَّرِيف المُرْتضى، علي بن الحسين: (شەرىيفۇلمۇرتەزا، ئەلى ئىبنى ھۇسەيىن) (ھ 355ـ436 / م 966ـ1044). شىئەلەرنىڭ فىقھشۇناسى. ئەدەبىيات، شېئىرىيەت ۋە ئىلمى كالامدا كامالەتكە يەتكەن. باغدادتا تۇغۇلۇپ، شۇ يەردە ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ "الأمالي" «ئەلئامالىي» ناملىق كىتابى بار.

الشرق الأدنى: (شەرقۇلئەدنا ‹يېقىن شەرق›). ئوتتۇرا دېڭىز بويىغا جايلاشقان غەربىي ئاسىيا رايونلىرىنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى. يەنى تۈركىيىنىڭ شىمال تەرىپى، قوبرۇس، سۈرىيە، لىۋان، پەلەستىن ۋە ھەتتا مىسىرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

الشرق الأقصى: (شەرقۇلئەقسا ‹يىراق شەرق›). شەرقىي ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى. يەنى، ياپونىيە، كورىيە، جۇڭگو، ھىندىستان، فىلىپپىن، ۋىيېتنام، تايلاند، بىرما، مالايسىيا، ھىندونېزىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

الشرق الأوسط: (شەرقۇلئەۋسەت ‹ئوتتۇرا شەرق›). بىر قىسىم غەربىي جەنۇبىي ئاسىيا رايونلىرىنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى. يەنى، ئەرەب يېرىم ئارىلى، ئىئوردانىيە، سۈرىيە، لىۋان، ئىراق، تۈركىيە، سۇدان دۆلەتلىرىنى ۋە مىسىر، ئافغانىستان، پاكىستان دۆلەتلىرىنىڭ بىر قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

شعبي، عامر بن شراحيل: (شەئبىي، ئامىر ئىبنى شەراھىل) (ھ 6ـ104 / م 627ـ722). تابىئىنلارنىڭ چوڭلىرىدىن. فىقھشۇناس، مۇجتەھىد. ئۇمەۋىيلەر خەلىپىلىرىدىن ئابدۇلمەلىكنىڭ دەۋرىدە ياشىغان. بۇ زات تولىمۇ كەمتەر ئىدى. بىر ئادەم ئۇنىڭدىن دىنىي مەسىلە سورىغاندا، ئۇ: بىلمەيمەن، دەپ جاۋاب بەرگەن. ئۇ كىشى: سەن شۇنچە چوڭ ئالىم تۇرۇپ بىلمەمسەن! دېگەندە، ئۇ: «قۇرئان كەرىم»دە پەرىشتىلەرنىڭ "لاَ عِلْمَ لَنَا إلاَّ مَا عَلَّمْتَنَا" «بىز سەن بىلدۈرگەندىن باشقىنى بىلمەيمىز» دېگەنلىكى تۇرسا، مەن بىلمەيمەن دېيىشىم نېمە بوپتۇ! دەپ جاۋاب بەرگەن. بىر كىشى ئۇنى «ئى فەقىھ» دەپ چاقىرغاندا، ئۇ: مەن فەقىھ ئەمەس، ئالىمۇ ئەمەس. پەقەت ئەھلى ھەدىستىن ئاڭلىغاننى باشقىلارغا يەتكۈزگۈچىلا خالاس، دېگەن.

الشعراني (عبد الوهاب): (شەئرانى، ئابدۇلۋەھھاب) (ھ ?ـ973 / م ?ـ1565). شافىئىي مەزھىپىدىكى فەقىھ، مىسىردىكى ئەھلى تەسەۋۋۇپنىڭ چوڭلىرىدىن. قاھىرەدە ياشىغان. ئۇنىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرى بار. ئىسلام دۇنياسىدا ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە شەخس. ئۇنىڭ "البحر المورود في المواثيق والعهود" «ئەلبەھرۇل مەۋرۇد فىلمەۋاسىقى ۋەلئۇھۇد» (كېلىشىم ئەھدىلەر توغرىسىدا)، "البدر المنير" «ئەلبەدرۇل مۇنىر» (تولۇن ئاي)، "الجواهر والدرر الكبرى" «ئەلجەۋھەر ۋەددۇرەرىل كۇبرا»، "لواقح الانوار في طبقات السيادة الأخيار" «لەۋاقىھۇل ئەنۋار فى تەبەقاتىسسىيادەتىل ئەخيار» (ئېسىلزادىلەر تەبىقىسىدە پورەكلىگەن چېچەك) ۋە "لطائف المنن" (ياخشى زاتلار تەرجىمىھالى) قاتارلىق كىتابلىرى بار.

شَعْرَاوِيّ، هدى: (شەئراۋى، ھۇدا) (ھ 1297ـ1367 / م 1879ـ1947). مىسىردىكى ئاياللار ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ

باشلامچىلىرىدىن بىرى. ئەلى پاشا شەئىراۋىنىڭ ئاپالى. «نىل قىزلىرى ئۇيۇشمىسى»نى تەسىس قىلغان.

شُعَيب: (شۇئەيب، شۇئەيب ئەلەيھىسسالام). شۇئەيب ئەلەيھىسسالام قۇرئان كەرىمدە تىلغا ئېلىنغان پەيغەمبەر. ئۇنىڭ نەسەبى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا تۇتىشىدۇ. شۇئەيب ئەلەيھىسسالام مەديەن ئاھالىسىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەن. مەديەن ئاھالىسى ھىجاز زېمىنىدا ياشىغان. شۇئەيب ئەلەيھىسسالام قوۋمىنى تەۋھىدكە ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا، تارازا-ئۆلچەملەردە ئادىل بولۇشقا دەۋەت قىلغان. ئەمما ئۇلار دەۋەتكە قۇلاق سالماي، گۇمراھلىقتا تېخىمۇ ئەزۋەيلىگەچكە ئاللاھ ئۇلارنى ھالاك قىلغان. شۇئەيب ئەلەيھىسسالام قوۋمى ھالاك بولغاندىن كېيىن، يەنە بىر مەزگىل ياشىغان.

الشفاء: (شىفائ). ئىبنى سىنانىڭ پەلسەپە ساھەسىدە تۈزگەن ئەڭ مەشھۇر قامۇسى. بۇ كىتاب بابقا ئايرىلىشنىڭ ئۆزگىچە بولۇشىدەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. كىتاب لوگىكا، ماتېماتىكا، تەبىئەتشۇناسلىق، ئىلاھىيەتتىن ئىبارەت تۆت قىسىمدىن تۈزۈلگەن.

شقيق البلخي: (شەقىقۇل بەلەخى) (ھ ؟-194 / م ؟-810). زاھىد، تەرىقەتچى. خۇراسانلىق مەشھۇر ئۆلىما. ماۋەرائۇننەھردىكى گولان ئۇرۇشىدا شېھىت بولغان.

شلتوت، محمود، الإمام الأكبر: (شەلتۇت، مەھمۇد، ئىمامۇل ئەكبەر) (ھ 1310-1383 / م 1893-1963). مىسىرلىق فىقھشۇناس، تەپسىرشۇناس. مۇتەئەسسىپلىك ۋە مەزھەپ ئەسەبىيچىلىككە قارشى كۈرەش قىلغان. بىر قاتار دىنىي ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئېلىپ، قەدەممۇقەددەم يۇقىرى ئۆرلەپ، ھىجرىيە 1378 (م 1958)-يىلى جامىئۇل ئەزھەرگە شەيخ بولۇپ تەيىنلەنگەن. ئۇ يەنە قاھىرە ئەرەب تىلى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى. ئۇنىڭ "فقه القرآن والسنة" «فىقھۇل قۇرئان ۋەسسۈننە» (قۇرئان ۋە ھەدىس چۈشەنچىسى)، "مقارنة المذاهب" «مۇقارەنەتىل مەزھەب» (مەزھەپلەر ئوتتۇرىسىدىكى سېلىشتۇرما)، "الفتاوى" «ئەلفەتاۋا» (پەتىۋالار)، "تفسير القرآن" «تەفسىرۇل قۇرئان» (قۇرئان تەپسىرى)، "منهج القرآن في بناء المجتمع" «مەنھەجۇل قۇرئان فى بىنائىل مۇجتەمەئى» (قۇرئان كەرىمنىڭ جەمئىيەت بەرپا قىلىشتىكى مەسلىكى) قاتارلىق نۇرغۇن ئەسەر ۋە تەتقىقات ماقالىلىرى بار.

الشنفرى، ثابت بن أوس الأزدي: (شەنفەرى، سابىت ئىبنى ئەۋسىل ئەزدى). مىلادىيە 6-ئەسىردە ياشىغان. يەمەنلىك، جاھىلىيەت دەۋرىدە ئۆتكەن سەرگەردان شائىر. ئۇنىڭ پەخىرلىنىش ۋە قەھرىمانلىق توغرىسىدا بىرقانچە پارچە شېئىرى ۋە "لامية العرب" «لامىيەتۇل ئەرەب» ناملىق مەشھۇر قەسىدىسى بار.

الشّهابي الأمير مصطفى: (شىھابىي، ئەمىر مۇستافا) (ھ 1311-1388 / م 1893-1968). سۇرىيىلىك تىلشۇناس، سىياسىيون، ئەدىب. دەمەشىق، باغداد ۋە قاھىرەدىكى ئىلمىي جەمئىيەتلەرنىڭ ئەزاسى بولغان. ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىم ئەسەرلىرىدىن "معجم الألفاظ الزراعية" «مۇئجەمۇل ئەلفازىززىرائىيە» (دېھقانچىلىق لۇغىتى)، "المصطلحات العلمية في اللغة العربية" «ئەلمۇستەلھاتۇل ئىلمىيە فىللۇغەتىل ئەرەبىيە» (ئەرەبچە پەن-تېخنىكا لۇغىتى)

قاتارلىقلار بار.

الشَّهْرَسْتَانِي، محمد بن عبد الكريم: (شەھرەستانى، مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلكەرىم) (ھ ؟-548 / م ؟-1153). كالامشۇناس پەيلاسوپ، فىقھشۇناس. شەھرىستاندا تۇغۇلۇپ، شۇ يەردە ۋاپات بولغان. "الملل والنحل" «ئەلمىلەل ۋەننىھەل» (دىن ۋە مەزھەپلەر) ئۇنىڭ ئەڭ مەشھۇر ئەسىرىدۇر.

شَوْقِيْ، أحمد: (شەۋقى ئەھمەد) (ھ 1285-1351 / م 1868-1932). مىسىرلىق داڭلىق شائىر. شائىرلارنىڭ پېشۋاسى دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭ "الشوقيات" «ئەششەۋقىيات» ناملىق دىۋانى ۋە "مصرع كليوباترا" «مەسرەئۇ كىلىيوباترا» (كىلىيوباترانىڭ ئۆلۈمى)، "مجنون ليلي" «مەجنۇن لەيلى» (لەيلى-مەجنۇن) قاتارلىق ئوپېرالىرى بار.

الشوكاني (محمد بن علي): (شەۋكانى، مۇھەممەد ئىبنى ئەلى) (ھ 1173-1249 / م 1760-1834). يەمەنلىك فەقىھ، ئالىم. سەنئا دېگەن جاينىڭ قازىسى بولغان. ئۇنىڭ يۈزدىن كۆپرەك ئەسىرى بار.

الشيبانيُّ، أبو عمرو إسحاق بن مرار: (شەيبانى، ئەبۇ ئەمرى ئىسھاق ئىبنى مىرار) (تەخمىنەن ھ ؟-206 / م ؟-821). كۇفەلىك تىلشۇناس. باغدادتا ياشىغان. ئۇنىڭ "الجيم" «ئەلجىيم» ناملىق بىر لۇغىتى ۋە "النوادر" «ئەننەۋادىر» ناملىق بىر كىتابى بار.

شيخو، الأب لويس: (شەيخو، ئاب لويىس) (ھ 1275-1346 / م 1859-1927). ماردىنىدا تۇغۇلۇپ، بېيروتتا ۋاپات بولغان. يۇسۇف قىددىس ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى شەرق ژۇرنىلى ۋە شەرق كۇتۇپخانىسىنى تەسىس قىلغان. ئەرەب ئەدەبىياتى تەتقىقاتى ۋە ئۇنى گۈللەندۈرۈش، شۇنداقلا ئەرەب ئەدەبىياتى خەزىنىلىرىنى قېزىشقا ئالاھىدە كۈچ چىقارغان. "مجاني الأدب في حدائق العرب" «مەجانىل ئەدەب فى ھەدائىقىل ئەرەب» (ئەرەب باغچىلىرىدىكى ئەدەبىيات سەمەرىلىرى)، "شعراء النصرانية" «شۇئەرائۇننەسرانىيە»، "علم الأدب" «ئىلمۇلئەدەب» (ئەدەبىياتشۇناسلىق) قاتارلىقلار ئۇنىڭ ئەڭ داڭلىق ئەسەرلىرىدۇر.

شِيراز: (شىراز). ئىراندىكى بىر شەھەر. مۇسۇلمانلار بۇ جاينى خەلىپە ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە فەتھى قىلغان.

الشيرازي أبو إسحاق إبراهيم بن علي الفيروز آبادي: (شىرازى، ئەبۇ ئىسھاق ئىبراھىم ئىبنى ئەلى فىيروز ئابادىي) (ھ ؟-476 / م ؟-1083). شافىئىي مەزھەپىدىكى فىقھشۇناس. نىزامىيە مەدرىسىنىڭ مۇدىرى. ئۇنىڭ "طبقات الفقهاء" «تەبەقاتۇل فۇقەھا» (فىقھشۇناسلار تەبىقىسى)، ئۇسۇل ھەققىدە "اللمع في الأصول" «ئەللەمئۇ فىل ئۇسۇل» ناملىق كىتابلىرى بار.

الشيرازي، قطب الدين محمد بن مسعود: (شىرازى، قۇتبۇددىن مۇھەممەد ئىبنى مەسئۇد) (ھ 634-711 / م 1236-1311). ئاسترونوم، تېۋىپ، پەيلاسوپ. ئاسترونومىيە، ئوپتىكا ۋە جۇغراپىيە توغرىسىدا بىرقانچە پارچە كىتاب يازغان.

الشيرازي، محمد تقي: (شىرازى، مۇھەممەد تەقى) (ھ ؟-1339 / م ؟-1920). شىئە مەزھەپىدىكى فىقھشۇناس. نەجەپتە ياشىغان مۇجتەھىد. شىئە مەزھەپىدىكىلەرنىڭ نوپۇزلۇق ئالىمى.

ص

الصاحِب، بن عباد، إسماعيل: (ساھىب، ئىبنى ئەبباد ئىسمائىل) (ھ 327_385 / م 938_995). ۋەزىر، شائىر، ئەدىب. "المحيط في اللغة" «ئەلمۇھىيت فىللۇغە» ۋە "الكشف عن مساوئ المتنبي" «ئەلكەشفۇ ئەن مۇساۋىئىل مۇتەنەببىي» (مۇتەنەببىينىڭ نۇقسانلىرى) قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان. ئۇنىڭ يەنە بىر شېئىرىي دىۋانى بار.

صاعد بن أحمد الأندلسي، أبو القاسم القرطبي: (سائىد ئىبنى ئەھمەد ئەندەلۇسىي، ئەبۇلقاسىم قۇرتۇبىي) (ھ 420_463 / م 1029_1070). تارىخشۇناس، مالىكىي مەزھەپىدىكى قازى. ئۇنىڭ "تاريخ الأندلس" «تارىخۇل ئەندەلۇس» (ئەندەلۇس تارىخى)، "تاريخ الإسلام" «تارىخۇل ئىسلام» (ئىسلام تارىخى) ۋە "طبقات الأمم" «تەبەقاتۇل ئۇمەم» (مىللەتلەر تەبىقىلىرى) ناملىق ئەسەرلىرى بار.

صالح: (سالىھ، سالىھ ئەلەيھىسسالام). سالىھ ئەلەيھىسسالام قۇرئان كەرىمدە تىلغا ئېلىنغان پەيغەمبەر. ئۇنىڭ نەسەبى نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى سامغا تۇتىشىدۇ. ئاللاھ سالىھ ئەلەيھىسسالامنى سەمۇد قوۋمىغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن. سەمۇد قوۋمى ھىجاز بىلەن شام ئارىسىغا جايلاشقان ھىجىر دېگەن جايدا ياشىغان. سەمۇد قوۋمى مىلادىيەدىن بۇرۇن ياشىغان قوۋم ئىدى. ئۇلار بۇتلارغا چوقۇناتتى. سالىھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى بۇتقا چوقۇنماسلىققا، بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئازغىنە كىشىدىن باشقىسى سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلىپ، ھەددىدىن ئاشقان. ئۇلار سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىغا پىسەنت قىلماي، مۆجىزە سۈپىتىدە تاشنىڭ ئارىسىدىن چىقىرىلغان تۆگىنى ئۆلتۈرگەن. ئاللاھ سەمۇد قوۋمىنى ھالاك قىلغان. ئىشەنچلىك رىۋايەتكە قارىغاندا، سالىھ ئەلەيھىسسالام ئۇلار ھالاك قىلىنغاندىن كېيىن، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە پەلەستىنىنىڭ رەملە دېگەن يېرىدە ياشىغان.

الصالِحِيَّة: (سالىھىيە). فۇرات دەرياسى بويىغا جايلاشقان بىر شەھەر بولۇپ، سۈرىيە تەۋەلىكىدە. ئىراق چېگرىسىغا يېقىن. بۇ جايدىن نۇرغۇن ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىي يادىكارلىقلار تېپىلغان. ئۇ بۇرۇن «دوراروبوس» دەپ ئاتىلاتتى.

الصبان (محمد بن علي): (سەببان، مۇھەممەد ئىبنى ئەلى) (ھ ?_1206 / م ?_1792). مىسىرلىق ئەدىب، تىلشۇناس. ئۇنىڭ ئارۇز ۋەزنى توغرىسىدا يازغان "الكافية الشافية في علمي العروض والقافية" «ئەلكافىيەتۇششافىيە فى ئىلمىل ئۇرۇزى ۋەلقافىيە» (ئارۇز ۋەزنى ۋە قاپىيە ھەققىدە ئومۇمىي بايان) ناملىق كىتابى ۋە ئۇنىڭ شەرھى بار. ئۇنىڭ يەنە ئىستىلىستىكا ۋە لوگىكا توغرىسىدا يازغان نۇرغۇن كىتابلىرى

بار.

صبح الأعشى في صناعة الإنشاء: (سۇبھۇل ئەئشا فى سانائەتىل ئىنشا). قەلقەشەندى تۈزگەن كىتاب. ئۇنىڭدا ئەدەبىيات، تارىخ ۋە جۇغراپىيە ھەققىدىكى ئومۇمىي مەلۇماتلار بايان قىلىنغان.

صَبْري، إسماعيل: (سەبرى، ئىسمائىل) (ھ 1272-1342 / م 1855-1923). مىسىرلىق مەشھۇر شائىر. سودىيىلىك ۋە باشقا مەمۇرىي ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئۇنىڭ شېئىرلىرى لىرىكلىقى ۋە ئاھاڭدارلىقى بىلەن ئۆزگىچىلىككە ئىگە. ئۇنىڭ بىر شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىنغان.

الصِّحَاح: (سىھاھ). ئەبۇ مۇزەر ئىسمائىل ئىبنى ھەممادىل جەۋھەرىي تۈزگەن مەشھۇر ئەرەب تىلى ئىزاھلىق لۇغىتى. بۇ لۇغەتنىڭ رەتلىنىشىدە سۆزلەرنىڭ ئاخىرقى ھەرپلىرى، ئاندىن باش ھەرپلىرى، ئاندىن ئوتتۇرىسىدىكى ھەرپلەر ئاساس قىلىنغان.

صِدِّيق حسن خان: (سىددىق ھەسەن خان). ھىندىستانلىق دىنىي ئىسلاھاتچى. ئۇنىڭ "أبجد العلوم" «ئەبجەدۇل ئۇلۇم»، "فتح البيان في مقاصد القرآن" «فەتھۇل بايان فى مەقاسىدىل قۇرئان» (قۇرئان چۈشەنچىلىرى ھەققىدە بايان)، "الطريقة المثلى" «ئەتتەرىقەتۇل مۇسلا» (ئۈلگىلىك يول) قاتارلىق كىتابلىرى بار.

صَرُّوف، يعقوب: (سەررۇف، يەئقۇب) (ھ 1269-1346 / م 1852-1927). لىۋانلىق ئەدىب ۋە ئالىم. مول ھوسۇللۇق يازغۇچى. ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمىنى مىسىردا ئۆتكۈزگەن. ئۇ "المقتطف" «ئەلمۇقتەتەف» (تەرمىلەر) ژۇرنىلى ۋە "المقطم" «ئەلمۇقتەم» (مىسىردىكى قاھىرەگە يېقىن تاغنىڭ نامى) گېزىتىنى تەسىس قىلغان. ئىلىم-پەن ۋە پەلسەپىگە ئائىت نۇرغۇن كىتابلارنى تەرجىمە قىلغان.

الصَّغَاني، أبو الفضائل الحسن بن محمد: (ساغانىي، ئەبۇلفەزائىل ھەسەن ئىبنى مۇھەممەد) (ھ 577-650 / م 1181-1252). ھەنەفىي مەزھىپىدىكى فەقىھ، لۇغەتشۇناس، ھەدىسشۇناس. داڭلىق تىل ئالىمى. لاھوردا تۇغۇلۇپ، باغدادتا ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ "العباب" «ئەلئۇباب»، "التكملة والذيل والصلة" «ئەتتەكمىلە ۋەززەيل ۋەسسىلە»، "الشوارد في اللغات" «ئەششەۋارىد فىللۇغات»، "الأضداد" «ئەلئەزداد» قاتارلىق لۇغەت كىتابلارنى يازغان.

الصفارية (الدولة): (سەففارىيە، ئەددەۋلە) (ھ 254-289 / م 868-902). خۇراساندا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن سەففارىيە سۇلالىسى. بۇنى ياقۇب ئىبنى لەيس سەففار تاھىرىيە دۆلىتىنىڭ ئورنىغا تىكلىگەن. ياقۇپ ئىبنى لەيس باغدادقا ھۇجۇم قىلغاندا، مۇئتەمىد ئاكىسى مۇۋاققىفنىڭ قوماندانلىقىدا ھىجرىيە 262 (م 876)-يىلى دەيرۇل ئاقىل دېگەن جايدا ئۇنى مەغلۇپ قىلغان. ئەمىر ئىبنى لەيس قېرىندىشىغا ئورۇنباسار بولغان ۋە مۇئتەمىد، مۇئتەزىدلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن. ئىسمائىل ئىبنى ئەھمەد سامانىي ئۇنى ئەسىر ئېلىپ مۇئتەزىدكە تاپشۇرۇپ بەرگەندە مۇئتەزىد ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

الصَّفَدي، صلاح الدين خليل بن أيبك: (سەفدىي، سالاھۇددىين خەلىل ئىبنى ئايبېك) (ھ 696-734 / م 1296-1362). تارىخچى، ئەدىب، مول ھوسۇللۇق يازغۇچى. قاھىرە، دەمەشق ۋە ھەلەبتىكى ئىجادىيەت ئورۇنلىرىغا باشچىلىق قىلغان. ئەڭ مەشھۇر

ئەسىرى "الوافي بالوفيات" «ئەلۋافىي بىلۋەفىييات» (مەشھۇر شەخسلەرنىڭ تەرجىمىھالى) ناملىق ئېنسىكلوپېدىيىلىك كىتابدۇر.

أهل الصُّفّة: (ئەھلۇسسۇففە). سۇپا ئەھلى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدىدە تۇرىدىغان بىر تۈركۈم كەمبەغەل مۇھاجىرلار. رەسۇلۇللاھ ئۇلارنىڭ ھالدىن خەۋەر ئېلىپ تۇراتتى.

صِفِّين: (سىففىين). فۇرات دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا جايلاشقان، سۇرىيە تەۋەسىدىكى بىر تۈزلەڭلىك. بۇ يەردە ھىجرىيە 37 (م 657)-يىلى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب بىلەن مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇ سۇفيانىنىڭ قوشۇنلىرى ئوتتۇرىسىدا قاتتىق جەڭ بولغان. ئاخىر ئىككى تەرەپ ۋەكىللىرىنىڭ كېسىم چىقىرىشى بىلەن ئۇرۇش ئاياغلاشقان.

صفي الدين الأردبيلي: (سەفىيۇددىن ئەردەبىلى) (ھ ?-734 / م ?-1334). پارسلاردىن بولغان تەرىقەتچى. سەفەۋىيە تەرىقىتى شۇ كىشىگە نىسبەت بېرىلدۇ. سەفەۋىيىلار دۆلىتى شۇلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان.

صفي الدين الحلي: (سەفىيۇددىن ھۇللىي) (ھ 675-750 / م 1277-1349). ئىراقلىق شائىر. ئۇ ھۇللە دېگەن جايدا تۇغۇلۇپ، باغدادتا ۋاپات بولغان. قاھىرە ۋە ماردىن دېگەن جايدا ياشىغان. ئىستىلىستىكا قائىدىسىنى تۈزگەنلەرنىڭ ئۈنجىسى. ئۇنىڭ پادىشاھ مەنسۇر ئارتۇقىينى ماختاپ يازغان "درر النحور" «دۇرەرۇننۇھۇر» (مەرۋايىت زۇننار) ناملىق بىر توپلىمى بولۇپ، بۇ توپلام 29 قەسىدىدىن تەشكىل تاپقان. ھەربىر قەسىدىسى 29 بېيىتلىق، ھەربىر قەسىدىنىڭ بېيىتلىرى قايسى ھەرپتىن باشلانغان بولسا، يەنە شۇ ھەرپتە ئاخىرلىشىدۇ.

صفية بنت حيي: (سەفىيە بىنتى ھۇيەي) (ھ ?-50 / م ?-670). ھۇيەي ئىبنى ئەختەبنىڭ قىزى. خەيبەر غازىتىدا ئەسىر ئېلىنغان. مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئازاد قىلىپ، ئەمرىگە ئالغان.

الصَّقَالِبَة: (سەقالىبە). ئەرەب تارىخچىلىرى تەرىپىدىن سلاۋيانلارغا قويۇلغان نام.

صلاح الدين الأيوبي، يوسف بن أيوب: (سەلاھىددىن ئەييۇبىي، يۇسۇف ئىبنى ئەييۇب) (ھ 532-589 / م 1138-1193). ئەييۇبىيلار سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىسى. ئىراقتىكى تىكرىتتا تۇغۇلۇپ، دەمەشقتە ۋاپات بولغان. مىسىردىكى فاتىمىيلار سۇلالىسىنى يوقىتىپ، ھاكىمىيىتىنى قەيرىۋان، ھىجازلارغىچە كېڭەيتكەن. ھىتتىن ئۇرۇشىدا ئەھلىسەلىپنى ئېچىنىشلىق مەغلۇپ قىلىپ، بەيتۇلمۇقەددەستىن قوغلاپ چىقارغان.

الصليبية، الحملات الصليبية: (سەلبىيە، ئەلھەمەلاتىسسەلىيبىيە). ئەھلىسەلىپ ئۇرۇشلىرى. ھىجرىيە 490-يىلدىن 691 (م 1096-1291)-يىلىغىچە غەربىتىكى ياۋروپا خرىستىئانلىرىنىڭ پەلەستىندىكى مۇقەددەس زېمىن بەيتۇل مۇقەددەسنى ئىگەللىۋېلىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان بىر قاتار ھەربىي ھۇجۇملىرى. ئۇلارنىڭ بەلگىسى سەلب (كرېست) ئىدى. سالاھىددىن ئەييۇبىي ئۇلارنىڭ ھەيۋىسىنى يەر بىلەن يەكسان قىلغان.

الصليبيون: (سەلىبىيۇن). 11، 12، 13ـ ئەسىرلەردە ئوتتۇرا شەرققە قىلىنغان بىرقانچە قېتىملىق ئەھلىسەلىپ ئۇرۇشىغا قاتناشقان ياۋروپا خرىستىئانلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

الصَّنَوْبَرِي، أحمد بن محمد، أبو بكر (سەنەۋبەرىي، ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد، ئەبۇ بەكرى) (ھ ?ـ334 / م ?ـ946). ئابباسىيلار دەۋرىدە ياشىغان شائىر. ھەلەبتىكى سەيفۇددەۋلەنىڭ ئوردىسىدا تۇرغان. ئۇنىڭ "الروضيات" «ئەررەۋزىيات» ناملىق دىۋانى بار.

صهيب بن سنان بن مالك: (سۇھەيب ئىبنى سىنان ئىبنى مالىك) (ھ 38 / م 592ـ659). ساھابە، ئەرەبلەردىن چىققان مەرگەن. ئۇنجى تۈركۈمدە مۇسۇلمان بولغانلاردىن. ئۇ ئەنۇشىرۋان تەرىپىدىن بەسرەگە ۋالىي قىلىنىپ تەيىنلەنگەن. مۇسۇلمانلار مەدىنىگە ھىجرەت قىلماقچى بولغاندا سۇھەيبمۇ ھىجرەت قىلىشقا تەييارلانغان. مەككە مۇشرىكلىرى ئۇنى توسۇۋېلىپ: سەن بىزنىڭ قېشىمىزغا نامرات ھالەتتە كەلگەن ئىدىڭ، ئەمدىلىكتە كۆپ پۇل تېپىپ كەتمەكچى بولۇۋاتامسەن؟! دەپ تۇرۇۋالغاندا، سۇھەيب: مال-مۈلكنى تاشلاپ كەتسەم مېنى كەتكىلى قويامسىلەر؟ دېگەن. ئۇلار ماقۇل بولغاندىن كېيىن، ئۇلارغا بارلىق مال-مۈلكىنى تاشلاپ بېرىپ ھىجرەت قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ۋەقەلىكنى ئاڭلىغاندا: «سۇھەيب پايدا ئاپتۇ، سۇھەيب پايدا ئاپتۇ» دېگەن. سۇھەيب 307 ھەدىس رىۋايەت قىلغان. مەدىنىدە ۋاپات بولغان. كىشىلەر ئارىسىدا «سۇھەيبۇررۇمىي» دېگەن نام بىلەن تونۇلغان.

الصُّورِي، محمد بن علي بن حسن: (سۇۋرىي، مۇھەممەد ئىبنى ئەلى ئىبنى ھەسەن) (ھ 5 / م 11 ئەسىر). فاتىمىيە خاندانلىقىدىكى ئىسمائىلىيىلەرنىڭ دەۋەتچىسى. سۇر دېگەن جايدا تۇغۇلۇپ، قاھىرەدە پائالىيەت ئېلىپ بارغان. ئۇ "التحفة الزاهرة" «ئەتتۇھفەتۇززاھىرە» ۋە "نفحات الأئمة" «نەفھاتۇل ئەئىممە» ناملىق ئەسەرلەرنى يازغان.

الصُّولِيُّ، إبراهيم بن العباس: (سۇۋلىي، ئىبراھىم ئىبنى ئاببااس) (ھ 176ـ243 / م 792ـ857). ئاببااسىيلار دەۋرىدە ياشىغان شائىر ۋە مىرزا. ئۇنىڭ بىر شېئىرىي دىۋانى ۋە "الدولة" «ئەددەۋلە» ناملىق كىتابى بار.

الصُّولِيُّ، أبو بكر محمد بن يحيى: (سۇۋلىي، ئەبۇ بەكرى مۇھەممەد ئىبنى يەھيا) (ھ ?ـ335 /?ـ946م). ئىراقلىق ئەدىب ۋە شائىر. ئۇنىڭ داڭلىق كىتابلىرىدىن "الأوراق" «ئەلئەۋراق»، "أدب الكتاب" «ئەدەبۇل كۇتتاب»، "أخبار البحتري" «ئەخبارۇلبۇھتەرى»، "أخبار أبي تمام" «ئەخبارۇ ئەبى تەممام» قاتارلىقلار بار.

ط

الطـــائف: (تـــائىف). ســـەئۇدىي ئەرەبىـــستانىنىڭ بىـــر شـــەھىرى. مەكـــكە مـــۇكەررەمەگە 120 كىلـــومېتىر يىراقلىقتىكـــى ئىگـــزلىككە جايلاشـــقان، گـــۈزەل بـــاغۇ-بوستانلىرى ۋە تەبىئىي مەنزىرىلىـــرى بىـــلەن مەشھۇر.

طاشكبرى زاده (أحمد): (تاشـكـبىر زادە، ئەھــــمەد) (ھ 901-969 / م 1495-1561). ئوسمانىي دۆلىتىنىڭ تارىخچىسى. ئۇنىڭ ھۆكۈمدارلارنىڭ ۋە ئۆلىمالارنىڭ تەرجىمىھالى ھەققىدە ئەرەب تىلىدا يازغـان "الـــشقائق النعمانيـــة" «ئەشـــشەقائىقۇننۇئمانىيە» ۋە ئۆلىمالارنىـڭ تەرجىمىھالى ھەققىدە يازغـان "مفتـــاح الـــسعادة ومـــصباح الـــسيادة" «مىفتاھۇسـسائادە ۋە مىسباھۇسـسىيادە» (بەخت ئاچقۇچى) ناملىق ئەسەرلىرى بار.

طالوت: (تـالۇت). داۋۇد ئەلەيھىسسالام دەۋرىـدىكى بەنـى ئىـسرائىل پادىـشاھى. ئـۇ جالۇت قوشۇنى ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان.

طاهر بن أحمد بن عبد الرشيد بن الحسين افتخار الدين البخاري: (تـاھىر ئىبنـى ئەھـمەد ئىبنـــى ئابدۇرەشـــىد ئىبنـــى ھۇســـەين ئىپتىخارۇددىن بۇخـارى). ماۋەرائۇننەھردىكى مەشھۇر ئۆلىما، ھەنەفىي مەزھىپىدىكى فەقىھ. ئـۇ "خلاصـــة الفتـــوى" «خۇلاسـەتۇل فەتەۋا» (پەتـىۋالار خۇلاسـسى)، "خزانـــة الواقعـــات" «خەزانەتۇل ۋاقىئات» (ھادىساتلار ئامبىرى)، "نصاب" «نىساب» ناملىق ئەسەرلەرنى يازغان. ئۇنـىڭ "خلاصة الفتوى" «خۇلاسـەتۇل فەتەۋا» (پەتىۋالار خۇلاسىسى) ناملىق ئەسىرى ئۆلىمالار نەزىرىدە مۆتىۋەر كىتابدۇر.

طاهر بن الحسين: (تاھىر ئىبنى ھۇسـەين) (ھ ?-207 / م ?-822). مەئمۇننىڭ يـاراملىق سەركەردىسى. خۇراساندا بىر ئەسىرگە يېقىن ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن تـاھىرىيە سۇلالىـسىنى قۇرغـــان، كېـــيىن سۇيىقەســـت بىـــلەن ئۆلتۈرۈلگەن.

طاهر، محمـد طـاهر الهنـدي: (تـاھىر، مۇھەممەد تاھىرۇل ھىندى) (ھ 914-986 / م 1508-1578). ھىندىستانلىق مۇھەددىس ۋە فەقىھ. ھەدىس ساھەسىدە ئالاھىدە مەلۇماتقا ئىگە بولغاچقا، مۇھەددىسلەرنىڭ پېشۋاسى دەپ ئاتالغان. ئۇنـىڭ "مجمـع بحـار الأنـوار" «مەجمەئـۇ بىھارىـل ئەنـۋار»، "المغـــني" «ئەلمۇغەننا» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

طـاوس بـن كيـسان: (تـاۋۇس ئىبنـى كەيـسان) (ھ ?-106 / م ?-724). كـۆزگە كۆرۈنگەن شەرىئەت ئـالىمى. ئەللىـك ساھابە بىـلەن مۇلاقـات بولغـان. تابىئىنلارنىـڭ چوڭلىرىـدىن. بـۇ زات ئىبنـى ئاببـاس، ئەبـۇ ھـۇرەيرە، جـابىر، ئابـدۇللاھ ئىبنـى زۇبەيـر قاتـارلىق ساھابىلەردىن ھەدىس ئۆگەنگەن. ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز خەلىپىلىك تەختىگە چىققـان چاغـدا، بـۇ زات خەلـىپىگە: سـەن

ساالاھیەتلىك خەلىپە بولاي دېسەڭ ئەمەلدارلارنى ياخشى تاللىشىڭ كېرەك، دېگەن مەزمۇندا مەكتۇپ يوللىغان. ئۇمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز بۇ خەتنى ئوقۇپ: بۇ خەت ماڭا يېتەرلىك نەسىھەتتۇر، دېگەن.

الطَّبَرْسِيُّ، أبو علي الفضل بن الحسن: (تەبەرسىي، ئەبۇ ئەلى فەزلى ئىبنى ھەسەن) (ھ ?-548 / م ?-1153). شىئە مەزھىپىدىكى ئالىم، تەپسىرشۇناس. ئۇنىڭ "مجمع البيان في تفسير القرآن" «مەجمەئۇل بايان فى تەفسىرىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى بار.

الطَّبَرِيُّ، أبو جعفر محمد بن جرير: (تەبەرىي، ئەبۇ جەئفەر مۇھەممەد ئىبنى جەرىر) (ھ 225-311 / م 839-923). تارىخشۇناس، تەپسىرشۇناس، ھەدىسشۇناس. شافىئىي مەزھىپىدىكى فىقھشۇناس ئالىم. ئۇنىڭ "جامع البيان في تفسير القرآن" «جامىئۇل بايان فى تەپسىرىل قۇرئان» ۋە "تاريخ الأمم والملوك" «تارىخۇل ئۇمەم ۋەلمۇلۇك» (ئۇممەتلەر ۋە پادىشاھلار تارىخى) ناملىق كىتابى بار.

طَرَابُلُس: (تەرابۇلۇس، يەنى تىرىپولى). 1. لىۋىيىنىڭ غەربىدىكى رايون. 2. لىۋىيىنىڭ پايتەختى ۋە ئەڭ چوڭ شەھىرى. ئۇ "طرابلس الغرب" (غەربىي تەرابۇلۇس) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. 3. لىۋاننىڭ شىمالىدىكى مۇھىم شەھەر، ئىراق نېفىت تۇرۇبىلىرى تۇتىشىدىغان سودا پورتى. بۇ جاي "طرابلس الشام" «تەرابۇلۇس شام» دەپ ئاتىلىدۇ.

طرفة بن العبد: (تەرەفە ئىبنى ئەبدۇ) (تەخمىنەن م 538-564). بەھرەيىنلىك. جاھىلىيەت دەۋرىدە ئۆتكەن شائىر بولۇپ، كەئبىنىڭ تېمىغا ئېسىلغان شېئىرلار ئىچىدە شۇ كىشىنىڭمۇ شېئىرى بار ئىدى. مۇتەلەممىسنىڭ ھەمشىرىسىنىڭ ئوغلى. ئۇنىڭ بىر شېئىرلار توپلىمى بار.

الطُّغْراء: (تۇغرا). كىتاب ۋە خەت-چەكلەرنىڭ ئاستى قىسمىغا يېزىلىدىغان ئىمزا.

الطُّغْرَائِيُّ، الحسين بن علي: (تۇغرائىي، ھۈسەين ئىبنى ئەلى) (ھ 453-515 / م 1061-1121). شائىر، ھەكىم، خىمىك. سالجۇقىيلار ئوردىسىدا ۋەزىر بولغان. ئۇنىڭ بىر شېئىري دىۋانى بار. "لامية العجم" «لامىيەتۇل ئەجەم» ناملىق ھېكمەتكە تويۇنغان مەشھۇر بىر قەسىدىسى بار.

طلحة بن عبيد الله: (تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ) (ھ ?-36 / م ?-656). قۇرەيش قەبىلىسىدىن بولغان ساھابە. جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر بېرىلگەن ئون كىشىنىڭ بىرى ئىدى. جەمەل ۋەقەسىدە ئۆلتۈرۈلگەن. بۇ ۋەقەدە ئائىشە تەرەپدارى بولغان.

الطَّقْطَقِيُّ، محمد بن علي بن الطقطقي: (تەقتەقىي، مۇھەممەد ئىبنى ئەلى تەقتەقىي) (ھ 661-709 / م 1261-1309). ئىراقلىق تارىخچى ۋە ئەدىب. ئۇنىڭ "الفخري في الآداب السلطانية" «ئەلفەخرىي فىل ئادابى سۇلتانىيە» ناملىق كىتابى بار.

طَلْعَتْ حَرْب: (تەلئەت ھەرب). مىسىرلىق ئىقتىسادشۇناس. مىسىردىكى سانائەت ئىسلاھاتىنىڭ باشلامچىسى. بىرقانچە مىللىي شىركەتلەرنى قۇرغان. ھىجرىيە 1338 (م 1920)-يىلى پۈتۈنلەي دۆلەت مۈلكىگە تايىنىپ مىسىر بانكىسىنى قۇرۇپ، كاتتا شۆھرەتكە ئېرىشكەن.

طُلَيْطِلَة: (تۇلەيتىلە، يەنى تولېدو). ئىسپانىيىنىڭ بىر شەھىرى، تارىق ئىبنى زىياد فەتھى قىلغان. بۇ شەھەردە ئەرەبلەرگە ئائىت نەپىس ۋە ھەيۋەتلىك ئاسارئەتىقىلەر بار.

طنطاوي، جوهري: (تەنتاۋى، جەۋھەرى). (ھ1297ـ1359 / م1880ـ1940). مىسىرلىق ئالىم. تەپسىرشۇناس. ئىلىم-پەن ساھەسىدىمۇ كۆزگە كۆرۈنگەن زات. ئۇنىڭ تەپسىر تەنتاۋى دەپ ئاتىلىدىغان "الجوهر في تفسير القرآن الكريم" «ئەلجەۋھەر فى تەفسىرىل قۇرئانىل كەرىم» (قۇرئان تەپسىرىنىڭ جەۋھەرلىرى)، "جواهر العلوم" «جەۋاھىرۇل ئۇلۇم» (ئىلىم جەۋھەرلىرى)، "الحكمة والحكماء" «ئەلھېكمەتۇ ۋەلھۇكەما» (ھېكمەت ۋە ھېكىملەر) ناملىق ئەسەرلىرى بار.

طه حسين: (تاھا ھۇسەيىن) (ھ 1306ـ1393 / م 1889ـ1973). ئەدىب، مىسىرلىق نامدار ئوبزورچى. سەئىدىتىكى مەغاغە دېگەن جايدا تۇغۇلغان. ئۇ كىچىك ۋاقتىدىلا ئەما بولۇپ قالغان. ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى، يەرلىك ئۇنىۋېرسىتېت ۋە فرانسىيىدىكى ئۇنىۋېرسىتېتلاردا ئىلىم تەھسىل قىلغان. ئىسكەندەرىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنى قۇرغان. 1942ـيىلى بۇ ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ مۇدىرى بولغان. 1950ـيىلى مائارىپنى ھەقسىزلەشتۈرۈشكە كۈچ چىقارغان. يەنە ئەيىن شەمس ئۇنىۋېرسىتېتىنى قۇرغان. مول ھوسۇللۇق ئەدىب. نۇرغۇن ئىجادىي ئەسەرلىرى گېزىت-ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئوبزور، ئەدەبىي ئەسەر، تەرجىمىھال ۋە ھېكايىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ "ذكرى أبي العلاء" «زىكرا ئەبىل ئەلا» (ئەبۇلئەلا مەئەررى ھەققىدە ئەسلىمە)، "ابن خلدون" «ئىبنى خەلدۇن»، "في الأدب الجاهلي" «فىل ئەدەبىل جاھىلىي» (جاھىلىيەت ئەدەبىياتى توغرىسىدا)، "حديث الأربعاء" «ھەدىسۇل ئەربەئا» (چارشەنبىلىك سۆز)، "مع المتنبي" «مەئەل مۇتەنەببى» (مۇتەنەببىي بىلەن بىللە)، "على هامش السيرة" «ئەلا ھامىشىسسىيرە» (سىيرەتكە ئىزاھ)، "الأيام" «ئەلئەييام» (كۈنلەر)، "شجرة البؤس" «شەجەرەتۇل بۇئىس» (بەختسىزلىك دەرىخى)، "المعذبون في الأرض" «ئەلمۇئەززىبۇنە فىلئەرز» (ئىزىلگۈچىلەر) قاتارلىق ئەسەرلىرى ۋە نۇرغۇن تەرجىمە ئەسەرلىرى بار. «ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ تۈۋرۈكى» دەپ نام ئالغان.

الطهطاوي (أحمد بن محمد): (تەھتاۋى، ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد) (ھ ؟ـ1231 / م ؟ـ1816). مىسىرلىق، ھەنەفىي مەزھېپىدىكى فەقىھ. ئۇنىڭ "حاشية على مراقي الفلاح" «ھاشىيە ئەلا مەراقىل فەلاھ» ۋە "حاشية على الدر المختار" «ھاشىيە ئەلەددۇررۇل مۇختار» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

الطّهطاوي، رفاعة بن رافع: (تەھتاۋىي، رىفائەتە ئىبنى رافىئ) (ھ 1216ـ1290 / م 1801ـ1873). مىسىردىكى ئىدېئولوگىيە ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ باشلامچىسى. تەھتا دېگەن جايدا تۇغۇلغان. ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان، كېيىن فرانسىيىدە ئىلىم تەھسىل قىلغان، ۋەتىنىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، تىل تەربىيىلەش مەكتىپى قۇرغان ۋە "الوقائع" «ئەلۋەقائىئ» (رېئاللىق گېزىتى) نى تەسىس قىلغان. ئۇنىڭ بىرقانچە ئەسەرلىرى ۋە تەرجىمە كىتابلىرى بار. قاھىرەدە ۋاپات بولغان.

الطَّوَائِفُ، ملــوك الطوائــف: (تەۋائىــف. تەۋائىـــف پادىـــشاھلىرى) (ھ 414 ـ 485 / م 1203 ـ 1092). ئـــۇمەۋىيلەر خەلىپىلىكـــى مـــۇنقەرىز بولغانـــدىن كېيىن، ئەنـــدەلۇس (ئىـــسپانىيە)نىـــڭ بىـــر قىـــسىم رايونلىرىغـــا ھۆكۈمرانلىق قىلغان پادىشاھلار. بەنۇ ئەبباد، بەنۇ جەھۇر ۋە بەنۇ ھەمۇدلارنى كۆرسىتىدۇ.

الطُّـــوْر: (تـــۇر). ئاللاھتائـــالا مۇســـا ئەلەيھىسسالام بىلەن سۆزلەشكەن تاغ.

الطُّوسي: نصير الدين محمد بـــن محمـــد بـــن الحـــسن: (تۇســـي، نەســـىرۇددىن مـــۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن) (ھ 597 ـ 672 / م 1200 ـ 1273). پەيلاســـوپ، ئاســـترونوم، ماتېماتىك. تۇســـتا تۇغۇلۇپ، باغـدادتا ۋاپـات بولغان. ھىلاكۇنىـــڭ مەسلىھەتچىسى بولغـان. موڭغـــۇل ئەمەلـــدارىنىڭ يـــاردىمى بـــىلەن ئاســـترونومىيە ۋە ترىگونـــومېترىيە ئىلمىنـــى تەرەققىي قىلـدۇرغان. ئۇنىـــڭ "الجبر والمقابلـــة" «ئەلجەبرۇ ۋەلمۇقابەلە»، "تحرير أصول إقليدس" «تەھرىـرۇ ئۇســـۇلى ئىقلىـدىس»، "أســـاس الاقتباس" «ئاساسۇل ئىقتىباس»، "تجريد الكلام" «تەجرىـدۇل كالام» نامـلىق ئەسەرلىرى بار.

طُوقَانُ، إبراهيم: (تۇۋقـان، ئىبـراھىم) (ھ 1323 ـ 1360 / م 1905 ـ 1941). پەلەستىنلىك شائىر. بېيرۇتتىكى ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغـــان. ئۇنىـــڭ ھەر خىـــل ژانىردىكـــى شېئىرلاردىن تەركىپ تاپقان بىر توپلىمى بار. ئۇنىـــــڭ شـــــېئىرلىرىنىڭ كۆپىنچـــــسى ۋەتەنپەرۋەرلىـــك ھەققىـــدىكى غەزەلـــلەردۇر. ئۇنىڭ شـائىرە ھەمشىرىـسى فەدۋا تۇۋقانىنىـڭ ئاكىـسى توغرىـسىدا "أخـــي إبـــراهيم" «ئەخـى ئىبـراھىم» (ئاكـام ئىبـراھىم) نـاملىق كىتـابى بار.

الطُّولُونِيُّـــون: (تۇلۇنىيىـۇن). ھىجـرىيە 254 ـ 292 (م 868 ـ 904) ـ يىللـىرى مىـسىر ۋە سـۇرىيىگە ھۆكۈمرانلـىق قىلغـان خانـدانلىق. تۇلۇنىيە خانىدانلىقىنى ئەھمەد ئىبنـى تۇلـۇن قۇرغـان بولـۇپ، ئۇنىڭـدىن كېيىن ئـوغلى خەمارىۋەي تەختكە ئولتۇرغان.

طيبـــة: (تەيـبە). مەدىنىنىـــڭ يەنە بىـر ئاتىلىشى.

ظ

الظَّاهِر بيبرس: (زاهىر بېيبىرس). مىسىر بەھىرى مەملۇكىيلار خانىدانلىقىنىڭ ئەڭ داڭلىق سۇلتانى. نۇرغۇن قېتىم ئەھلىسەلىپكە قارشى ئۇرۇش قىلغان. ھىجرىيە 656-يىلى (مىلادىيە 1258-يىلى) يۈز بەرگەن مەشھۇر «مەنسۇرە ئۇرۇشى»دا پەلەستىن ۋە سۇرىيەدە ئەھلىسەلىپلەرنىڭ ئەسكىرىي كۈچىنى تارمار قىلغان. ھىجرىيە 659-يىلى (مىلادىيە 1260-يىلى) «ئەينى جالۇت جېڭى»دە موڭغۇللار بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلغان.

ظاهر شاه: (زاھىر شاھ). ئافغانىستان شاھى. 1914-يىلى تۇغۇلغان، 1932-يىلى ئاتىسى نادىر شاھنىڭ ئورنىغا شاھ بولغان. ئۇ 1973-يىلىدىكى ھەربىي ئۆزگىرىشتە تەختتىن چۈشكەن. 2007-يىلى كابولدا ۋاپات بولغان.

الظَّاهِرِيُّ، داود بن علي الأصبهاني: (زاھىرىي، داۋۇد ئىبنى ئەلى ئەلئىسفاھانىي) (ھ ?-270 / م ?-883). مەشھۇر ئىسلام ئالىمى. زاھىرىيە مەزھىپىنىڭ ئاساسچىسى. ئۇنىڭ «ئىمام شافىئىينىڭ پەزىلەتلىرى» ناملىق كىتابى بار. كۇفىدە تۇغۇلۇپ، باغدادتا ۋاپات بولغان.

الظَّرْف وَالظُّرَفاء: (ئەززەرفۇ ۋەززۇرەفا). مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد ۋەششا يازغان كىتاب. كىتابتا ئۆز دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي ئالاھىدىلىكلەرنى، دانىشمەنلەرنىڭ يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەكتىكى ئەدەپ-ئەخلاقلىرىنى بايان قىلغان.

ظَفَار: (زەفار). 1. يەمەننىڭ جەنۇبىدىكى قەدىمىي شەھەر. 2. ئوماننىڭ غەربى، ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇبىدىكى بىر رايون.

ظاهِرِيَّةٌ، الظاهرية: (زاھىرىيىيە). 1. قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ زاھىرىغا ئاساسلىنىپ، تەئۋىل ۋە قىياسلارنى ئىنكار قىلىدىغان بىر مەزھەپ. 2. بۇ مەزھەپنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى.

الظَّهْرَان: (زەھران). ئەرەب يېرىم ئارىلىغا جايلاشقان يېڭى شەھەر. "أرامكو" «ئارامكو» نېفىت شىركىتى شۇ يەرگە جايلاشقان.

الظَّوَاهِرِيُّ، محمد الأحمدي: (زاۋاھىرىي، مۇھەممەد ئەھمەدى) (ھ 1295-1364 / م 1878-1944). مىسىرلىق، شافىئىي مەزھىپىدىكى فەقىھ. ھىجرىيە 1348 (م 1929)-يىلى ئەزھەر شەيخى بولۇپ تەيىنلەنگەن. ئۇنىڭ دەۋرىدە ئەزھەر زامانىۋى ئۇنىۋېرسىتېتقا ئايلانغان. ئۇنىڭ "العلم والعلماء" «ئەلئىلىم ۋەلئۇلەما» (ئىلىم ۋە ئالىملار)، "رسالة في الأخلاق" «رىسالە فىل ئەخلاق» (ئەخلاقنامە) ناملىق ئەسەرلىرى بار.

ع

عائِشَةُ بنت أبي بكر: (ئائىشە بىنتى ئەبۇ بەكرى) (ھ ؟ـ58 / م ؟ـ678). ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىزى. مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى. رەسۇلۇللاھنىڭ ئايالى. رەسۇلۇللاھ ئۇنى كىچىكلا نىكاھىغا ئالغان. ئۇ رەسۇلۇللاھدىن 1200 ھەدىس رىۋايەت قىلغان. مەدىنىدە ۋاپات بولغان.

عائِشَةُ بنت طلحة: (ئائىشە بىنتى تەلھە) (ھ ؟ـ101 / م ؟ـ719). ئۇمەۋىيلەر زامانىدىكى ئەڭ مەشھۇر ئايال. ئەدىبە، ئەرەب تارىخشۇناسى. جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر بېرىلگەن ساھابە تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھنىڭ قىزى. ئانىسى ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىزى ئۇممۇكۇلسۇمدۇر.

عاتكة بنت زيد بن عمرو: (ئاتىكە بىنتى زەيد ئىبنى ئەمرى) (ھ ؟ـ40 / م ؟ـ660). شائىرە، ساھابە. ئۇنى بۇرۇن ئەبۇبەكرىنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇمەر، ئۇنىڭدىن كېيىن زۇبەير نىكاھىغا ئالغان. ئۇلارنىڭ ھەممىسى قەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن (شېھىت بولغان).

عَاتِكَةُ بنت عبد المطلب: (ئاتىكە بىنتى ئابدۇلمۇتتەلىب). شائىرە. رەسۇلۇللاھنىڭ ئاتا تەرەپ هاممىسى. ئەبۇ تەممام ئۇنىڭ بەزى شېئىرلىرىنى "حماسة" «ھەماسە»گە كىرگۈزگەن.

عاصِم، ابن عاصم محمد الأندلسي، أبو يحيى: (ئاسىم، ئىبنى ئاسىم، مۇھەممەد ئەندەلۇسي، ئەبۇ يەھيا) (ھ ؟ـ857 / م ؟ـ1453). مالىكىي مەزھىپىدىكى فەقىھ. قازىلىق ۋە ۋەزىرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. ئۇنىڭ "الروض العريض" «ئەررەۋزۇل ئەرىيز» ناملىق كىتابى بار.

عاكِف مُحَمَّد: (ئاكىف مۇھەممەد) (ھ ؟ـ1355 / م ؟ـ1936). تۈركىيىلىك ئىسلام شائىرى. تۈركىيە مۇستەقىللىقىنىڭ كۈيچىسى. ئۇنىڭ "صفحات" «سەفەھات» ناملىق دىۋانى بار.

عامِرُ بن الطفيل: (ئامىر ئىبنى تۇفەيل). (ھ 11 / م ؟ـ632) جاھىلىيەت دەۋرىدىكى شائىر ۋە چەۋەنداز. ئۇنىڭ پەخىرلىنىش ۋە قەھرىمانلىق مەزمۇنىدىكى شېئىرلار توپلىمى بار.

العاملي، بهاء الدين محمد بن الحسين: (ئاملىي، بەھائۇددىين مۇھەممەد ئىبنى ھۈسەين) (ھ 953ـ1031 / م 1547ـ1622). لىۋانلىق فەقىھ، ئالىم، شائىر. بەئلەبەككىدە تۇغۇلۇپ، ئىسفاھاندا ۋاپات بولغان. ئاسترونومىيە ۋە ماتېماتىكا توغرىسىدا كىتاب يازغان. "الكشكول" «ئەلكەشكۇل» ناملىق كىتابى بىلەن داڭق چىقارغان.

العباس بن الأحنف (أبو الفضل): (ئاببىاس

ئىبنى ئەھنەف، ئەبۇلفەزل) (ھ ؟ـ 192 / م ؟ـ 808). باغدادلىق لىرىك شائىر. ئۇنىڭ ھارۇن رەشىد ھەققىدە ئاجايىپ ھېكايىلىرى ۋە يەنە بىر شېئىرلار توپلىمى بار.

العباس بن عبد المطلب: (ئاباس ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىب) (ھ ؟ـ 32 / م ؟ـ 653). رەسۇلۇللاھنىڭ ئاتا تەرەپ تاغىسى. قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ چوڭى. مەككە فەتھى بولۇشىنىڭ ئالدىدىلا مۇسۇلمان بولۇپ، مەدىنىدە ۋاپات بولغان. ئابباسىيلار سۇلالىسى مۇشۇ زاتقا نىسبەت بېرىلىدۇ.

عَبّاسُ بن فرناس: (ئاباس ئىبنى فىرناس) (ھ ؟ـ 275 / م ؟ـ 888). ئەندەلۇسلۇق شائىر، پەيلاسوپ، ئاسترونوم، كەشپىياتچى. ۋاقىت ھېسابلاش ئۈسكۈنىسىنى ئىجاد قىلغان. ئىككى تەرىپىگە پەيدىن ياسالغان قانات بېكىتىلگەن تون كىيىپ ئۇچماقچى بولغاندا يىقىلىپ كېتىپ، دۈمبىسى يارىلانغان.

العَبّاسُ بن مرداس: (ئاباس ئىبنى مىرداس) (تەخمىنەن ھ ؟ـ 18 / م ؟ـ 639). جاھىلىيەت ۋە ئىسلام دەۋرىدە ياشىغان شائىر. مەككە فەتھى قىلىنىشتىن بۇرۇنلا قوۋمى بىلەن بىرگە مۇسۇلمان بولغان. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە ۋاپات بولغان. ئۇ ئىنتايىن قەھرىمان ئىدى.

العَبّاسَةُ، علية بنت المهدي: (ئەبباسە، ئەلىييەت بىنتۇل مەھدى) (ھ ؟ـ 210 / م ؟ـ 825). ھارۇن رەشىدنىڭ ھەمشىرىسى. شائىرە، ئەدىبە. باغدادتا تۇغۇلۇپ، شۇ يەردە ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ بىر شېئىرىي دىۋانى بار.

العَبّاسِيُّون: (ئەبباسىيۇن) (ھ 133 ـ 657 / م 750 ـ 1258). ئابباسىيلار سۇلالىسى. ئاباس ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىبكە نىسبەت بېرىلىدۇ. بۇ سۇلالە ئۇمەۋىيە دۆلىتى مۇنقەرىز بولغاندىن كېيىن قۇرۇلغان بولۇپ، ئابباسىي سۇلالىسىدىن37 خەلىپە مەيدانغا كەلگەن. بۇلارنىڭ تۇنجىسى ئەبۇل ئاباس سەففاھ، ئاخىرقىسى خەلىپە مۇستەئسىمدۇر. ئۇلار قارا بايراقنى دۆلەت بايرىقى قىلغان. ئۇلارنىڭ دەۋرىدە ئىسلام مەدەنىيىتى ئەڭ گۈللەنگەن.

عبد الرزاق (مصطفى): (ئابدۇرراززاق، مۇستافا) (ھ 1302 ـ 1366 / م 1885 ـ 1947). مىسىرلىق ئەدىب، مۇتەپەككۇر. شەرىئەت، پەلسەپە ۋە ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى. ئۇ ئەزھەردە شەيخ مۇھەممەد ئابدۇنىڭ قولىدا ۋە فرانسىيىدە ئىلىم تەھسىل قىلغان. 1938 ـ يىلى ئەۋقاف مىنىستىرى، 1945 ـ يىلىدىن ۋاپات بولغانغا قەدەر ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شەيخى بولغان. ئۇنىڭ "الإمام الشافعي" «ئىمامۇششافىئىي» (ئىمام شافىئىي)، "تمهيد لتاريخ الفلسفة الإسلامية" «تەمھىدۇ لىتارىخىل فەلاسىفەتىل ئىسلامىيە» (ئىسلام پەلسەپە تارىخىدىن ساۋات)، كىندى ۋە فارابىنىڭ تەرجىمىھالى ھەققىدە يېزىلغان "فيلسوف العرب والمعلم الثاني" «فەيلەسوفۇل ئەرەبى ۋەلمۇئەللىمىسسانى» (ئەرەب پەيلاسوپى ۋە ئىككىنچى ئۇستاز)، "الدين والوحي والإسلام" «ئەددىينۇ ۋەلۋەھيۇ ۋەلئىسلام» (دىن، ۋەھيى ۋە ئىسلام)، "البهاء زهير" «ئەلبەھائۇ زۇھەير» ۋە مۇھەممەد ئابدۇنىڭ تەرجىمىھالى ھەققىدە "محمد عبده" (مۇھەممەد ئابدۇ) قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

عبد الرزاق (كمال الدين السمرقندي): (ئابدۇرراززاق، كامالۇددىن سەمەرقەندى) (ھ 816 ـ 877 / م 1413 ـ 1472). ئىرانلىق تارىخشۇناس. ئۇنىڭ 1317 ـ يىلىدىن 471 ـ

يىلىغىچە بولغان ۋەقەلەر توغرىسىدىكى "مطلع السعدين ومجمع البحرين" «مەتلەئۇسسەئىدەيىن ۋە مەجمەئۇل بەھرەيىن» (ئىككى بەختنىڭ چىققىدىغان جايى ۋە ئىككى دېڭىزنىڭ قوشۇلىدىغان جايى) ناملىق تارىخ كىتابى بار.

عبد الصبور (صلاح): (ئابدۇسسەبۇر، سەلاھ) (ھ 1350 ـ 1401 / م 1931 ـ 1981). مىسىرلىق، ھازىرقى زامان شائىرى. ئۇنىڭ "الناس في بلادي" «ئەنناسۇ فى بىلادى» (يۇرتداشلار)، "أحلام الفارس القديم" «ئەھلامۇل فارىسىل قەدىم» (قەدىمىي چەۋەندازنىڭ چۈشلىرى) ناملىق شېئىرلار توپلىمى ۋە "مأساة الحلاج" «مەئساتۇل ھەللاج» (مەنسۇر ھەللاج پاجىئەسى)، "ليلي مجنون" «لەيلى مەجنۇن» ناملىق سەھنە ئەسەرلىرى بار.

عبد الله بن الأرقم: (ئابدۇللاھ ئىبنى ئەرقەم) (ھ ?ـ 44 / م ?ـ 664). قۇرەيشلىك ساھابە، رەسۇلۇللاھنىڭ ئانا تەرەپ تاغىسى. مەككە فەتھى بولغان كۈنى مۇسۇلمان بولغان. ئۆمەر ۋە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلارنىڭ دەۋرىدە بەيتۇلمالغا مەسئۇل بولغان.

عبد الله بن بريدة بن الحصيب الأسلمي: (ئابدۇللاھ ئىبنى بۇرەيدە ئىبنى ھەسىبىل ئەسلەمىي) (ھ 14 ـ 115 / م 635 ـ 733). ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ بىرى. كۇفەلىك، مەرۋىگە قازى بولغان.

عَبْدُ الله بن جَحْش: (ئابدۇللاھ ئىبنى جەھش) (ھ ?ـ 3 / م ?ـ 625). ئىسلامغا ئەڭ دەسلەپتە كىرگەن ساھابىلەردىن. رەسۇلۇللاھنىڭ ئاتا تەرەپ ھاممىسىنىڭ ئوغلى ۋە مۆئمىنلەرنىڭ ئانىسى زەينەپنىڭ قېرىندىشى. ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغان. ئوھۇد غازىتىدا ئاجايىپ قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن.

عَبْدُ الله بن الحُسَين: (ئابدۇللاھ ئىبنى ھۇسەيىن) (ھ 1300 ـ 1371 / م 1882 ـ 1951). ئىئوردانىيە ھاشىمىيە خاندانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى. ھىجرىيە 1366 (م 1946)ـ يىلى ئوسمان تۈركلىرىگە قارشى قوزغىلاڭغا قاتناشقان. ئەقسا مەسجىدىدە سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ "مذكراتي" «مۇزەككىراتى» (ئەسلىمىلىرىم) ناملىق كىتابى بار.

عبد الله بن رواحة بن ثعلبة الأنصاري، أبو محمد: (ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە ئىبنى سەئلەبە ئەنسارى، ئەبۇ مۇھەممەد) (ھ ?ـ 8 / ?ـ 629). داڭلىق شائىر، ساھابە. كۆپلىگەن جەڭلەرگە قوماندانلىق قىلغان. جاھىلىيەت دەۋرىدە ساۋاتلىق ئىدى. ئەقەبە بەيئىتىدە 12 ۋەكىلنىڭ بىرى بولغان. بەدر ۋە ئوھۇد قاتارلىق كۆپلىگەن جەڭلەرگە قاتناشقان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر غازاتقا چىققاندا ئۇنى مەدىنىدە ئورنىدا قويغان. ھىجرىيىنىڭ 8 ـ يىلى زەيد ۋە جەئفەردىن كېيىن شېھىت بولغان.

عَبْدُ الله بن الزبير بن العوام: (ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەيىر ئىبنى ئەۋۋام). (ھ 1 ـ 73 / م 622 ـ 692). ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىزى ئەسمانىڭ ئوغلى. پارس، مىسىر ۋە شىمالىي ئافرىقىنى فەتھى قىلىشلارغا قاتناشقان. ئۆمەۋىيلەرگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ھىجاز، يەمەن، مىسىر، ئىراق، خۇراسان ۋە شاملارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان. مەككە مۇھاسىرىسىدە قولغا چۈشۈپ، ھەججاجنىڭ قولىدا دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلگەن.

عَبْدُ الله بن عباس: (ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس) (ھ ؟ـ 68 / م ؟ـ 687). مەشھۇر تەپسىرشۇناس، ھەدىسشۇناس ساھابە. رەسۇلۇللاھنىڭ ئاتا تەرەپ تاغىسىنىڭ ئوغلى. ئىلمىنىڭ موللۇقى، پىكرىنىڭ توغرىلىقىدىن "حبر الأمة" «ھىبرۇل ئۇممە» ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئالىمى دەپ ئاتالغان. رەسۇلۇللاھ ئۇنى بەسرەگە ۋالىيلىققا تەيىنلىگەن. ئۇنىڭ "تفسير ابن عباس" «تەفسىر ئىبنى ئابباس» ناملىق بىر تەپسىرى بار.

عبد الله بن مغفل الضبي: (ئابدۇللاھ ئىبنى مۇغەففەلىززەببىي) (ھ ؟ـ 57 / م ؟ـ 677). ساھابە. ھەزرىتى ئۆمەر تەرىپىدىن بەسرە شەھىرىگە دىن ئۆگىتىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن ئون ئالىمنىڭ بىرى. 43 ھەدىس رىۋايەت قىلغان.

عَبْدُ الله بنُ عبد المطلب: (ئابدۇللاھ ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىب) (م ؟ـ 571). رەسۇلۇللاھنىڭ ئاتىسى. مەككىدە تۇغۇلغان. ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ كەنجى ئوغلى بولۇپ، ئۇنىڭغا ئىنتايىن ئامراق ئىدى. ئاتىسى ئۇنىڭ ھەققىدە قۇربانلىق قىلىش ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىش يۈزىسىدىن يۈز تۆگە بەرگەن. شۇڭا ئۇ "عبد الذبيح" «ئەبدۇززەبىھ» (قۇربانلىق بەندىسى) دەپمۇ ئاتالغان. ئۇ ۋاپات بولغاندا ئايالى ئامىنە بىنتى ۋەھبى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ھامىلدار ئىدى.

عبد الله بن مسعود الهُذَلي (أبو عبد الرحمن): (ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدىلھۇزەلىي، ئەبۇ ئابدۇراھمان))ھ ؟ـ 32 / م ؟ـ 653). ئىسلامنىڭ دەسلەپىدە مۇسۇلمان بولغان كاتتا ساھابە، مەككىدە بىرىنچى بولۇپ قۇرئاننى ئۈنلۈك توۋلاپ ئوقۇغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىدە بولسۇن ياكى سەپەر ۋە غازاتلىرىدا بولسۇن خىزمىتىدە بولغان. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشەنچىلىك ساھابىسى ئىدى. ھەر قانداق ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بىمالال كىرەلەيتتى ۋە داۋاملىق بىللە يۈرەتتى. ھەزرىتى ئۆمەر بىر كۈنى ئۇنىڭغا قاراپ: «سەن ئىلىم بىلەن توشقان كۈپ» دېگەن. ئۇ ئاتاقلىق قارىي ۋە كاتتا مۇپەسسىر، فەقىھ ئىدى. فىقھىدا ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفە ۋەكىللىك قىلغان كۇفە مەدرىسىسىنىڭ ئاساسچىسى. شۇنداقلا ئۇ تەپسىردىمۇ كۇفە مەدرىسىسىنىڭ ئاساسچىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ 848 ھەدىس رىۋايەت قىلغان.

عَبْدُ الحق المَرِيني، أبو محمد: (ئابدۇلھەق مەرىنى، ئەبۇ مۇھەممەد) (ھ ؟ـ 614 / م ؟ـ 1217). ماراكەش مەرىنىيە دۆلىتىنىڭ قۇرغۇچىسى. مۇۋەھھىدىنلار دۆلىتىنى ئاغدۇرۇۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆز دۆلىتىنى قۇرغان. كېيىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەن.

عبد الحميد الثاني: (ئابدۇلھەمىد سانى) (ھ 1258ـ1337 / م 1842ـ1918). ئوسمانىيلار خەلىپىلىكىنىڭ سۇلتانى بولۇپ، ئۆزىگە قارشى چىققانلارنى كۆپلەپ باستۇرغانلىقى ئۈچۈن «قىزىل سۇلتان» دەپ ئاتالغان. ھىجرىيە 1293ـيىلى (مىلادىيە 1876ـيىلى) ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىپ، ھىجرىيە 1327ـيىلى (مىلادىيە 1909ـيىلى) تەختتىن چۈشكەن. ئۇ دۆلەت خەزىنىسى پۇلىغا جىددىي ئېھتىياجلىق ئەھۋالدىمۇ پەلەستىن زېمىنىنى يەھۇدىيلارغا سېتىپ بېرىشنى قەتئىي رەت قىلغان.

عبد الحميد بن يحيى الكاتب: (ئابدۇلھەمىد ئىبنى يەھيا كاتىب) (ھ ؟ـ 133 / م ؟ـ 750). ئۇمەۋىيلەر خانىدانلىقىنىڭ مىرزىسى. ئەرەب

ئەدەبىياتىدىكى خەت-چەكلەر ژانىرىدا ئالاھىدە ئۇسلۇب ياراتقان. خەلىپە مەرۋان ئىبنى مۇھەممەدنىڭ كاتىپى بولغان. ئۇنىڭ "رسالة إلى الكتاب" «رىسالە ئىلەلكۇتتاب» (يازغۇچىلارغا خەت) ناملىق كىتابى بار.

عبد رَبِّه، أحمد بن محمد بن عبد ربه: (ئەبدۇرەببىھ، ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئەبدۇرەببىھ). ئەندەلۇسىيىلىك ئەدىب. "العقد الفريد" «ئەلئىقدۇل فەرىد» ناملىق ئەدەبىي قامۇس بىلەن داڭ چىقارغان.

عبد الرحمن أحمد بن محمد ، نور الدين جامي: (ئابدۇراھمان جامى) (ھ 817-878 / م 1414-1474). ئىلىمنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرىدە كامالەتكە يەتكەن زات. نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان بولۇپ، ئەسەرلىرى كىشىلەرنىڭ زور ئالقىشىغا ئېرىشكەن. دىيارىمىزدا «شەرھى موللا» دەپ مەشھۇر بولغان "الفوائد الضيائية شرح الكافية" «ئەلفەۋائىدىززىيائىيە شەرھىل كافىيە» (يارقىن پايدىلار) ناملىق "كافية" «كافىيە» نىڭ شەرھىسىنى مۇشۇ زات يېزىپ چىققان. ئۇ يەنە "نقد النصوص" «نەقدۇننۇسۇس»، "شرح حديث أبي رزين العقيلي" «شەرھى ھەدىس ئەبۇ رەزىينىل ئۇقەيلى»، "نفحات الأنس" «نەفھاتۇل ئۇنس» (تەرىقەت ماشايىخلىرىنىڭ تەرجىمىھالى يېزىلغان كىتاب)، "شرح فصوص الحكمة" (شەرھ فۇسۇسىل ھېكمەت)، "أشعة اللمعات" «ئەشىئەتۇل لەمەئات» (يارقىن نۇرلار)، "اللوامع" «ئەللەۋامىئ» («جالالىدىن رۇمى مەسنەۋىلىرى»نىڭ شەرھىسى)، «خىسراۋ دېھلىۋي شېئىرلىرى»نىڭ شەرھى، «ئىبنى فارىز شېئىرلىرى» نىڭ شەرھى... قاتارلىق نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان. ئەھلى تەسەۋۋۇپ ماشايىخلىرىنىڭ سۆھبىتىدە بولۇپ، سەئىددىن كاشغەرىدىن تەسەۋۋۇپنى تەلىم ئالغان. ئۇ ھىراتتىكى «نىزامىيە مەدرىسى»دە بىر مەزگىل تۇرغان. سەمەرقەنددىن خۇراسانغا بېرىپ، خوجا ئۇبەيدۇللاھ نەقشىبەندىينىڭ سۆھبىتىدە بولغان ۋە تەسەۋۋۇپ ئەربابلىرىدىن بولۇپ يېتىشكەن.

عبد الرحمن الدّاخل، عبد الرحمن الداخل بن معاوية: (ئابدۇراھمان ئەدداخىل، ئابدۇراھمان ئەدداخىل ئىبنى مۇئاۋىيە). قۇرەيش بۆركۈتى دەپ نام ئالغان، ئەندەلۇستىكى ئۇمەۋىيلەر سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىسى.

عبد الرحمن بن عوف: (ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف) (ھ ?-32 / م ?-652). ئۇلۇغ ساھابە، دەسلەپتە مۇسۇلمان بولغانلارنىڭ ئالتىنچىسى. جەننەت بىلەن خۇش بېشارەت بېرىلگەن ئون ساھابىنىڭ بىرى. ھەبەشىستان، ئاندىن كېيىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان. ئۇ ناھايىتى باي سودىگەر بولۇپ، تولىمۇ سېخىي ۋە كەمتەر ئىدى. ئىنتايىن كۆپ قۇل ئازاد قىلغان.

عبد شمس: (ئابدۇ شەمس). قۇرەيش قەبىلىسىدىكى بىر جەمەتنىڭ نامى.

عبد العزيز بن أحمد نصر بن صالح شمس الأئمة الحلواني: (ئابدۇلئەزىز ئىبنى ئەھمەد ئىبنى نەسر ئىبنى سالىھ شەمسۇل ئەئىممە ھەلۋانى) (ھ ?-456 / م ?-1064). بۇخارالىق. ھەنەفىي مەزھىپىدىكىلەرنىڭ پېشۋاسى. ئەتراپلىق مەلۇماتقا ئىگە زات. "مبسوط" «مەبسۇت» ۋە "نوادر" «نەۋادىر» ناملىق ئەسەرلەرنى يازغان. شەمسۇل ئەئىممە سەرەخسى، فەخرۇل ئىسلام ئەلى ئىبنى مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ قېرىندىشى سەدرۇل ئىسلام ئەبۇليۇسرى مۇھەممەد ۋە شەمسۇل ئەئىممە ئەبۇل فەزل بەكرى قاتارلىق مەشھۇر

ئالىملار بۇ زاتنىڭ شاگىرتلىرىدۇر.

عبد القادر بن عمر البغدادي: (ئابدۇلقادىر ئىبنى ئۇمەرىل باغدادى) (ھ 1031 ـ 1093 / م 1621 ـ 1682). داڭلىق تىلشۇناس ۋە ئەدىب. ئۇنىڭ "خزانة الأدب" «خەزانەتۇل ئەدەب» (ئەدەبىيات خەزىنىسى) ۋە "لب لباب لسان العرب" «لۇببۇ لۇباب لىسانىل ئەرەب» (ئەرەب تىلى جەۋھەرلىرى) ناملىق كىتابلىرى بار.

عبد القادر بن موسى الجيلاني: (ئابدۇلقادىر ئىبنى مۇسا جىيلانى) (ھ ؟ ـ 561 / م ؟ ـ 1166). تەسەۋۋۇپ ئېقىمىدىكى قادىرىيە سۇلۇكىنىڭ ئاساسچىسى. جىيلان (تەبەرىستان)دا تۇغۇلغان. باغدادتا ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ تەسەۋۋۇپ توغرىسىدا يازغان "الفتح الرباني والفيض الرحماني" «ئەلفەتھۇررەببانى ۋەلفەيزۇررەھمانىي» ناملىق كىتابى بار.

عبد الله بن أحمد بن محمود أبو البركات حافظ الدين النسفي: (ئابدۇللاھ ئىبنى ئەھمەد ئىبنى مەھمۇد ئەبۇلبەرەكات ھافىزۇددىن نەسەفىي) (ھ ؟ ـ 701 / م ؟ ـ 1302). ماۋەرائۇننەھرلىك ئالىم. ئۇسۇلى فىقھى، ھەدىس ئىلىملىرىدە ئەينى دەۋرنىڭ يېگانىسى ئىدى. فىقھى ھەققىدىكى "كنز الدقائق" «كەنزۇددەقائىق»، ئۇسۇلى فىقھى ھەققىدىكى "منار" «مەنار» ۋە ئۇنىڭ شەرھىسى "كشف الأسرار" «كەشفۇل ئەسرار» ناملىق كىتابلار ئۇنىڭ مەشھۇر ئەسەرلىرىدىندۇر.

عبد الله بن عمرالفاروق: (ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇمەر) (م 611 ـ 692). ھەزرىتى ئۇمەرنىڭ ئوغلى. ساھابىلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ بىلىملىكى ۋە ھاپىز (ھەدىس يادقا ئالغان) ئىدى. بەزىلەر ئۇنى مۇجتەھىدلىك دەرىجىسىگە يەتكەن دېيىشىدۇ. ئۇنىڭ ئىسمى ئابدۇللاھ، لەقىبى ئابدۇراھمان ئىدى. بۇ زات رەسۇلۇللاھدىن 2637 ھەدىس رىۋايەت قىلغان.

عبد الله بن المبارك أبو عبد الرحمن المروزي: (ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك ئەبۇ ئابدۇراھمان مەرۋىزى). ھەدىسشۇناس، كامالەتكە يەتكەن ئالىم. ئون مىڭدىن ئارتۇق ئۇستازدىن ھەدىس ئۆگەنگەن. ئۇ ئۆز دەۋردىكى ئىلىم-مەرىپەت مەركەزلىرىنىڭ ھەممىسىگە بېرىپ ئىلىم تەھسىل قىلغان. بۇ ئالىم قۇرئان تەپسىرى، ھەدىس ۋە ھەدىسشۇناسلىق ھەققىدە كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى يازغان. ئىمام مالىك ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭ گۈزەل ئەخلاقلىرىنى مەدھىيىلەيتتى. ئىمام ئەزەم ئۇنىڭ كۆپ ھەدىس رىۋايەت قىلغانلىقىغا ۋە ئەقىل-پاراسىتىگە قايىل ئىدى.

عَبْدُ المؤمن بن علي: (ئابدۇل مۇئمىن ئىبنى ئەلى) (ھ 525 ـ 559 / م 1130 ـ 1163). مۇۋەھھىدىنلار دۆلىتىنىڭ قۇرغۇچىسى. ئۇ مورابىتىن دۆلىتىنى مۇنقەرىز قىلغاندىن كېيىن ماراكەشتە ئۆز دۆلىتىنى بەرپا قىلغان.

عبد المطلب بن هاشم: (ئابدۇلمۇتتەلىب ئىبنى ھاشىم) (تەخمىنەن م ؟ ـ 579). قۇرەيشلەرنىڭ ئاقساقىلى، رەسۇلۇللاھنىڭ بوۋىسى، زەمزەم قۇدۇقىنى قايتا قازغان. بەيتۇللاھقا زىيارەتكە كەلگەنلەرنى كۈتۈۋېلىش، ئۇلارنى سۇ ۋە تاماق بىلەن تەمىنلەشنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان. رەسۇلۇللاھ دادىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن سەككىز ياشقا كىرگۈچە ئۇنىڭ تەربىيىسىدە بولغان.

عبد الملك بن مروان: (ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋان) (ھ 26 ـ 86 / م 646 ـ 705). ئۇمەۋىييە سۇلالىسىنىڭ بەشىنچى خەلىپىسى. ئۇنىڭ دەۋرىدە دۆلەت تېررىتورىيىسى كېڭىيىپ بىرلىككە كەلگەن. ئۇنىجى بولۇپ دۆلەت ئورگانلىرىنى ئىسلاھ قىلىپ، باشقۇرۇش ئۇسلۇبىنى يولغا قويغان ۋە دىنار سوقتۇرغان.

عَبْدُ مَناف بن قصي: (ئابدۇماناف ئىبنى قۇسەي). رەسۇلۇللاھنىڭ بوۋىسى (رەسۇلۇللاھنىڭ ئۈچىنچى بوۋىسى) قۇرەيشلەرنى باشقۇرۇش ۋە كەئبىنىڭ خىزمىتى ئۇنىڭ قولىدا ئىدى.

عَبْد الوَهَّاب، الشيخ محمد بن عبد الوهاب: (ئابدۇلۋەھھاب، شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇۋاھھاب) (ھ 1115 ـ 1206 / م 1703 ـ 1792). دىنىي ئىسلاھاتچى. ھەنبەلىي مەزھىپىدىكى ئۆلىما. ۋەھھابىي ئېقىمىغا ئاساس سالغان. ئۇنىڭ "كتاب التوحيد" «كىتابۇت تەۋھىد» ۋە "كشف الشبهات" «كەشفۇششۇبھات» ناملىق كىتابلىرى بار.

عَبَادِلَةٌ: (ئەبادىلە). 1. "عبد الله" ئابدۇللاھنىڭ كۆپلۈك شەكلى. ئابدۇللاھ دەپ ئاتالغان كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ. 2. ئىسلام تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللاردا ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر، ئابدۇللاھ ئىبنى ئاببباس ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەيرلەرنى كۆرسىتىدۇ.

عبده، الشيخ محمد: (ئابدۇ، شەيخ مۇھەممەد ئابدۇ) (ھ 1266 ـ 1323 / م 1849 ـ 1905). مەشھۇر ئىسلاھاتچى، ئىسلام مۇتەپەككۇرى. مىسىر ھازىرقى زامان ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى. پارىژدا جامالۇددىن ئافغانى بىلەن "العروة الوثقى" «ئەلئۇرۋەتۇل ۋۇسقا» (مۇستەھكەم تۇتقا) گېزىتىنى نەشر قىلغان. قازى ۋە مۇفتى بولغان. ئۇنىڭ "رسالة التوحيد" «رىسالەتۇتتەۋھىد» (تەۋھىد ھەققىدە) ۋە "شرح نهج البلاغة" «شەرھ نەھجىل بەلاغە»(ئىستىلىستىكا پرىنسىپىغا ئىزاھ) ناملىق كىتابلىرى بار.

عبدون، ابن عبدون، عبد المجيد بن عبد الله الفهري: (ئابدۇن، ئىبنى ئابدۇن ئابدۇلمەجىد ئىبنى ئابدۇللاھ فەھرىي) (ھ ؟ ـ 530 / م ؟ ـ 1135). ئەندەلۇسلۇق شائىر ۋە ۋەزىر. ئۇنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرى ئىسپان ۋە فرانسۇز تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان.

الْعِبَر: (ئەلئىبەر). مەشھۇر تارىخشۇناس ئىبنى خەلدۇنىنىڭ تارىخ توغرىسىدا يازغان كىتابى بولۇپ، «ئىبنى خەلدۇنىنىڭ مۇقەددىمىسى» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر. بۇ كىتاب جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ ئۇلتېشى ھېسابلىنىدۇ.

عِبْرَانِي ج عبرانيون: (ئىبرانىي، ئىبرانىيۇن). ئىبران تىلى. بۇ سام تىللىرى تۈركۈمىگە تەۋە بىر خىل تىل بولۇپ، بۇ تىلنى ھازىر يەھۇدىيلار قوللىنىدۇ.

العِبْرِيُّ، ابن العبري، أبو الفرج غريغوريس: (ئىبەرى، ئىبنى ئىبەرى، ئەبۇل فەرەج غەرىيغۇرىيس). قەدىمىي سۈرىيىلىك تارىخچى، مەشھۇر پوپ. ئۇنىڭ "تاريخ الدول" «تارىخۇددۇۋەل» (دۆلەتلەر تارىخى) ۋە "رسالة في النفس البشرية" «رىسالە فىننەفسىل بەشەرىيە» (پسىخولوگىيە ئىلمى) ناملىق ئەسەرلىرى بار.

عَبُّودٌ، مارون: (ئەببۇد، مارون) (ھ 1303 ـ 1382 / م 1885 ـ 1962). لىۋانلىق

ئەدىب. ئۇنىڭ 50كە يېقىن ئەسىرى بار. "جدد وقدماء" «جۇدۇد ۋە قۇدەما» ، "على المحك" «ئەلەلمىھەك» ، "وجوه وحكايات" «ۋۇجۇھ ۋە ھېكايات» ناملىق ئەسەرلەر ئۇلارنىڭ بىر قىسمىدۇر.

عَبِيدُ بن الأبرص: (ئەبىيد ئىبنى ئەبرەس). (م ?_554). جاھىلىيەت دەۋرىدە ئۆتكەن نەجەدلىك شائىر. بەزى ئوبزورچىلار ئۇنى «سەبئى مۇئەللىقات» شائىرلىرىنىڭ قاتارىدا ھېسابلايدۇ. ئۇنىڭ بىر دىۋانى بار.

عُبَيْدُ الله المهدي الفاطمي: (ئۇبەيدۇللاھ مەھدى فاتەمىي) (ھ 259_323 / م 872_934). ماراكەشتىكى فاتىمىيلەر دۆلىتىنىڭ قۇرغۇچىسى. ئۇ 24 يىل ھوقۇق تۇتقان.

عبيد الله صدر الشريعة الأصغر مسعود بن تاج الشريعة: (ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد ئىبنى تاج شەرىئە) (ھ ?_747 / م ?_1346). ھەنەفىي مەزھېپىدىكى فىقھشۇناس ئالىم. مەشھۇر "شرح وقاية" «شەرھى ۋىقايە»نىڭ ئاپتورى. سەدرۇششەرىئە نامى بىلەن مەشھۇر. ئۇ مۇشكۇلات ئىلىملىرىگە ناھايىتى ماھىر ئىدى. بۇ زات چوڭ دادىسى ئىمام تاج شەرىئە مەھمۇدنىڭ «ۋىقايە» ناملىق ئەسىرىنى شەرھىلىگەن. ئاندىن «ۋىقايە»نى ئىخچاملاپ يېزىپ "نقاية"«نىقايە» دەپ ئاتىغان. ئۇسۇلى فىقھى ھەققىدە بىر كىتاب يازغان بولۇپ، ئۇنى "تنقيح"«تەنقىيھ» دەپ ئاتىغان. ئاندىن ئۇنىڭغا مۇكەممەل بىر شەرھى يېزىپ، ئۇنى "توضيح" «تەۋزىيھ» دەپ ئاتىغان. شۇنداقلا مەئانى ئىلمىدە "وشاح" «ۋىشاھ» ناملىق كىتابنى يازغان. بۇ زاتنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ فەقىھلەر نەزىرىدىكى ئورنى ناھايىتى يۇقىرى.

عبيدة، أبو عبيدة، معمر بن المثنى: (ئۇبەيدە، ئەبۇ ئۇبەيدە، مەئمەر ئىبنى مۇسەننا) (ھ 110_210 / م 728_825). بەسرەلىك تىلشۇناس. باغدادقا كېلىپ، ئەبۇ زەمەد ۋە ئەسمەئىي بىلەن مۇنازىرىلەشكەن. تېگى يەھۇدىي بولۇپ، خاۋارىجلارغا مايىل ئىدى. ئەرەبلەرنى ئۆچ كۆرەتتى. ئۇ "المثالب" «ئەلمەسالىب» ، "الخيل" «ئەلخەيل» ۋە "نقائض جرير والفرزدق" «نەقائىزۇ جەرىر ۋەلفەرەزدەق» (جەرىر بىلەن فەرەزدەقنىڭ زىددىيىتى) ناملىق كىتابلارنى يازغان.

العتاهية، أبو العتاهية، إسماعيل بن القاسم: (ئەتاھىيە، ئەبۇ ئەتاھىيە، ئىسمائىل ئىبنى قاسىم) (ھ 131_210 / م 748_825). ئابباسىي دەۋرىدىكى شائىرلاردىن بولۇپ، شېئىر يېزىشتا ئۆزگىچە ئۇسلۇبى بار ئىدى. ئۇنىڭ بىر شېئىرىي دىۋانى بار.

العُتبي (أبو نصر): (ئۇتبى، ئەبۇ نەسر) (ھ ?_428 / م ?_1036). خۇراساندا ياشىغان تارىخشۇناس. ئۇنىڭ «تارىخۇل ئۇتبى» ياكى «ئەلىيۇمىنا» دەپ ئاتىلىدىغان، غەزنەۋىيلەر توغرىسىدا توختالغان تارىخىي ئەسىرى بار. مەنىينى بۇ كىتابقا شەرھ يازغان.

عثمان، آل عثمان (أو العثمانيون) : (ئوسمان، ئال ئوسمان، ئوسمانىيۇن). ئوسمان ئىبنى ئەرتوغرول. ئوسمانىيلار سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىسى.

عثمان بن عفان: (ئوسمان ئىبنى ئەففان) (ھ ?_35 / م ?_656). چاھارىيارلارنىڭ ئۈچىنچىسى. تۇنجى تۈركۈمدە مۇسۇلمان بولغانلاردىن. رەسۇلۇللاھنىڭ ئىككى قىزى بىلەن توي قىلغان. شۇڭا ئۇ "ذي النورين" «زىننۇرەين» (ئىككى نۇر ئىگىسى) دەپ ئاتالغان. ئۇ قۇرئان كەرىم ئوقۇۋاتقان ھالدا

قەتلى قىلىنغان.

عثمان بن مظعون: (ئوسمان ئىبنى مەزئۇن) (ھ ?ـ2 / م ?ـ624). ساھابە. جاھىلىيەت دەۋرىدە ئەرەب دانىشمىنى ئىدى. مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغان.

عَدِيٌّ بن حاتم الطائي: (ئەدىيي ئىبنى ھاتەم تائىي) (ھ ?ـ68 / م ?ـ687). ساھابە. مۇرتەدلىككە قارشى غازاتلاردا قاتتىق قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن. پارسلارغا قارشى غازاتقا قاتناشقان، يۈز يىلدىن ئارتۇق ئۆمۈر كۆرگەن.

عَدِيٌّ بن زيد العبادي: (ئەدىيي ئىبنى زەيدىل ئىبادى) (تەخمىنەن م ?ـ587). ھىيرەلىك. جاھىلىيەت دەۋرىدە ئۆتكەن شائىر. نۇئمان ئىبنى مۇنزىرنىڭ قىزى بىلەن توي قىلغان. كېيىن نۇئمان ئۇنى زىندانغا تاشلاپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

عُرَابِي باشا، أحمد: (ئۇرابى باشا، ئەھمەد) (ھ 1257ـ1329 / م 1841ـ1911). مىسىرلىق ۋەتەنپەرۋەر ئەرباب. ئۇ ئەسكىرىي قىسىمغا قاتنىشىپ، يۇقىرى ئۇنۋانلارغا ئېرىشكەن. مىسىردا پادىشاھقا قارشى ئۇرابى قوزغىلىڭىغا باشچىلىق قىلغان. قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن سىيلان ئارىلىغا سۈرگۈن قىلىنغان. كېيىن مىسىرغا قايتىپ كېلىپ، شۇ يەردە ۋاپات بولغان.

العِراق: (ئىراق). ئىراق. ئەرەب دۆلىتى. غەرب تەرىپى سۇرىيە، ئىئوردانىيە بىلەن، شەرق تەرىپى ئىران بىلەن، جەنۇب تەرىپى سەئۇدىي ئەرەبىستان ۋە كۇۋەيت بىلەن، شىمال تەرىپى تۈركىيە بىلەن چېگرىلىنىدۇ. پايتەختى باغداد.

العَرَبِّى، أبو بكر محمد بن عبد الله بن العربي: (ئەرەببا، ئەبۇ بەكرى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەرەببا) (ھ ?ـ543 / م ?ـ1148). ئەندەلۇسلۇق فەقىھ، مۇھەددىس، ھاپىز. ئۇنىڭ "الإنصاف في مسائل الخلاف" «ئەلئىنساف فى مەسائىلىل خىلاف» (ئىختىلاپلىق مەسىلىلەردە ھەققانىي بولۇش)، "قانون التأويل في تفسير القرآن" «قانۇنۇتتەئۋىل فى تەفسىرىل قۇرئان» (قۇرئان تەپسىرىدىكى تەئۋىل قىلىش قائىدىسى)، "شرح جامع الترمذي" «شەرھ جامىئىتتىرمىزى» ناملىق كىتابلىرى بار.

عَرَفَاتٌ (عرفة) : (ئەرەفات، ئەرەفە). مەككىگە يېقىن بىر تاغ. ھەج قىلغۇچىلار ئۇ تاغدا تۇرۇپ، دۇئا ـ تەكبىردە بولىدۇ. ئەرەفاتتا توختاش ھەجنىڭ رۇكنىلىرىدىن بىرى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇ تاغدا ۋىدالىشىش نۇتقى سۆزلىگەن.

عروة بن الزبير بن العوام: (ئۇرۋە ئىبنى زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام) (ھ 22ـ94 / م 643ـ713). مەدىنە مۇنەۋۋەرەدىكى مەشھۇر يەتتە فەقىھنىڭ بىرى. جەننەت بىلەن بېشارەت بېرىلگەن زۇبەير ئىبنى ئەۋۋامنىڭ ئوغلى. ئۇنىڭ ئانىسى ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى سىددىقنىڭ قىزى ئەسما ئىدى. بۇ زات ھەزرىتى ئائىشەدىن ھەدىس تەلىم ئالغان. ئىبنى شىھاب زوھەرى ۋە تابىئىنلاردىن نۇرغۇن زاتلار بۇ كىشىنىڭ شاگىرتى ئىدى.

عَرِيْضَةُ، نسيب: (ئەرىيزە، نەسىب) (ھ 1305ـ1366 / م 1887ـ1946). كۆچمەن شائىر، ئەدىب. "الرابطة القلمية" «رابىتەتۇل قەلەمىيە» (قەلەمكەشلەر ئىتتىپاقى) نىڭ قۇرغۇچىلىرىنىڭ بىرى. ئۇنىڭ "الأرواح الحائرة" «ئەلئەرۋاھۇل ھائىرە» (سەرسان روھ)

ناملىق بىر دىۋانى بار.

عِزْرائيل: (ئىزرائىل، ئەزرائىل). كىشىلەرنىڭ جانلىرىنى ئېلىشقا مۇئەككەل قىلىنغان پەرىشتە.

عَزَّة كُثَيِّر: (ئەززەت كۇسەييىر) (ھ ؟ ـ 85 / م ؟ ـ 704). شائىر كۇسەييىرنىڭ مەشۇقى، كۇسەييىر ئۇنىڭغا ئاشىق بولغانلىقتىن، شۇ نام بىلەن ئاتىلىپ قالغان. مىسىردا ۋاپات بولغان.

العُزَّى: (ئۇززا). كەنانە ۋە قۇرەيش قەبىلىلىرىنىڭ چوقۇنىدىغان بۇتى. ئۇ جاھىلىيەت دەۋرىدىكى لات، ئۇززا، مانات قاتارلىق ئۈچ بۇتنىڭ بىرى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككە فەتھى قىلىنغان كۈنى ئۇنى چېقىۋېتىشكە بۇيرۇغان.

عَسْقَلاَن: (ئەسقەلان). پەلەستىننىڭ دېڭىز ساھىلىغا جايلاشقان بىر شەھىرى.

العَسْكَرِيُّ، أبو هلال الحسن بن عبد الله: (ئەسكەرىي، ئەبۇ ھىلال ھەسەن ئىبنى ئابدۇللاھ) (ھ ؟ ـ 396 / م ؟ ـ 1005). ئەدىب ۋە شائىر. ئۇنىڭ "ديوان المعاني" «دىۋانۇل مەئانى» (مەنىلەر توپلىمى)، "كتاب الصناعتين" «كىتابۇسسانائەتەين» ۋە "الفروق اللغوية" «ئەلفۇرۇقۇللۇغەۋىيە» (تىللاردىكى پەرقلەر) ناملىق ئەسەرلىرى بار.

العَسْكَرِيُّ، الحسن بن علي الهادي: (ئەسكەرىي، ھەسەن ئىبنى ئەلى ھادى) (ھ 231 ـ 260 / م 845 ـ 873). شىئە ئىمامىيە پىرقىسىدىكىلەرنىڭ ئون بىرىنچى ئىمامى.

عَسير: (ئەسىر). 1. ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى بىر قەبىلە. 2. قىزىل دېڭىز بويىغا جايلاشقان، ھىجاز ۋە يەمەن ئارىسىدىكى بىر رايون بولۇپ، سەئۇدىي ئەرەبىستانغا تەۋە. 3. سەئۇدىي ئەرەبىستاندىكى تاغلار.

العظمة، يوسف: (ئەزەمەت، يۈسۈف) (ھ 1302 ـ 1339 / م 1884 ـ 1920). سۈرىيىلىك گېنېرال. ئۇ دەمەشقنى فرانسىيە تاجاۋۇزچىلىقىدىن قۇتقۇزۇش يولىدا ئېلىپ بېرىلغان "ميسلون" «مېيسلون» غازىتىدا شېھىت بولغان.

العقبة: (ئەقەبە). 1. ئىئوردانىيە، سىنا ۋە سەئۇدىي ئەرەبىستان ئارىسىدىكى قىزىل دېڭىزنىڭ شىمالىغا جايلاشقان بىر ئارال؛ 2. قىزىل دېڭىز بويىغا جايلاشقان بىر پورت، ئىئوردانىيە تەۋەلىكىدە؛ 3. ھەج قىلغۇچىلار شەيتانغا تاش ئاتىدىغان بىر جاي بولۇپ، مەككىگە يېقىن يەرگە جايلاشقان.

عقبة بن نافع: (ئۇقبە ئىبنى نافىئ) (ھ ؟ ـ 63 / م ؟ ـ 683). ئىسلامنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى ھەربىي قوماندانلارنىڭ بىرى. مىسىر ۋە شىمالىي ئافرىقىنى فەتھى قىلىشقا قاتناشقان ھەمدە قەيرىۋان شەھىرىنى بىنا قىلغان.

العقاد، عباس محمود: (ئەققاد، ئاباس مەھمۇد) (ھ 1307 ـ 1384 / م 1889 ـ 1964). مىسىرلىق مۇتەپەككۇر، شائىر ۋە يازغۇچى. مازىنىي بىلەن بىرلىكتە ئەدەبىي ئوبزورچىلىق توغرىسىدا بىر كىتاب يازغان. بۇ كىشى جەمئىي سەكسەن ئۈچ پارچە كىتاب يازغان.

عَقيلُ بن أبي طالب: (ئەقىيل ئىبنى ئەبۇ تالىب) (ھ ؟ ـ 20 / م ؟ ـ 680). ساھابە. قۇرەيشلەرنىڭ دانىشمىنى. ھۇدەيبىيە سۈلھىسىدىن كېيىن مۇسۇلمان بولغان.

سففيىن ئۇرۇشىدا مۇئاۋىيه تەرەپتە تۇرغان.

عِكْرِمَةُ، بن أبي جهل: (ئىكرەمە ئىبنى ئەبۇ جەھىل) (ھ ?ـ13 / م ?ـ634). ساھابە. مەككە فەتھى بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا مۇسۇلمان بولغان. رەسۇلۇللاھ مەككىگە كىرگەندە ئىكرەمە بىر تۈركۈم كىشىلەر بىلەن بىللە كېمە بىلەن يەمەنگە بېرىۋېلىش ئۈچۈن قېچىپ تىھامىگە كەلگەندە، ئايالى رەسۇلۇللاھتىن ئامانلىق تىلىگەن، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا ئامانلىق بەرگەن. ئايالى ئۇنى ئىزدەپ كېلىپ، تىھامىدىن قايتۇرۇپ كەتكەن. ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كېرىپ تەۋبە قىلىپ، مۇسۇلمان بولغان. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ مۇسۇلمان بولغىنىغا ناھايىتى خۇشال بولغان. ئۇ مۇسۇلمان بولۇشتىن ئىلگىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە مۇسۇلمانلارغا ناھايىتى ئۆچ ئىدى. بەدر ئۇرۇشىدا دادىسى ئۆلگەندىن كېيىن ئىسلامغا بار كۈچى بىلەن توسقۇنلۇق قىلغان. ئۇ مۇسۇلمان بولغان كۈنى رەسۇلۇللاھتىن كەچۈرۈم سورىغان ۋە ئۇزىنى ئاللاھ يولىغا ئاتىۋەتكەنلىكىنى جاكارلىغان. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇ ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىن ناھايىتى كۆپ ياخشى ئىشلارنى قىلغان. يەرمۇكتىكى رۇم ئۇرۇشىدا زور قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن ۋە جەڭ مەيدانىدا شېھىت بولغان.

عَكّا: (ئەككا). ئوتتۇرا دېڭىز بويىغا جايلاشقان بىر شەھەر، پەلەستىنگە تەۋە. بۇ جاينى ئەرەبلەر ھىجرىيە 17 (م 638)-يىلى فەتھى قىلغان. بىر مەزگىلدىن كېيىن خرىستىئانلار ئىشغال قىلىۋالغان. ھىجرىيە 690-يىلى (مىلادىيە 1291-يىلى) ئەرەبلەر قايتۇرۇۋالغان.

عُكاظ: (ئۇكاز). ئەرەبلەرنىڭ جاھىلىيەت دەۋرىدىكى بازىرى ۋە ئۇلارنىڭ يىللىق مۇراسىم ئۆتكۈزىدىغان جايى. جاھىلىيەت دەۋرىدە قەبىلىلەر بۇ يەرگە يىغىلاتتى. يىغىلىشتا شائىرلار ئۆزئارا مۇسابىقىلىشىپ، ئۆزلىرى يازغان شېئىرلارنى پەخىرلىنىپ دېكلاماتسىيە قىلىشاتتى. بۇ سورۇن بىر ئاي داۋاملىشاتتى.

العُكبَري (أبو البقاء) : (ئۇكبەرى، ئەبۇلبەقائ) (ھ 538-626 / م 1143-1229). باغدادلىق ئەما تىلشۇناس. ئۇنىڭ "شرح ديوان المتنبي" «شەرھ دىۋانى مۇتەنەببى» (مۇتەنەببى دىۋانىنىڭ شەرھى)، "التبيان في إعراب القرآن" «ئەتتىبيان فى ئىئرابىل قۇرئان» (قۇرئاننىڭ ئىئراب (ھەرەكە)لىرى توغرىسىدا بايان) قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

علقمة فحل، علقمة بن عبدة: (ئەلقەمە فەھل، ئەلقەمە ئىبنى ئەبدە) (تەخمىنەن م ?-598). تەمىم قەبىلىسىدىن بولۇپ، جاھىلىيەت دەۋرىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن مەشھۇر شائىر. ئۇنىڭ بىر دىۋانى بار.

علقمة بن قيس: (ئەلقەمە ئىبنى قەيس) (ھ ?-62 / م ?-682). تابىئىنلارنىڭ چوڭلىرىدىن بولۇپ، ئىبنى مەسئۇد، ھەزرىتى ئۆمەر، ئەلى، ئەبۇ دەردائلاردىن ئىلىم ئۆگەنگەن. فىقھى ئىلمىدە ئەبۇ دەردا بىلەن تەڭ دەپ قارىلاتتى. ھەتتا ئىبنى مەسئۇد: ئەلقەمە بىلمەيدىغان ھېچقانداق مەسىلە يوق، دەپ ماختىغانىدى. ساھابىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئىشلاردا ئەلقەمىنىڭ ئاغزىغا قارايتتى.

علوم الأدب: (ئۇلۇمۇلئەدەب). ئەدەبىيات ئىلمى، تىل، گرامماتىكا، سەرف، بالاغەت، ئۇبزورچىلىق، شېئىر ۋە ئىجادىيەت ئىلمى قاتارلىقلارنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى.

العَلَوِيَّة: (ئەلەۋىيە). ماراكەشتە ھۆكۈم سۈرگەن بىر سۇلالە. ئۇنى رەشىد (ھ ?ـ 1088 / م ?ـ 1666) قۇرغان.

الْعَلَوِيُّوْن: (ئەلەۋىيۇن). 1. ئۆزىنى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىبنىڭ ئەۋلادى دەپ قارايدىغانلار. 2. ئەلەۋىيىن تاغلىرىغا جايلاشقان نەسرىيە تائىپىسى. ئۇلار ھەمسى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرى شۇنداقلا ھەما، ھەلەب رايونلىرىغا تارقىلىپ كەتكەن.

علي بن أبي بكر عبد الجليل الفرغاني: (ئەلى ئىبنى ئەبۇ بەكرى ئىبنى ئابدۇجېلىل پەرغانى) (ھ ?ـ 993 / م ?ـ 1585). فىقھشۇناس ھەم ھەدىسشۇناس، تەپسىرشۇناس ئەللامە. نۇرغۇن پەنلەردە يۇقىرى سەۋىيە ھاسىل قىلغان. ھەنەفىي فىقھىسىدىكى مەشھۇر كىتاب "هداية" «ھىدايە» مۇشۇ زاتنىڭ ئەسىرىدۇر. ھىدايىدىن باشقا "منتقى" «مۇنتەقا»، "نشر المذهب" «نەشرۇل مەزھەپ»، "تجنس" «تەجنىس»، "مزيد" «مەزىيد»، "كتاب في الفرائض" «كىتابۇ فىل فەرائىز» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان. بۇ زات ھەنەفىي مەزھىپىدىكى مەسىلىلەرنى پۇختا بىلەتتى. ئۇنىڭ «ھىدايە» ناملىق كىتابى ئۆلىمالار تەرىپىدىن ئالقىشلىنىپ، ئەسىرلەر بويى پازىللار ۋە فەقىھلەر مۇراجىئەت ۋە دەرسلىك قىلىدىغان مۇھىم ئەسەر بولۇپ كېلىۋاتىدۇ.

علي بن أبي طالب: (ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب) (ھ ?ـ 40 / م ?ـ 661). چاھاريارلارنىڭ تۆتىنچىسى بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى فاتىمە زەھرانىڭ ئېرى. تەبۇكتىن باشقا ھەممە غازاتلارغا قاتناشقان. تەبۇك غازىتىدا رەسۇلۇللاھ ئۇنى ئائىلىسىگە قاراشقا قويۇپ قويغان. ئۇنىڭ بىلەن مۇئاۋىيە ئوتتۇرىسىدا سىففىين جېڭى يۈز بەرگەن بولۇپ، بۇ جەڭ سۈلھى بىلەن ئاياغلاشقان. ئۇ باشقىلار تەرىپىدىن قەتل قىلىنغان.

علي بن الجهم: (ئەلى ئىبنى جەھمى) (ھ ?ـ 249 / م ?ـ 863). ئابباسىيلار دەۋرىدە ئۆتكەن بىر شائىر. ئۇنىڭ نەشر قىلىنغان بىر شېئىريي دىۋانى بار.

علي بن سلطان محمد قاري: (ئەلى ئىبنى سۇلتان مۇھەممەد قارى) (ھ ?ـ 1014 / م ?ـ 1605). مەشھۇر ئالىم. ھىراتتا تۇغۇلۇپ، مەككىدە ۋاپات بولغان. مىشكات شەرىفنىڭ شەرھىسى "شرح الشاطبية" «شەرھى شاتىبىيە»، "الأثمار الجنية" «ئەلئەسمارۇل جەنىيە»، "نزهة الخاطر" «نۇزھەتۇل خاتىر»، "شرح مؤطا محمد" «شەرھى مۇۋەتتا مۇھەممەد»، "سند الأنام" «سەنەدۇل ئەنام»، "فرائد القلائد" «فەرائىدۇل قەلائىد»، "باب فتح العناية في شرح النقاية" «بابۇ فەتھىل ئىنايە فى شەرھى نىقايە» قاتارلىق كىتابلار ئۇنىڭ مۇھىم ئەسەرلىرىدۇر.

علي بن محمد إسماعيل: (ئەلى ئىبنى مۇھەممەد ئىسمائىل) (ھ 459ـ 535 / م 1066ـ 1140). ئىسفاھانلىق ئالىم. شەيخۇلئىسلام نامى بىلەن تونۇلغان. ئۇ نۇرغۇن فەقىھلەرنى يېتىشتۈرگەن. «ھىدايە»نىڭ مۇئەللىپى ئۇنىڭ شاگىرتلىرىدىندۇر. ئۇ "مختصر الطحاوى" «مۇختەسەر تەھاۋىي»، "مبسوط" «مەبسۇت» ناملىق كىتابلارنى يازغان.

علي محمد بن عبد الكريم بن موسى البزدوي: (ئەلى ئىبنى ئابدۇلكەرىم ئىبنى

مۇسا بەزدەۋىي) (تەخمىنەن ھ 400ـ482 / م 1009ـ1089). مەشھۇر پېشىۋا ئالىم. نۇرغۇن قىممەتلىك ئەسەرلەرنى يازغان. 11جىلدلىق "مبسوط" «مەبسۇت» ناملىق كىتاب، شۇنداقلا "جامع الكبير" «جامىئۇل كەبىر» نىڭ شەرھى، "جامع الصغير" «جامىئۇسسەغىر» نىڭ شەرھى مۇشۇ زاتنىڭ ئەسىرىدۇر. ئۇسۇلى فىقھى ھەققىدە يازغان "أصول بزدوي" «ئۇسۇلى بەزدەۋىي» ناملىق ئەسىرى مەشھۇردۇر.

علي بن محمد بن علي: (ئەلى ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئەلى) (ھ ؟ـ740 / م ؟ـ1339). مەشھۇر ئالىم. «سەيىد شەرىف» ۋە «سەيىد جۇرجانى» دېگەن ناملار بىلەن مەشھۇر. ئۇ "تفسير كشاف" «تەفسىر كەششاف» نىڭ يېرىمىغا ھاشىيە يازغان. مەنتىق ھەققىدە "مطالع" «مەتالىئ»، "شمسية" «شەمسىيە»، "إشارات" «ئىشارات» ناملىق كىتابلارغا شەرھى يازغان. ئۇنىڭ "حكمة العين" «ھېكمەتۇل ئەيىن» گە يازغان شەرھىسى "شرح قطبي" «شەرھى قۇتبى» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان. بۇ زات يەنە "فرائض سراجي" «فەرائىز سىراجى»، "ايسا غوجي" «ئىساغوجى» ناملىق كىتابلارغىمۇ شەرھى يازغان. بۇ زاتنىڭ ئەرەب تىلى گراماتىكىسى ھەققىدە يازغان پارسچە "صرف مير" «سەرفى مىير»، "نحو مير" «نەھۋى مىير» ناملىق رىساللىرى بار.

علي يوسف، الشيخ: (ئەلى يۈسۈف شەيخ) (ھ 1280ـ1332 / م 1863ـ1913). ئىسلام ئاخباراتچىلىقىنىڭ پېشۋاسى. قاھىرەدە ۋاپات بولغان. "الآداب" «ئەلئاداب» ژۇرنىلىنى ۋە "المؤيد" «ئەلمۇئەييەد» گېزىتىنى تەسىس قىلغان. مىسىر ۋە شەرق ئىسلام ئەللىرىنىڭ سىياسىي ساھەسىگە ناھايىتى زور تۆھپە قوشقان.

عمار بن ياسر: (ئەممار ئىبنى ياسىر) (ھ ؟ـ37 / م ؟ـ657). ساھابە. تۇنجى تۇركۇمدە مۇسۇلمان بولغان. ئاتىسى ياسىر، ئانىسى سۇمەييە ئىسلام يولىدا شېھىت بولغانلارنىڭ تۇنجىسىدۇر. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە نۇرغۇن جەڭلەرگە قاتناشقان. سىففىيىن ئۇرۇشىدا ھەزرىتى ئەلى تەرەپدارى بولۇپ ئۆلتۈرۈلگەن.

عمان: (ئۇممان، ئەممان). ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى ئۇممان سۇلتانلىقى. پايتەختى مەسقەت.

عمر بن أبي ربيعة: (ئۇمەر ئىبنى ئەبۇ رەبىيئە) (ھ 24ـ93 / م 644ـ711). ئۇمەييىلەر دەۋرىدە ئۆتكەن لىرىك شائىر. ئۇنىڭ بىر دىۋانى بار.

عمر بن إسحاق بن أحمد أبو حفص سراج الدين الهندي الغزنوي: (ئەمرى ئىبنى ئىسھاق ئىبنى ئەھمەد ئەبۇ ھەفسە سىراجىدىن ھىندى غەزنەۋىي) (ھ 704ـ763 / م 1304ـ1361). ھىندىستانلىق. مىسىرنىڭ قازىسى بولغان. فىقھشۇناس، ئالىم. كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى يازغان. «ھىدايە»نىڭ شەرھىسى "توشيح" «تەۋشىھ»، فىقھى ھەققىدە "شامل" «شامىل»، "زبدة الأحكام" «زۇبدەتۇل ئەھكام»، "شرح بديع الأصول" «شەرھ بەدىئۇل ئۇسۇل»، "شرح المغنى" «شەرھۇلمۇغنى»، شۇنداقلا ھەنەفىي مەزھىپىنىڭ باشقا مەزھەپلەردىن ئالاھىدە ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدىغان "المعزة الحنفية" «ئەلمۇئىززەتۇل ھەنەفىي» ناملىق كىتابلارنى يازغان. شۇنداقلا "شرح المنار" «شەرھۇل مەنار»، "شرح عقيدة الطحاوى" «شەرھى ئەقىدە تەھاۋىي»، "شرح المختار" «شەرھۇل مۇختار» ناملىق ئەسەرلىرىمۇ يازغان.

عمر بن الخطاب: (ئۆمەر ئىبنى خەتتاب) (ھ ؟ ـ 23 / م ؟ ـ 644). چاھاريارلارنىڭ ئىككىنچىسى. مۆئمىنلەرنىڭ خەلىپىسى. ئۇنىڭ ئادالىتى ئۈرنەك قىلىنىپ مىسال تەرىقىسىدە تىلغا ئېلىنىدۇ. دىۋان مەھكىمىسى تەسىس قىلغان. نۇرغۇن شەھەرلەرنى بىنا قىلغان. ھىجرىيە كالېندارىنى تۇنجى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭ دەۋرىدە ئىسلام فەتھىچىلىكى تازا راۋاجلانغان.

عمر بن عبد العزيز: (ئۆمەر ئىبنى ئابدۇل ئەزىز) (ھ 61 ـ 101 / م 681 ـ 720). ئۇمەييىلەر خەلىپىسى. كەڭ قورساقلىقى ۋە تەقۋالىقى بىلەن شۆھرەت قازانغان. ھەتتاكى توغرا يولدىكى خەلىپىلەرنىڭ بەشىنچىسى دېگەن نامغا ئېرىشكەن.

عمر المختار: (ئۆمەر مۇختار) (ھ 1274 ـ 1350 / م 1858 ـ 1931). لىۋىيە رەھبىرى، مۇجاھىد. غەربىي تەرابۇلۇستا ئىتالىيە مۇستەملىكىچىلىكىگە قارشى تۇرغان. تۇرمىگە قامىلىپ، كېيىن دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن.

عمران بن حصين، ابن عبيد الخزاعي، أبو عبيد: (ئىمران ئىبنى ھۇسەين، ئىبنى ئۇبەيدۇل خۇزائى، ئىبنى ئۇبەيد) (ھ ؟ ـ 52 / م ؟ ـ 672). مەشھۇر ساھابە. ھىجرەتنىڭ 7 ـ يىلى مۇسۇلمان بولغان. خەلىپە ئۆمەر تەرىپىدىن بەسرەگە دىن ئۆگىتىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن فەقىھ ساھابىلارنىڭ بىرى. كېيىن بەسرەگە قازى بولغان. 130 ھەدىس رىۋايەت قىلغان.

عِمْرَانُ بن حطّان السّدوسي: (ئىمران ئىبنى ھەتتان سۇدۇسىي) (تەخمىنەن ھ ؟ ـ 84 / م ؟ ـ 703). بەسرەلىك. ئىبازىيە مەزھىپىدىكى شائىر ۋە ناتىق.

عمرو بن دينار: (ئەمرى ئىبنى دىينار) (ھ 46 ـ 126 / م 666 ـ 743). كاتتا تابىئىنلاردىن بولۇپ، مەككىگە مۇپتى بولغان. ئەسلى پارىسلاردىن. سەنئادا تۇغۇلۇپ، مەككىدە ۋاپات بولغان. ئۇ 500 ھەدىس رىۋايەت قىلغان.

عمرو بن العاص: (ئەمرى ئىبنى ئاس) (ھ ؟ ـ 43 / م ؟ ـ 664). پاراسەتلىك، مەشھۇر قوماندان. ھۇدەيبىيەدىن كېيىن مۇسۇلمان بولغان. مىسىرنى فەتھى قىلىپ، ئۇنىڭغا ۋالىي بولغان. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى مىسىر ۋالىيلىقىدىن قالدۇرۇۋەتكەن. مۇئاۋىيە قايتىدىن مىسىرغا ۋالىي قىلىپ تەيىنلىگەن.

عمرو بن عبيد (أبو عثمان): (ئەمرى ئىبنى ئۇبەيد، ئەبۇ ئوسمان) (ھ ؟ ـ 144 / م ؟ ـ 761). مەشھۇر زاھىد. مۆئتەزىلىلەر پىرقىسىنىڭ پېشۋاسى. بەلختە تۇغۇلۇپ، بەسرەدە ياشىغان. خەلىپە مەنسۇر ئابباسىي ئۇنى يېقىنلىرى قاتارىدا كۆرگەن. مەنسۇر ۋاپات بولغاندا، ئەمىر ئىبنى ئۇبەيد ئۇنىڭغا ئاتاپ مەرسىيە يازغان. ئۇ ئالىملىقى ۋە زاھىدلىقى بىلەن مەشھۇر بولغان. ئۇنىڭ نۇرغۇن ماقالە، نۇتۇق ۋە كىتابلىرى بار. "التفسير" «تەفسىر»، "الرد على القدرية" (قەدرىيەلەرگە رەددىيە) شۇ كىتابلار جۈملىسىدىندۇر.

عمرو بن كلثوم: (ئەمرى ئىبنى كۇلسۇم) (تەخمىنەن م ؟ ـ 584). جاھىلىيەت دەۋرىدە ئۆتكەن شائىر. مۇئەللەقاتنىڭ ئاپتورلىرىدىن بىرى. ئۇنىڭ بىر شېئىرىي دىۋانى بار.

عمرو بن هند: (ئەمرى ئىبنى ھىندى) (م ؟ ـ 578). ھىيرەنىڭ جاھىلىيەت دەۋرىدىكى

پادىشاھلىرىنىڭ بىرى. ئۇ غەسسانلارغا قارشى پارسلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەن.

العميد، ابن العميد، علي بن محمد، أبو الفتح: (ئەمىد ئىبنى ئەمىد، ئەلى ئىبنى مۇھەممەد ئەبۇ فەتھى) (ھ ?-366 / م ?-977). كاتىپلار ئارىسىدىن چىققان شائىر ۋە ۋەزىر. خەلىپە تائىي ئۇنىڭغا "ذي الكفايتين" «ئەلەم ھەم قەلەمدە يېتىشكەن» دەپ نام بەرگەن.

عنترة بن شداد العبسي: (ئەنتەرە ئىبنى شەدداد ئەبەسىي) (تەخمىنەن م 525-615). جاھىلىيەت دەۋرىدە ئۆتكەن شائىر ۋە چەۋەنداز. مۇئەللەقاتنىڭ ئاپتورلىرىدىن بىرى. قىلىچۋازلىقى ۋە باتۇرلۇقىغا تايىنىپ ئۆز ئەركىنلىكىنى ساقلىغان. تاغىسىنىڭ قىزى ئەبلەگە ئاشىق بولۇپ قېلىپ، شېئىرلىرىدا ئەبلەنى كۈيلىگەن. مەخسۇس شېئىرلار توپلىمى بار. قىسسىچىلەر ئەنتەرە ھەققىدە "سيرة عنترة" (ئەنتەرەنىڭ تەرجىمھالى) دېگەن قىسسىنى يازغان.

عِيسى: (ئىسا). ئىسا ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى مەريەمنىڭ ئوغلى بولۇپ، بەنى ئىسرائىل پەيغەمبەرلىرىنىڭ ئاخىرقىسى ئىدى. ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ لەقىبى مەسىھتۇر. مەسىھ ئىبرانچە سۆز بولۇپ، مۇبارەك دېگەن مەنىدە. ئىسا ئەلەيھىسسالام قۇرئان كەرىمدە 25 ئورۇندا ئىسا نامى بىلەن، 11 ئورۇندا مەسىھ نامى بىلەن ۋە 23 ئورۇندا ئىبنى مەريەم سۆزى بىلەن تىلغا ئېلىنىدۇ. ئىسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە رەسۇلى بولۇپ، ئاللاھ تەرىپىدىن ھەزرىتى مەريەمگە ئىلقا قىلىنغان روھتۇر. ئىسا ئەلەيھىسسالام مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلۇشىدىن 600 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت بۇرۇن دۇنياغا كەلگەن. ئاللاھ ئىسا ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈش، ئەمالارنىڭ كۆزىنى ئېچىش، بەرەس كېسىلىنى ساقايتىشتەك مۆجىزىلەرنى ئاتا قىلغان. ئىسا ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنى تەۋھىد ئەقىدىسىگە دەۋەت قىلغان. ئەمما يەھۇدىيلار بۇنى ئىنكار قىلىپ، ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان. ئۇلار ئىسانىڭ سۈرىتىدىكى بىر كىشىنى ئىسا دەپ ئېسىپ ئۆلتۈرگەن. ئاللاھ ئىسا ئەلەيھىسسالامنى 33 يېشىدا ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كەتكەن. قۇرئان كەرىمنىڭ روھى ۋە سەھىھ ھەدىسلەرنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسلانغاندا ئىسا ئەلەيھىسسالام قىيامەت بولۇشىنىڭ ئالدىدا ئاسماندىن چۈشۈپ، ئىسلامىي دەۋەتنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئىسلام شەرىئىتى بويىچە ھۆكۈم چىقىرىدۇ.

العين: (ئەلئەين). ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى ئەبۇ زەبىي ئەمىرلىكىدىكى بىر شەھەر بولۇپ، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى ئۇنىۋېرسىتېتى مۇشۇ شەھەرگە جايلاشقان.

العين، كتاب العين: (ئەلئەين، كىتابۇلئەين). خەلىل ئىبنى ئەھمەد تۈزگەن تىلشۇناسلىقتا ئالاقىدار قامۇس. ئۇ كىتابتىكى مەزمۇنلارنى ئىستاتىستىكا ئۇسۇلى بويىچە توپلىغان. ئۇ كىتابنى تاۋۇش چىقىرىش ئورگانلىرىنىڭ ئەڭ تۆۋەنكى قىسمىدىن چىقىدىغان تاۋۇشلاردىن باشلاپ تاۋۇشلارنىڭ چىقىش ئورنى بويىچە رەتلىگەن.

عين شمس: (ئەين شەمس). مىسىر شەھىرىدىكى بىر شەھەر. ھازىرقى قاھىرە ئۆلكىسىنىڭ بىر قىسمى. ئەين شەمس ئۇنىۋېرسىتېتى مۇشۇ شەھەرگە جايلاشقان.

عيون الأنباء في طبقات الأطباء: (ئۇيۇنۇل

ئەنبا فــي تەبقاتــل ئەتببـا). تېـۋىپلار تەرجىمىھالى ھەققىدە يېزىلغان كىتاب. ئىبنى ئەبۇ ئۇسەيبە يازغان.

عيون التواريخ: (ئۇيۇنۇتتەۋارىخ). ئىبنى شـاكىر كۇتـۇبىيى تـۈزگەن چـوڭ ھەجىملىـك تارىخ ئېنسىكلوپېدىيىسى. ھىجرىيە 760 (م 1359)-يىلىغىچە يۈز بەرگەن ۋەقەلىكلەر يىل تەرتىپى بويىچە خاتىرىلەنگەن.

العَيّاشي، عبـد الله بــن محمــد: (ئەييـاش ئابـدۇللاھ ئىبنـى مـۇھەممەد) (ھ ؟-1037 / م ؟-1627). ماراكەشـلىك سـەيياھ. ئۇنــىڭ "الرحالــة العياشــية" «ئەررىھالەتۇلئەيياشىيە» (ئەيياشـنىڭ سـاياھەت خاتىرىـسى) نـاملىق كىتابى بار.

غ

غَرْنَاطَــة: (غەرنـاتە). ئەنـدەلۇس (يەنـى ئىسپانىيە)تىكـى بىـر شـەھەر. ئىـسلام-ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭ مەركەزلىرىدىن بىـرى بولغـان. ھىجـــرىيە 633-يىلـــــدىن 898 (م 1235-1492)-يىلغىچە بەنـى ئەھـمەر سۇلالـسىنىڭ پايتەختى بولغان. بۇ جايدا ئەرەبلەرگە ئائىت "قــصر الحمــراء" «قەسرۇل ھەمـرا» (قىزىـل ساراي) يادىكارلىقى بار.

الغزال، يحيى بن الحكم الجيــاني: (غەززال، يەھيا ئىبنـى ھەكەم جىيـانى) (ھ 158-250 / م 774-864). ئەندەلۇسـلۇق شـائىر ۋە سياســيون، ئۇمەييىلەرنـىڭ خەلىپـسى ئابدۇراھمانII نىڭ ياردەمچىلىرىدىن بىرى.

الغَزَّالِي، الغَزَالِي، أبو حامد محمد بن محمــد: (غەززالى، غەزالى ئەبۇ ھامىد مۇھەممەد ئىبنى مــــــۇھەممەد) (ھ ?-505 / م ?-1111). پەيلاسوپ، فەقىھ. "حجة الإسلام" «ھوججەتۇل ئىسلام» نامى بىلەن مەشھۇر بولغـان. تـۇنىس شـەھىرىدە تۇغۇلغـان. باغـداد، دەمەشـق، قـۇددۇس، قـاھىرە، مەككـە-مەدىنىلەرنـى ئايلانغـان. "تهافــت الفلاســفة" «تەھـافۇتۇل فەلاســفە» (پەيلاســوپلارنىڭ ھــالاكىتى)، "مقاصد الفلاســفة" «مەقاسـىدۇل فەلاسـفە» (پەيلاسوپلارنىڭ مەقسەتلىرى)، "إحياء علــوم الــــدين" «ئىھيـائۇ ئۇلۇمــددىن» (دىنىــي ئىلىملەرنى گۈللەندۈرۈش)، "المنقذ من الضلال" «ئەلمـۇنقىزۇ مــنەززەلال» (ئازغۇنلارنــىڭ نىجاتكارى) قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلىرى بار.

غزة: (غەززە). پەلەسـتىنىنىڭ جەنۇبىغـا، ئوتتۇرا دېڭىز بويىغا جايلاشقان بىر شەھەر.

الغزنويون: (غەزنەۋىيـۇن). غەزنەۋىـيلەر سۇلالـسى. ھىجـرىيە 351-يىلـدىن 583 (م 962-1178)-يىلغـــچە ئافغانــــستان ۋە پەنجاپ رايونىغـا ھۆكۈمرانلىـق قىلغـان تـۈرك خانـدانلىقى. پـايتەختى غەزنە، قۇرغۇچىـسى ئالـپ تېكىـن. ئـاخىرقى پادىـشاھى خىـسراۋ شاھ.

الغــزولي، علــي بــن عبــد الله البــهائي: (غەزۇلى، ئەلى ئىبنى ئابدۇللاھ بەھـائى) (ھ ?-824 / م ?-1412). تــۈرك خەلقــدىن چىققــان ئەدىــب، شـائىر. ھاياتىنـىڭ كـۆپ قىسمىنى دەمەشقتە ئۆتكۈزگەن. ئۇنىڭ "مطالع البدور في منازل السرور" «مەتالىئۇل بۇدۇر فـي مەنازىلىسسۇرۇر» ناملىق كىتابى بار.

غَطَفان: (غەتفـان). ھىجازنـىڭ شـىمالىغا ماكانلاشقان ئەڭ چوڭ ئەرەب قەبىلىسى.

غِفَــــارُ: (غىفـار). ھىجـازدىكى ئەرەب قەبىلــسى، مەككىنــى فەتھــى قىلىــشقا قاتناشـقان. مـۇرتەدلەرگە قارشـى ئۇرۇشـتا ئاجايىپ قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن.

الغَلاييــني، الــشيخ مــصطفى محمــد: (غەلايىينــى، شـەيخ مۇسـتاپا مـۇھەممەد) (ھ 1303-1363 / م 1885-1944). لىۋانلىــق يــازغۇچى، شـائىر، نـاتىق. ئۇنىڭ "رجــال

المعلقات العشر" «رىجالۇل مۇئەللەقاتىل ئەشرى» ، "جامع الدروس العربية" «جامىئۇددۇرۇسىلئەرەبىيە» ناملىق كىتابلىرى ۋە بىر شېئىرلار توپلىمى بار.

غياث الدين بن همام الدين الشيرازي، خواندمير: (غىياسۇددىن ئىبنى ھۇمامىددىن شىرازى، خەۋاندىمىر) (ھ ؟ـ942 / م ؟ـ1535). شىرازلىق تارىخشۇناس. ئۇ مەشھۇر "حبيب السير" «ھەبىبۇسسىيەر» ۋە "خلاصة الأخبار" «خۇلاسەتۇل ئەخبار» ناملىق كىتابلارنى يازغان. پادىشاھ بابۇرنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ، ناھايىتى زور ئىناۋەتكە ئېرىشكەن .

غَيْلاَنُ بن مسلم، أبو مروان الدمشقي: (غەيلان ئىبنى مۇسلىم) (تەخمىنەن ھ ؟ـ105 / م ؟ـ723). قەدەرىيە مەزھىپىدىكى كالامشۇناس. ئىمام ئەۋزائىي بىلەن مۇنازىرىلەشكەن. ئۇ باتىل ئەقىدىسىدىن ۋاز كەچمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئىمام ئەۋزائىي ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىشكە پەتىۋا بەرگەن. ئۇنىڭغا بېرىلگەن دارغا ئېسىش جازاسى دەمەشىق قۇۋۇقلىرىنىڭ بىرىدە ئىجرا قىلىنغان.

ف

فَاراب: (فاراب). قەدىمىي شەھەر. ھازىر قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى تەۋەسىدە.

الفاراَبِيُّ، أبو إبراهيم إسحاق بن إبراهيم: (فارابى، ئەبۇ ئىبراھىم ئىسھاق ئىبنى ئىبراھىم) (ھ ?-350 / م ?-961). فارابلىق تىلشۇناس. "ديوان الأدب" «دىۋانۇل ئەدەب» ناملىق لۇغەت كىتابىنى تۈزگەن. بۇ لۇغەت سۆزلەرنىڭ ئاخىرقى ھەرپىنى ئاساس قىلغان ھالدا رەتكە تۇرغۇزۇلغان.

الفاراَبِي، أبو نصر محمد بن محمد: (فارابى، ئەبۇ نەسرى مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد) (ھ 257-339 / م 870-950). فارابلىق داڭلىق پەيلاسوپ. ئالدى بىلەن يۇرتى فارابدا، ئاندىن باغداد ۋە ھىراتتا ئىلىم تەھسىل قىلغان. ھەلبتە پادىشاھ سەيفۇددەۋلە ئوردىسىدا بىر مەزگىل تۇرغان. دەمەشقتە ۋاپات بولغان. ئۇ ئارىستوتېلدىن كېيىنكى «ئىككىنچى ئۇستاز» دەپ ئاتالغان. ئۇ نۇرغۇن ئەسەر يازغان بولۇپ، "الجمع بين رأي الحكيمين" «ئەلجەمئۇ بەينە رەئيىل ھەكىيمەين» (ئىككى ھۆكۈما پىكرىنىڭ يىغىندىسى)، "التوطئة في المنطق" «ئەتتەۋەتتۇئە فىل مەنتىق»، "آراء أهل المدينة الفاضلة" «ئارائۇ ئەھلىل مەدىنەتىل فازىلە» (پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسى) قاتارلىقلار شۇ ئەسەرلەر جۈملىسىدىندۇر.

الفارسيُّ: أبو عليّ الحَسَن بن أحمد: (فارسىي، ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئىبنى ئەھمەد) (ھ ?-377 / م ?-987). تىلشۇناس، گرامماتىكشۇناس. ئىسلام ئەللىرىنى ئايلىنىپ، باغدادتا ماكانلىشىپ، شۇ يەردە ۋاپات بولغان. ئىبنى جۇنەي قاتارلىق نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭدىن تەلىم ئالغان. ئۇ "الإيضاح" «ئەلئىيزاھ»، "التكملة" «ئەتتەكمىلە» ۋە "الحجة في القراءات" «ئەلھوججەت فىل قىرائات» ناملىق كىتابلارنى يازغان.

فاسٌ: (فاس). ماراكەشتىكى بىر شەھەر. "جامعة القرويين" «جامىئەتۇل قەرۋىيىن» (ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتى) مۇشۇ شەھەرگە جايلاشقان. بۇ جاي بىرنەچچە ئەسىر ماراكەشنىڭ پايتەختى بولغان.

الفاسِيُّ: تقي الدين محمد بن أحمد: (فاسىي، تەقىيۇددىن مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد) (ھ 775-832 / م 1373-1428). ماراكەشنىڭ فاس شەھىرىدىن. مۇھەددىس. ئۇنىڭ "شفاء الغرام بأخبار البلد الحرام" «شىفائۇل غەرام بىئەخبارىل بەلەدىل ھەرام» (مەككە تارىخى)، "المقنع في أخبار الملوك والخلفاء" «ئەلمۇقنىئ فى ئەخبارىل مۇلۇكى ۋەلخۇلەفا» (شاھلار ۋە خەلىپىلەر تارىخى ھەققىدە ئومۇمىي بايان) ناملىق كىتابلىرى بار.

الفاسي، علاّل بن عبد الواحد: (فاسىي ئەللال ئىبنى ئابدۇل ۋاھىد) (ھ 1326-1394 / م 1908-1974). ماراكەشلىك مۇتەپەككۇر،

ئەدىب، سىياسىيون. ھىجرىيە 1356 (م 1937)-يىلى ماراكەش مىللىي پارتىيىسىنى، ھىجرىيە 1366 (م 1946)-يىلى مۇستەقىللىق پارتىيىسىنى قۇرغان. دىنىي ئىشلار ۋازارىتىنىڭ مىنىستىرى بولغان. ئۇ فرانسىيە ۋە ئىسپانىيە باسمىچىلىرىغا قارشى تۇرۇشتا ئاجايىپ زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن.

الفاطميون، الدولة الفاطمية: (فاتىمىيون، ئەددەۋلەتۇل فاتىمىيە، فاتىمىيلەرسۇلالىسى). شىمالىي ئافرىقىدا قۇرۇلغان سۇلالە. بۇ سۇلالە ئىمام ئەلى ۋە ئۇنىڭ ئايالى فاتىمە زەھراغا نىسبەت بېرىلگەن. ھىجرىيە 297-567 (م 909-1171)-يىللاردا كېڭىيىپ مىسىر، پەلەستىننى ۋە سۈرىيىنىڭ نۇرغۇن قىسمىنى ئۆزىگە قوشۇۋالغان. داڭلىق ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى مۇشۇ سۇلالە دەۋرىدە قۇرۇلغان. بۇنىڭ بىلەن قاھىرە باغداد بىلەن رىقابەتلىشەلەيدىغان بولغان.

الفَتْح: أبو الفتح الاسكندري: (فەتھى، ئەبۇ فەتھى ئىسكەندىرىي). ھەمەدانلىق بەدىئۇز زاماننىڭ «ماقامات» ناملىق ھېكايەتلەر توپلىمىدىكى ۋەقەلىكلەردىكى باش پېرسوناژ.

فُتُــوحُ الْبُلْــدَانِ: (فۇتۇھۇل بۇلدان). ئەھمەد ئىبنى يەھيا بەلازىرىينىڭ تارىخ ۋە ھۆكۈمدارلىق توغرىسىدا يازغان كىتابى.

فتوح مصر والمغرب: (فۇتۇھۇ مىسرى ۋەلمەغرىب). ئابدۇراھمان ئابدۇلھەكىم مىسرىنىڭ تارىخ توغرىسىدا يازغان كىتابى. ئۇ مىسىر، شىمالىي ئافرىقا ۋە ئەندەلۇستىكى ئىسلام فەتھلىرى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشىغا ئائىت ئىشلار خاتىرىلەنگەن ئەڭ قەدىمىي ۋەسىقە ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ «ئافرىقا ۋە ئەندەلۇستىكى غەلىبىلەر» ناملىق كىتابمۇ بار.

الفِجَار، حَرْبُ الفِجَار: (فىجار، ھەربۇل فىجار). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 20 ياشقا كىرگەندە قۇرەيش ۋە ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى بىلەن قەيس قەبىلىسى ئوتتۇرىسىدا بولغان ئۇرۇش. (بۇ ئۇرۇشتا ھارام قىلىنغان نەرسىلەر ھالال سانالغانلىقى ئۈچۈن، ياكى ئۇرۇش چەكلەنگەن ئايلاردا يۈز بەرگەنلىكى ئۈچۈن «گۇناھكار ئۇرۇشى» دەپ ئاتالغان.

الفجيرة: (ئەلفۇجەيرە). ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىدىكى بىر ئەمىرلىك. ئەمىرلىكنىڭ مەركىزىي شەھىرى ئەلفۇجەيرە.

فخر الدين الرازي، أبو عبد الله محمد بن عمر بن حسين الرازي: (ئىمام پەخرۇددىن رازى، ئابدۇللاھ مۇھەممەد ئىبنى ئەمرى ئىبنى ھۈسەيىن رازى) (ھ 544-606 / م 1149-1209). شافىئىي مەزھىپىدىكى كاتتا ئالىم. تۈرلۈك ژانىرلاردا كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى يازغان. "تفسير كبير" «تەفسىر كەبىر» ناملىق چوڭ ھەجىملىك تەپسىرى، فىقھىغا دائىر "كتاب البيان والبرهان" «كىتابۇل بايان ۋەلبۇرھان»، "محمول" «مەھمۇل»، ئىلمى كالامغا دائىر "ملخص" «مۇلەخخەس»، "شرح الإشارات" «شەرھۇل ئىشارات»، "عيون الحكمة" «ئۇيۇنۇلھىكمەت»، "الوجيز" «ئەلۋەجىز»، "المطالب العالية" «ئەلمەتالىبۇل ئالىيە»، "نهاية العقول" «نىھايەتۇل ئۇقۇل» قاتارلىق ئەسەرلىرى كەڭ دائىرىدە تارقىلىپ، ئۆلىمالارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن. ئىنتايىن ناتىق بولۇپ، ئەرەبچە ۋە پارسچە نۇتۇق سۆزلەپ كىشىلەرنى يىغلىتىۋېتەتتى. بۇ زات ھىراتتا ئىلمى سورۇن تۈزگەندە، سورۇنىغا ھۆكۈمدار ۋە ئاكابىرلار قاتنىشاتتى. سورۇندا

تۇرلــۇك مەزھەپتىكىلەرنــىڭ ســورىغان سوئاللىرىغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرەتتى. ھىراتتــا شەيخۇلئىــسلام دېــگەن نــام بــىلەن مەشھۇر بولغان.

فَدَكْ: (فەدەك). ھىجازدىكى يەھۇدىيلار ئولتۇراقلاشقان بىــر بوســتانلىق. ھىجرىيە 7 ـ يىلى مال-مۈلۈك ۋە زېمىنلىرىنىــڭ يېرىــمىنى تاپــشۇرۇش شــەرتى بــىلەن، پەيغەمــبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن سۈلھى تــۈزگەن. خەلــپە ئــۆمەر رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇ ئــۇلارنى ســۈرگۈن قىلغان.

الفُرَاتُ: (فــۇرات). ئەرەب ساھىلىدىكى بىــر دەريا. ئەرمىنىيەدىن باشلىنىپ، تۈركىيە، سۈرىيە ۋە ئىراقتىن ئۆتۈپ، دىجلە دەرياســىغا قۇيۇلىدۇ.

فِرَاس: أبو الفراس الحارث بن سعيد الحمداني: (فىراس، ئەبۇ فــىراس ھــارىس ئىبنــى سەئىد ھەمەدانــــى) (ھ 320 ـ 358 / م 932 ـ 968). ھەمەدانــىلار شــاھزادىلىرىدىن چىققــان پــارس شائىرى، تاغىسى سەيفۇددەۋلەنىڭ ئوردىــسىدا چــوڭ بولغــان. ئۇنــىڭ بــىلەن نۇرغــۇن جەڭــلەرگە قاتناشــقان. ھەلەبنىــڭ ۋالىيــسى بولغان. شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ قولىدا تــۆت يىــل ئەســىرلىكتە تۇرغــان. ئۇنــىڭ بىــر شــېئىرى دىــۋانى بــار. ئۇنــىڭ ئەڭ داڭلىــق شېئىرى ئەسىرلىك كۈنلىرىدە يازغان "روميات" «رومىيات» ناملىق شېئىرىدۇر.

الفراء، يحيى بن زياد أبو زكريــاء: (فەرراء، يەھيا ئىبنى زىياد ئەبۇ زەكەرىيا) (تەخمىــنەن ھ 144 ـ 208 / م 761 ـ 822). كۇفىلــــــــق، گراماتىكشۇناس. ئــۇ ئېنسىكلوپېدىك ئــالىم ئىدى. ئۇنــىڭ "المقصور والممدود" «ئەلمەقسۇر ۋەلمەمدۇد»، "معــــاني القــــرآن" «مەئانىــل قۇرئــان» (قۇرئــان مەنىلــىرى) ۋە "الحـــدود" «ئەلھۇدۇد» ناملىق ئەسەرلىرى بار.

الفرزدق، همام بــن غالــب: (فەرەزدەق، ھەممام ئىبنى غالىب) (تەخمــىنەن ھ 21 ـ 114 / م 641 ـ 732). تەمىــم قەبىلــىسىنىڭ دارىــم ئايمىقىــدىن. ئــۇمەييىلەر دەۋرىــدە ئــۆتكەن مەشھۇر شائىر. بەسرەدە تۇغۇلغان. جەرىــرگە قارشــى يازغــان شــېئىرلىرى بــىلەن داڭــق چىقارغــان. ئۇنــىڭ بىــر دىــۋانى بــار. دائىــم تەرىنى تۈرۈپ يۈرگەنلىكى ئۈچۈن "الفرزدق" «ئەلفەرەزدەق» (توڭ قاپاق) دەپ ئاتالغان.

الفَرْغاني، أبو العباس أحمد: (فەرغانى ئەبــۇ ئاببــاس ئەھــمەد). ئابباســىيلار دەۋرىـــدە ياشــىغان ئاســترونوم. خەلــپە مەئمــۇن ۋە مۇتەۋەككىــل بــىلەن زامانــداش. "الكامــل في الاســـطرلاب" «ئەلكــاملۇ فىــل ئۇســتۇرلاب» (ئاســترونومىيە ھەققىــدە ئومــۇمىي بايــان) ۋە "جوامع علــم النجــوم والحركــات الــسماوية" «جەۋامىئــۇ ئىلمىننۇجــۇم ۋەلھەرەكــاتى سەماۋىيە» (ئاسترونومىيە بىلىملىرى توپلىمى) نــاملىق كىتــابلارنى يازغــان. مىــسىردىكى نىــل دەرياسىنى ئۆلچەش خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلغان.

فــــسطاط ج فـــساطيط: (فۇســتات، فەســاتىيت). 1. شــېئىرنىڭ بىــر بېيىتــى. 2. نىل دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىغا، بــابىلۇن سېپىلىغا يېقىن بىــر جايغــا جايلاشقان مىــسىر تەۋەلىكىدىكى بىــر شــەھەر. بــۇ شــەھەر ئەمىــر ئىبنــى ئاســنىڭ بــۇيرۇقى بــىلەن ئەرەبــلەر تەرىپىدىــن قۇرۇلغان.

الفــصل في الملــل والأهــواء والنحــل: (ئەلفىسەل فىل مىلەل ۋەلئەھۋائى ۋەننىھەل). ئىبنــى ھەزمــى تــۈزگەن كىتــاب. بــۇ كىتابتــا

دىنلار ۋە مەزھەپلەر تەتقىقاتىغا، شۇنداقلا ئۇلارنى ئۆز ئارا سېلىشتۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەن.

فضالة بن عبيد بن نافذ بن قيس الأنصاري (ابو محمد): (فۇزالە ئىبنى ئۇبەيد ئىبنى نافىز ئىبنى قەيسۇل ئەنسارى، ئەبۇ مۇھەممەد) (ھ ؟ـ 53 / م ؟ـ 679). ساھابە. ئوھۇد ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇرۇشلارغا، شۇنداقلا مىسىر ۋە شام فەتھىسىگە قاتناشقان. خەلىپە مۇئاۋىيە تەرىپىدىن دەمەشققە قازى قىلىنىپ تەيىنلەنگەن. 50 ھەدىس رىۋايەت قىلغان.

الفضل بن الربيع: (فەزلۇ ئىبنى رەبىئ) (ھ 138 ـ 209 / م 755 ـ 824). ئاباسىيلار دەۋرىدە ئۆتكەن ۋەزىر ۋە ئەدىب. بەرامىكىلەر پاجىئەسىدىن كېيىن خەلىپە ھارۇن رەشىد ئۇنى ۋەزىر قىلغان. خەلىپە ئەمىنمۇ ئۇنى ئۆز مەنسىپىدە قالدۇرغان.

الفضل بن سهل: (فەزلى ئىبنى سەھل) (ھ ؟ـ 202 / م ؟ـ 818). مەئمۇننىڭ ۋەزىرى. ئىرانلىق. بەرامىكىلەر بىلەن دوستلىشىپ، فەزلى ئىبنى رەبىئە بىلەن قارشىلاشقان. ئۇ مەئمۇننىڭ پەرمانى بىلەن سۇيىقەستكە ئۇچرىغان.

الفضل بن شاذان بن خليل الأزدي النيسابوري (أبو محمد): (فەزل ئىبنى شازان ئىبنى خەلىلىل ئەزدىننىيسابۇرى، ئەبۇ مۇھەممەد) (ھ ؟ـ 260 / م ؟ـ 874). مەشھۇر كالامشۇناس. ئىمامىييە مەزھىبى فەقىھلىرىدىن ئىدى. "الرد على ابن كرام" «ئەررەددۇ ئەلا ئىبنى كىرام»، "الإيمان" «ئەلئىمان»، "مهنة الإسلام" «مىھنەتۇل ئىسلام» قاتارلىق 180 پارچە ئەسەر يازغان.

الفضيل بن عياض بن مسعود التميمي (أبو علي): (فوزەيل ئىبنى ئەيياز ئىبنى مەسئۇدتتەمىيمى، ئەبۇ ئەلى). ھەرەمنىڭ شەيخى، سالىھ ۋە ئىبادەتگۇي كاتتا ئالىملارنىڭ بىرى بولۇپ، ئىمام شافىئىي ئۇنىڭدىن ھەدىس ئۆگەنگەن. سەمەرقەندتە تۇغۇلۇپ، مەككىدە ياشىغان.

فقهُ اللُّغة: (فىقھۇللۇغەت). سۆزلەرنىڭ ئىستىلاھى مەنىسى بويىچە تۈزۈلگەن لۇغەت. بۇ لۇغەتنى ئەبۇ مەنسۇر سەئالىبىي (ھ ؟ـ 429 /؟ـ 1088م) تۈزگەن.

فِلَسْطِيْن: (فىلەستىن). پەلەستىن. غەربىي ئاسىيادىكى ئەرەب دۆلتى. ئوتتۇرا دېڭىز بويىغا جايلاشقان. پايتەختى قۇددۇس. ھىجرىيە 1368 (1948م)ـ يىلى يەھۇدىيلار بىر قىسمىنى تارتىۋېلىپ ئاتالمىش ئىسرائىلىيە دۆلىتىنى قۇرغان. ھىجرىيە 1387 ـ يىلى (مىلادىيە 1967 ـ يىلى) ھىيفا، يافا، ئەكا، ناسىرە، ناجىلۇس، بەيتۇلەھمى قاتارلىق مەشھۇر شەھەرلىرىنى تارتىۋالغان.

فنون الأدب: (فۇنۇنۇلئەدەب). 1. ھەر تۈرلۈك شېئىر ۋە نەسرىي ئەسەرلەر، مەسىلەن: ئەلنەغمە، تىياتىر، دراما، كىنو ـ فىلىم، داستان. 2. ئىلىم ـ پەن، سەنئەت ساھەسىدە قوللىنىش ۋە ئاساسلىنىش زۆرۈر بولغان ئەدەبىيات پەنلىرى.

الفهرست: (ئەلفىھرىست). ئىبنى نەدىم ۋەرراقىي تۈزگەن ئەسەرلەر كاتالوگى. بۇ ئەسەردە تۆت دەۋردىكى ئەرەب ۋە ئەجەملەر تۈزگەن مەشھۇر كىتابلارنىڭ نامى، ئالىملارنىڭ تەرجىمىھالى ۋە ئىلمىي پائالىيەتلەر خاتىرىلەنگەن.

فوات الوفيات: (فەۋاتىل ۋەفىيات). ئىبنى شاكىر كۇتۇبى ئىبنى خۇللىكاننىڭ

"وفيات الأعيان" «ۋەفىياتۇل ئەئيان» ناملىق كىتابىنىڭ داۋامى سۈپىتىدە يازغان كىتاب بولۇپ، 572 تەرجىمىھالنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

الفُوْطِيّ، ابن الفوطي عبد الرزاق بن أحمد، كمال الدين: (فۇتىي، ئىبنى فۇتىي ئابدۇرازاق ئىبنى ئەھمەد كامالىددىن) (ھ 642_723 / م 1244_1323). باغدادلىق ئەدىب، تارىخچى. ئۇنىڭ "مجمع الآداب في معجم الأسماء والألقاب" «مەجمەئۇل ئاداب فى موئجەمىل ئەسما ۋەلئەلقاب» (ئىسىملار ۋە لەقەبلەر لۇغىتى) ناملىق كىتابى بار.

فَيْرُوز أباد: (فىيروز ئاباد). ئىراندىكى شىرازنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان بىر شەھەر.

الفَيْرُوز أبَادي: أبو طاهر محمد بن يعقوب (فىيرۇز ئابادى، ئەبۇ تاھىر مۇھەممەد ئىبنى ياقۇب) (ھ 730_817 / م 1329_1414). تىلشۇناس، لۇغەتشۇناس. ئەرەب ئەللىرىنى ئايلىنىپ، يەمەندە تۇرۇپ قالغان. زەبىيدە ۋاپات بولغان. "القاموس المحيط" «ئەلقامۇسۇل مۇھىيت» (ئەرەب تىلى قامۇسى)، "البلغة في تاريخ اللغة" «ئەلبۇلغە فى تارىخىل لۇغەت» (لۇغەتچىلىك تارىخى) قاتارلىقلار ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىم ئەسەرلىرىدىندۇر.

ق

القارافي، أحمد بن إدريس بن عبد الـرحمن: (قـارافى، ئەھـمەد ئىبنـى ئـىدرىس ئىبنـى ئابـــدۇراھمان) (ھ ؟ ـ 684 / م ؟ ـ 1285). مـالىكىي مەزھىبىنىـڭ كاتتـا فەقىھلىرىنىـڭ بىرى.

القـاسمي (جمـال الـدين) : (قاسـىمى، جامـالۇددىن) (ھ 1282 ـ 1332 / م 1866 ـ 1914). شام مەملىكىتىنىڭ ئـىمامى. سەلەف ئەقىدىسىدىكى كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ تەپسىر ۋە ئەدەبىيات ھەققىدە نۇرغۇن ئەسەرلىرى بـار. "دلائـل التوحيـد" «دەلائىلۇتتەۋھىـد» (تەۋھىد دەلىللىرى)، "قواعد التحديث من فنون مصطلح الحـديث" «قەۋائىدۇتتەھـدىس مىن فۇنـۇنى مۇسـتەلەھىل ھەدىـس» (ھەدىسكە ئائىت قائىـدىلەر) ۋە 12 توملـۇق "محاسـن التأويل" «مەھاسىنى تەئۋىـل» نـاملىق قۇرئـان تەپسىرى شۇ ئەسەرلەر جۈملىسىدىندۇر.

قاضي عياض، عياض بن موسى اليهسوبي: (قازىي ئەييـاز، ئەييـاز ئىبنـى مۇسەلىيەھسۇبى) (ھ ؟ ـ 544 / م ؟ ـ 1149). ماراكەشتە ئۆتكەن ئاتـاقلىق ھەدىسشۇناس، ئەدىب، ئـالىم، تارىخـــشۇناس. ، مـــالىكىي مەزھەب فەقىھلىرىدىن. سـىبتە ۋە غەرنـاتە دېگەن جايلاردا قازى بولغان. قازى ئەييـاز دېگەن نام بىـلەن مەشـھۇر. ئـۇ پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تـارىخى ھەققـىدە "الـشفا بتعريف حقوق المصطفى" «ئەششىفا بىتەئرىفى ھوقۇقىـل مۇسـتەفا»، ھەدىـس توغرىـسىدا "مشارق الأنوار" «مەشارىقۇل ئەنـۋار» نـاملىق ئەسەرلەرنى يازغان. ماراكەشتە ۋاپات بولغان.

القاموس المحيط: (قامۇسـۇل مۇھىـيت). فىـرۇز ئابـادىي تـۈزگەن مەشـھۇر لـۇغەت، ئۇنىڭغا نۇرغۇن كىشىلەر تەرىپىدىن شەرھ يېزىلغـان. ئەڭ ئاساسلىقلىرىدىن زۇبەيـدى تۈزگەن "تـاج العـروس" «تـاجۇل ئەرۇس»، جەرناموس پەرھات تۈزگەن "بـاب الإعـراب" «بـابۇل ئىئراب» نـاملىق شـەرھلەر بولـۇپ، بۇترۇس بوسـتانى "محيط المحـيط" «مۇھىيتـۇل مۇھىيت» ناملىق لۇغەت كىتابىنى تۈزۈشتە شۇ كىتابتىن پايدىلانغان.

القانون في الطـب: (ئەلقانۇن فىتتىـب). تىبـابەت نەزەرىيىـسى ھەققـىدىكى كىتـاب، ئىبنى سىنا تـۈزگەن. بـۇ كىتـاب 1593 ـ يىلـى رىمدا، 1595 ـ يىلى بۇندۇقىيەدە بېسىلغان.

القانون المسعودي في الهيـئة والنجـوم: (قانۇنۇل مەسئۇدى فىل ھەيئەتى ۋەننۇجۇم). ئاسـترونومىيە، جـۇغراپىيە، گېئـومېترىيە، ماتېماتىكـا ۋە تـارىخ پەنلىـرى ھەققـىدىكى ئېنسىكلوپېدىيە. ئەبۇرەيھان بىرۇنى تـۈزۈپ، سـۇلتان مەسـئۇد ئىبنـى مەھمـۇد ئىبنـى سۇبۇكتېكىنغا تەقدىم قىلغان.

قبط: (قىبت). قەدىمكى گىـرىكچە سـۆز بولۇپ، «مىسىر ئاھالىسى» دېگەن مەنىدە. بۈگـۈنكى كۈنـدە بولـسا مىـسىردىكى خرىستىئانلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

قتادة بن دعامة السدوسي، ابن قتادة بن عزيز السدوسي البصري (أبو الخطاب): (قەتادە ئىبنى دىئامەتىسسەدۇسى، ئىبنى قەتادە ئىبنى ئەزىزىسسەدۇسىل بەسەرى، ئەبۇلخەتتاب) (ھ 61 ـ 118 / م 680 ـ 737). تابىئىنلاردىن بولۇپ، مۇپەسسىر، مۇھەددىس، فەقىھ. ئەرەب تىلى ئەدەبىياتى، تارىخى ۋە نەسەب ئىلىملىرى بويىچە يېتىشكەن ئالىم. ئىمام ئەھمەد: «قەتادە بەسرە ئەھلىنىڭ ئەڭ بىلىملىكىدۇر» دېگەن.

القَرَامِطَة: (قەرامىتە). ئىسمائىلىيە باتىنىيە پىرقىسى، ئاساسچىسى قىرمەز ياكى (قەرمەت) ھەمەدان (ھ ؟ ـ 294 / م ؟ ـ 906). قەرامىتە پىرقىسىدىكىلەر ئىراق، سۇرىيە، بەھرەين ۋە يەمەنگە تارقالغان.

قرطبة: (قۇرتۇبە). جەنۇبىي ئىسپانىيىدىكى قەدىمىي ئەندەلۇس شەھىرى. بۇ شەھەرنى تارىق ئىبنى زىيادنىڭ قوماندانلىقىدا مۇسۇلمانلار فەتھى قىلغان. ئابدۇراھمان بۇ شەھەرنى ئەندەلۇستىكى ئۇمەۋىيلار دۆلىتىنىڭ پايتەختى قىلغان.

القرطبي، شمس الدين: (ئىمام قۇرتۇبى، شەمسۇددىن) (ھ ؟ ـ 671 / م ؟ ـ 1273). ئاتاقلىق مۇپەسسىر، ھەدىسشۇناس، مالىكىي مەزھىبىنىڭ فەقىھى. ئەسلى قۇرتۇبىدىن بولۇپ، مىسىردا يەرلىشىپ، شۇ يەردە ئالەمدىن ئۆتكەن. "التفسير القرطبي" «تەفسىر قۇرتۇبى» دەپ نام ئالغان. "جامع أحكام القرآن" «جامىئۇ ئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرنى يازغان، يەنە "الأسنى في شرح أسماء الله الحسنى" «ئەلئەسنا فى شەرھى ئەسمائىللاھىل ھۇسنا»، "التذكرة" «ئەتتەزكىرە»، "التذكار في أفضل الأذكار" «ئەتتىزكار فى ئەفزەلىل ئەزكار» قاتارلىق كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى يازغان. ئىبادەتگۇي ۋە ئاددىي ـ ساددا ئالىم ئىدى.

القروين: (قەرۋىين). ماراكەشتىكى فاس شەھرىگە جايلاشقان ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئۇنىۋېرسىتېت.

قريش: (قۇرەيش). ئەرەب قەبىلىسى. جاھىلىيەت دەۋرىدە مەككىدە ئولتۇراقلاشقان. تىجارەت ۋە يۇرت سوراش بىلەن داڭق چىقارغان. ئۇلار ھەج ئىشلىرىنى باشقۇراتتى. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامۇ ئەنە شۇ قۇرەيش قەبىلىسىدىندۇر.

قُرَيْظَةُ، بنو قريظة: (قۇرەيزە، بەنۇ قۇرەيزە). مەدىنىدىكى يەھۇدىيلار قەبىلىسى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەرگەن ئەھدىسىنى بۇزۇپ، ئەھزاب ئۇرۇشىدا قۇرەيشلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋالغانلىقى ئۈچۈن مۇسۇلمانلار ئۇلارغا ئۇرۇش ئاچقان.

قَزْوِيْنُ: (قەزۋىين). 1. ئىران بىلەن تۈركمەنىستان ئارىسىدىكى دېڭىز، بۇ دېڭىز «بەھرۇل خەزەر» (خەزەر دېڭىزى) نامى بىلەنمۇ تونۇلغان. 2. شىمالىي ئىراندىكى بىر شەھەر.

القَزْوِيْنِيّ زكريا بن محمد عماد الدين أبو يحي: (قەزۋىينى، زەكەرىيا ئىبنى مۇھەممەد، ئىمادۇددىن ئەبۇ يەھيا) (ھ 600 ـ 682 / م 1203 ـ 1283). فەقىھ، تارىخشۇناس. ئۇنىڭ "عجائب المخلوقات وغرائب الموجودات" «ئەجائىبۇل مەخلۇقات ۋە غەرائىبۇل مەۋجۇدات» (ئاجايىپ مەخلۇقاتلار ۋە غارايىب مەۋجۇداتلار)، "آثار البلاد وأخبار العباد" «ئاسارۇل بىلاد ۋە ئەخبارۇل ئىباد» (مەملىكەت ۋە خەلقلەرنىڭ ئەھۋالى) ناملىق ئەسەرلىرى بار.

القَزْوِيْنِيُّ محمد بن عبدالرحمن جلال الدين: (قەزۋىنىي، مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇراھمان جالالىددىن) (ھ 668-739 / م 1268-1338). ئەدىب، فەقىھ. شافىئىي مەزھىپىدە بولۇپ، باغداد خاتىپى دەپ تەخەللۇس بېرىلگەن. ئۇنىڭ ئىستىلىستىكا ھەققىدە يازغان "تلخيص المفتاح" «تەلخىسۇل مىفتاھ»، "الإيضاح" «ئەلئىيزاھ» ناملىق ئەسەرلىرى بار.

القزويني (عبد الغفار): (قەزۋىنىي، ئابدۇلغاففار) (ھ ?-664 / م ?-1266). فەقىھ، ماتېماتىكىشۇناس. قازىلىق ۋەزىپىسى ئۆتىگەن. ئاسترونومىيە ئىلمى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ شاخچە مەسىلىلەر ھەققىدە "الحاوي الصغير" «ئەلھاۋىس سەغىر» ناملىق كىتابى ۋە ماتېماتىكا ھەققىدە بىر كىتابى بار.

القَسْطلاَّنِي، أحمد بن محمد شهاب الدين أبو العباس: (قەستەللانى، ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد شىھابىددىن ئەبۇلئابباس) (ھ ?-923 / م ?-1517). مىسىرلىق مەشھۇر ھەدىسشۇناس، فەقىھ. ئۇنىڭ "إرشاد الساري لشرح صحيح البخاري" «ئىرشادۇسسارى لىشەرھى سەھىھىلبۇخارى»، "لطائف الإشارات في علم القراءات" «لەتائىفۇل ئىشارات فى ئىلمىل قىرائات» ناملىق ئەسەرلىرى بار.

قُسْنطِينَة: (قۇسەنتىنە). ئالجىرىيىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى بىر شەھىرى، قۇستەنتىين ۋىلايىتىنىڭ مەركىزى.

القُشَيْرِي أبو القاسم عبدالكريم بن هوازن: (قۇشەيرى، ئەبۇلقاسىم ئابدۇلكەرىم ئىبنى ھەۋازىن) (ھ ?-465 / م ?-1072). شافىئىي مەزھىپىدىكى فەقىھ، داڭلىق تەرىقەتچى. ئۇنىڭ "الرسالة القشيرية" «ئەررىسالەتۇل قۇشەيرىيە»، "لطائف الاشارات" «لەتائىفۇل ئىشارات»، "التيسير في التفسير" «ئەتتەيسىر فى تەپسىر» ناملىق ئەسەرلىرى بار.

القُصَيْرُ: (قۇسەير). مىسىردىكى قىزىل دېڭىز بويىغا جايلاشقان پورت شەھىرى.

القَصِيمُ: (قەسىيم). سەئۇدىي ئەرەبىستانىنىڭ نەجدە رايونى.

قُضَاعَة: (قۇزائە). ئەرەب ھىمىيەر قەبىلىسى، بۇ نۇرغۇن قەبىلە ۋە ئايماقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

القُضَاعِيّ، محمد بن سلامة أبو عبدالله: (قۇزائىي، مۇھەممەد ئىبنى سەلامە، ئەبۇ ئابدۇللاھ) (ھ ?-454 / م ?-1032). تارىخشۇناس، شافىئىي مەزھىپىدىكى فەقىھ. مىسىردىكى فاتىمىيە خاندانلىقىنىڭ ئوردا مىرزىلىرىدىن بولۇپ، بىرقانچە پارچە ئەسەرلىرى بار.

قُطْرُب، أبو علي محمد بن المستنير: (قۇتروب، ئەبۇ ئەلى مۇھەممەد ئىبنى مۇستەنىر) (ھ ?-206 / م ?-821). مۇئتەزىلە پىرقىسىدىكى تىلشۇناس مۇپەسسىر. بەسرەدە تۇغۇلۇپ، شۇ يەردە ۋاپات بولغان. ئىمام سىبۇەيھمۇ شۇ كىشىنىڭ شاگىرتى ئىدى. ئۇ تەخمىنەن يىگىرمىچە كىتاب يازغان. جۈملىدىن "المثلث" «ئەلمۇسەللەس»، "الأضداد" «ئەلئەزداد»، "معاني القرآن" «مەئانىل قۇرئان»، "غريب الحديث" «غەرىبۇل ھەدىس» (ھەدىستىكى قىيىن سۆزلەر) ناملىق ئەسەرلەر مۇشۇ كىشىنىڭ ئەسەرلىرىدۇر.

القَطِيفُ: (قەتىيف). سەئۇدىي ئەرەبىستاندىكى ئىھساڭ رايونىغا جايلاشقان شەھەر.

ألقفطي، أبو الحسن جمال الدين علي بن يوسف: (قىفتىي، ئەبۇلھەسەن جامالۇددىن ئەلى ئىبنى يۈسۈف) (ھ 563-646 / م 1168-1248). ئەدىب، تارىخشۇناس كىشى بولۇپ، ۋەزىرلىك خىزمىتىنى ئۆتىگەن. ئۇنىڭ "أخبار المحمدين من الشعراء" (مۇھەممەد ئىسىملىك شائىرلار)، "تاريخ المغرب" (ماراكەش تارىخى)، "تاريخ اليمن" (يەمەن تارىخى)، "الإصلاح لما وقع من الخلل في كتاب الصحاح" (سىھاھ كىتابىغا تۈزىتىش)، "إنباه الرواة على أنباه النحاة" (گىراماتىكىشۇناسلار توغرىسىدا) ناملىق ئەسەرلىرى بار.

قلائد العقيان في محاسن الأعيان: (قەلائىدۇلئىقيان فى مەھاسىنىل ئەئيان). ئىبنى خاقان ئىشبىلى تۈزگەن كىتاب. ئۇنىڭدا ماراكەش شائىرلىرىنىڭ خەۋەرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ شېئىرلىرى خاتىرىلەنگەن. ئاپتور بۇنى ئەمىر ئىبراھىم ئىبنى يۈسۈف ئىبنى تاشفىينغا تەقدىم قىلغان.

القُلْزم: (قۇلزۇم). 1. قىزىل دېڭىزنىڭ قەدىمىي ئەرەبچە ئاتىلىشى. 2. قىزىل دېڭىزدىكى قەدىمىي پىرىستان.

القَلْقَشَنْدِيُّ، شهاب الدين أحمد بن علي: (قەلقەشەندى، شىھابىددىن ئەھمەد ئىبنى ئەلى) (ھ 756-821 / م 1355-1418). مىسىرلىق يازغۇچى، تارىخشۇناس، ئەدىب. ئۇنىڭ ئاساسلىق كىتابلىرىدىن "صبح الأعشى في صناعة الإنشاء" «سۇبھۇل ئەئشا فىي سەنائەتىل ئىنشا»، "نهاية الأرب في معرفة أنساب العرب" «نىھايەتۇل ئەرەب فى مەئرىفەتى ئەنسابىل ئەرەب» قاتارلىقلار بار.

قُمْ: (قۇم). شىئە مەزھىپىدىكىلەرنىڭ دىن ۋە مائارىپ مەركىزىي بولۇپ، ئىراننىڭ غەربىگە جايلاشقان شەھەر. شىئەلەر شۇ يەرگە زىيارەتكە بارىدۇ.

القُنَيْطِرَةُ: (قۇنەيترە). 1. سۇرىيە گولان ئېگىزلىكىگە جايلاشقان بىر شەھەر. 1968-يىلدىكى ئۇرۇشتا يەھۇدىيلار تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغان. 1973-يىلدىكى ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدا ئازاد قىلىنغان. 2. ماراكەشتىكى رىباتقا يېقىن بىر شەھەرنىڭ نامى.

القهستاني (شمس الدين محمد): (قۇھۇستانى، شەمسىددىن مۇھەممەد) (تەخمىنەن ھ ?-953 / م ?-1546). خۇراسانلىق ئالىم. ھەنەفىي مەزھىپىدە. بۇخارانىڭ مۇفتىلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. ئۇنىڭ فىقھى توغرىسىدا يازغان "جامع الرموز في شرح النقاية" «جامىئۇررۇمۇز فى شەرھى نىقايە» ناملىق كىتابى بار.

القوشجي (علاء الدين علي): (قۇشجى، ئالائۇددىن ئەلى) (ھ ?-879 / م ?-1474). ئىرانلىق ماتېماتىكىشۇناس. ئۇلۇغبېكنىڭ خىزمىتىدە بولغان. كېيىن ئاستانىدە سۇلتان مۇھەممەدIIنىڭ خىزمىتىگە يۆتكەلگەن. شاھقا ئاتاپ ماتېماتىكا ھەققىدە "كتاب المحمدية" «كىتابۇل مۇھەممەدىيە»، ئاسترونومىيە ھەققىدە "الفتحية" «ئەلفەتھىيە» ناملىق كىتابنى تۈزگەن. يەنە تۇسىينىڭ "التجريد" «ئەتتەجرىد» ناملىق كىتابىغا "شرح التجريد" «شەرھى تەجرىد» ناملىق شەرھنى يازغان ۋە "الرسالة العضدية" «رىسالەتۇلئۇزدىيە» ناملىق كىتابقا ھاشىيە يازغان. ئۇنىڭ يەنە ئەرەب، پارس تىللىرىدا يېزىلغان نۇرغۇن ئەسەرلىرى بار.

القُوْطِيَّة، إبن القوطية محمد بن عمر أبو بكر: (قۇتىيە، ئىبنى قۇتىيە مۇھەممەد ئىبنى ئۇمەر

ئەبــۇ بەكـــرى) (ھ ?ـ 327 / م ?ـ 977). ئەندەلۇســلۇق تارىخشۇناس، تىلــشۇناس ۋە شائىر. قۇرتۇبىدە تۇغۇلۇپ، شۇ جايدا ۋاپات بولغان. ئۇنىــڭ "الأفعـال الثلاثيــة والرباعيــة" «ئەلئەفئالۇســسۇلاسىيە ۋە رۇبــائىيە» (ئــۈچ ھەرپلىك ۋە تۆت ھەرپلىك پېئىللار)، "شــرح أدب الكاتـــب" «شــەرھى ئەدەبــۇل كاتــب» ناملىق ئەسەرلىرى بار.

القونوي (عصام الدين إسماعيل): (قۇنەۋى، ئەسامۇددىن ئىسمائىل) (ھ ?ـ 1195 / م ?ـ 1780). ھەنەفــي مەزھەپــدىكى فەقىــھ، تەپسىرشۇناس. قۇنىيىدە تۇغۇلۇپ، دەمەشقتە ۋاپات بولغان. ئۇ "تفسير القاضــي البيــضاوي" «تەپــسىرۇل قــازى ئەلبەيــزاۋى»غــا ھاشــيە يازغان.

القَيْـــروَان: (قەيرىـــۋان). تــۇنىس جۇمھۇرىيىتــدىكى بىــر شــەھەر. قەيرىــۋان ۋىلايىتىنىڭ مەركىزى. بۇ جايدا ئۇقبە ئىبنى نافىئ سالدۇرغان ئىنتايىن چوڭ بىر جامە بــار. بــۇ جــامەنى كېيىن ئەغــالىبىلەر يېڭىلاپ سالغان.

قــيس الرقيـــات، عبـــدالله بـــن قـــيس: (قەيــسۇررۇقىييات، ئابــدۇللاھ ئىبنــى قەيــس) (تەخمىــنەن ھ ?ـ 86 / م ?ـ 705). قــۇرەيش قەبىلىــسىدىن چىققــان شــائىر. ئۇنىــڭ بىــر شېئىر توپلىمى بار.

القَيْسِيَّةُ: (قەيسىيە). شــىمالىي ئەرەبــلەر. ئەرەبــلەر جۇغراپىيىلىــك ئــورنى نۇقتىــسىدىن ئىككىگە بۆلۈنگەن بولــۇپ، ئۇلارنىــڭ بىرســى قەيسىيە، يەنە بىرى يەمەنىيە دەپ ئاتىلــدۇ. قەيــسىيە دېگىنىمىــز شــىمالىي ئەرەبلەرنــى، يەمەنــيە دېگىنىمىــز جەنــۇبىي ئەرەبلەرنــى كۆرسىتىدۇ.

قَيْصَر ج قَيَاصِرَة: (قەيسەر). رۇم ۋە رۇس پادىشاھلىرىنىڭ ئورتاق نامى.

قَيْنُقَاع، بنــو قينقـــاع: (قەينۇقائ، بەنــۇ قەينۇقائ). مەدىنىدىكى يەھۇدىي قەبىلىــسى. پەيغەمــبەر ئەلەيھىــسسالام ئۇلارنى ۋادىلقۇراغا پالىۋەتكەن.

ك

كَـابُول: (كابول). ئافغانىستاننىڭ پايتەختى، كابول دەرياسى بويىغا جايلاشقان. ئەرەب يازغۇچىلىرى بۇرۇن ئۇنى كابىل دەپ يازاتتى.

كاثُولِيك، كاثُولِيك: (كاتولىك، كاسولىك). 1. خرىستىئان دىنىنىڭ كاتولىك مەزھىپىدىكىلەرنىڭ ئورتاق نامى. 2. كاتولىك دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئادەم.

الكاشاني (كمال الدين عبد الرزاق): (كاشانى، كامالۇددىن ئابدۇرازاق) (ھ ؟ـ730 / م ؟ـ1329). مەشھۇر تەرىقەتچى. ئۇنىڭ ھەرەۋىيگە يازغان "شرح منازل السائرين" «شەرھى مەنازىلىسسائىرىين» ناملىق شەرھى كىتابى ۋە "لطائف الإعلام" «لەتائىفۇل ئىئلام»، "اصطلاحات الصوفية" «ئىستىلاھات سوپىيە»، "شرح فصوص الحكم" «شەرھى فۇسۇسىل ھېكەم» ناملىق ئەسەرلىرى بار.

كاشفي، حسين علي الواعظ ألكاشفي: (ھۇسەين ئەلى ۋائىز كاشىفى) (ھ ؟ـ910 / م ؟ـ1505). ئىرانلىق ئەدىب. شاھ ھۇسەين بايقارا دەۋرىدە ھىراتتا ياشىغان. ھەرقايسى جەھەتتىن ئەتراپلىق يېتىشكەن پازىل زات بولۇپ، نەقشىبەندىيە شەيخلىرىنىڭ ياخشى پەزىلەتلىرىنى بايان قىلىپ "رشحات" «رەشھات» ناملىق كىتابنى يازغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە "جواهر التفسير" «جەۋاھىرۇتتەفسىر» ناملىق قۇرئان تەپسىرى، "روضة الشهداء" «رەۋزەتۇششۇھەدا» (شېھىتلەر باغچىسى)، "أنوار السهيلي" «ئەنۋارۇسسۇھەيلى»، "مخزن الإنشاء" «مۇخزىنۇل ئىنشا»، "أخلاق المحسنين" «ئەخلاقۇل مۇھسىنىن (ياخشىلار ئەخلاقى) قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان.

الكاظم، موسى بن جعفر الصادق: (كازىم، مۇسا ئىبنى جەئفەر سادىق) (ھ 128ـ173 / م 745ـ799). مەشھۇر ئۆلىما. شىئە ئىمامىيە مەزھىپىدىكىلەرنىڭ يەتتىنچى ئىمامى. ئۇ ھارۇن رەشىدنىڭ تۈرمىسىدە زەھەرلىنىپ ئۆلگەن. ئۇنىڭ قەبرىسى مەشھەدتە.

الكَاظِمِيّة: (كازىمىيە). ئىراقتىكى باغدادقا يېقىن بىر شەھەر. ئىمام مۇسا كازىم ۋە ئىمام مۇھەممەد جەۋادنىڭ قەبرىسى شۇ يەردە.

كَافُور، الإخشيدي، أبو المسك: (كافۇرۇلئىخشىد ئەبۇلمىسك) (ھ 293ـ358 / م 905ـ968). مىسىر سۇلتانى. ئۇ ئىخشىدىيىلارنىڭ خىزمىتىگە ياللانما قۇل بولۇپ كىرگەن. كېيىن ئۇلاردىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ، مىسىر ۋە سۈرىيىگە پادىشاھ بولغان.

الكَافِيَة: (كافىيە). ئىبنى ھاجىب يازغان گراماتىكا ھەققىدىكى كىتاب.

كَامِلُ التَّوَارِيْخ (أو الكامل في التاريخ):

(كامىلۇتتەۋارىخ، كامىلۇتتارىخ)، ئىبنى ئەسىر يازغان چوڭ ھەجىملىك تارىخ كىتاب. ئاپتور بۇ كىتابنى يېزىشتا تەبەرىنىڭ «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە پادىشاھلارنىڭ تارىخى» ناملىق كىتابىدىن پايدىلانغان.

كَامِل الصِّنَاعةِ الطِّبيّة: (كامىلۇسسانائەت تىببىيە). ئەلى ئىبنى ئابباس مەجۇسى تۈزگەن 20 ماقالىلىك چوڭ ھەجىملىك تىببىي ئېنسىكلوپېدىيە. بۇ كىتاب ئىبنى سىنانىڭ "القانون" «ئەلقانۇن» ناملىق ئەسىرى مەيدانغا كەلگۈچە دەرسلىك قىلىنغان.

الكامِل في اللّغة: (كامىل فىللۇغەت). ئىمام مۇبەررەد تۈزگەن تىل-ئەدەبىيات ھەققىدىكى كىتاب. بۇ ئەسەر ئەدەبىيات ساھەسىدىكى ناھايىتى مۇھىم ئەسەر ھېسابلىنىدۇ.

كبرى (نجم الدين): (كۇبرا. نەجمۇددىن) (ھ ?-624 / م ?-1226). پارسلىق مەشھۇر تەسەۋۋۇپچى. كۇبرەۋىيە تەرىقىتىنىڭ ئاساسچىسى. خارەزىمنى قوغداش ئۈچۈن موڭغۇللارغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇشتا ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ "الأصول العشرة" «ئەلئۇسۇلۇل ئەشەرە» (ئون ئۇسۇل) قاتارلىق نۇرغۇن ئەسەرلىرى بار. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى 13-ئەسىردىكى پەلسەپە تەتقىقاتىنىڭ مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ.

كتاب الإكليل: (كىتابۇل ئىكلىل). ھەمىيەرلىكلەر ۋە ئۇلارنىڭ شاھلىرىنىڭ نەسەبلىرى، ئاسترونومىيە ھۆكۈملىرى ۋە يەمەنگە مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىتاب. ئاپتورى ئىبنى ھائىك ھەمەدانى.

كتاب الأمثال: (كىتابۇلئەمسال). ئەبۇ مەنسۇر سەئالىبى تۈزگەن كىتاب. ئۇ "الفرائد والقلائد" «ئەلفەرائىد ۋەلقەلائىد» ۋە "العقد النفيس ونزهة الجليس" «ئەلئەقدۇننەفىس ۋە نۇزھەتۇلجەلىيس» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

كتاب البلدان: (كىتابۇل بۇلدان). خەلىپىلىك پايتەختلىرى تەسۋىرلەنگەن كىتاب. يەئقۇبى تۈزگەن.

كَرامَتْ علي: (كارامەت ئەلى) (ھ ?-1290 / م ?-1873). ھىندىستانلىق دىنىي ئىسلاھاتچى، ئالىم. ئۇنىڭ "رد البدع" «رەددۇلبىدەئ» (بىدئەتلەرگە رەددىيە)، "هداية الرافضين" «ھىدايەتۇررافىزىن» (رافىزلارنى توغرا يولغا يېتەكلەش) ناملىق ئەسەرلىرى بار.

كُرْد علي، محمد: (كورد ئەلى، مۇھەممەد) (ھ 1293-1373 / م1876-1953). سۈرىيىلىك ئەدىب، تارىخشۇناس. ئۇنىڭ "خطط الشام" «خۇتەتۇششام» (شام مۇھىتى)، "فلاسفة الإسلام" «فەلاسىفەتۇل ئىسلام» (ئىسلام پەلسەپىسى) ناملىق ئەسەرلىرى بار. ئۇ دەمەشقتىكى ئەرەب ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ تۇنجى رەئىسى بولغان.

الكِرْمِلُ، جبل (كىرمىل، جەبەلى كىرمىل). پەلەستىننىڭ غەربىي شىمالىدىكى تاغ بولۇپ، ھەيفا شەھىرىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

الكِسَائِي، أبو الحسن علي بن حمزة: (كىسسائىي، ئەبۇلھەسەن ئەلى ئىبنى ھەمزە) (ھ ?-190 / م ?-805). كۇفىلىق گىراماتىكا ئالىمى ۋە قىرائەتشۇناس. داڭلىق يەتتە قىرائەتشۇناسنىڭ بىرى. ئۇنىڭ "معاني القرآن" «مەئانىل قۇرئان» (قۇرئان مەنىلىرى)، "ما

يلحن فيه العوام" «ما يۇلھىنۇ فىيھىل ئەۋام» ناملىق ئەسەرلىرى بار.

الكِسْوَةُ الشريفة: (كىسۋەتۇششەرىفە). مەككە مۇكەررەمىدىكى كەئبىگە يېپىلىدىغان يوپۇق. ئۇ ھەر يىلى بىر قېتىم ئالماشتۇرۇلىدۇ.

كشفُ الظُّنون عن أسامي الكتب والفنون: (كەشفۇززۇنۇن ئەن ئۇسامىل كۇتۇب ۋەلفۇنۇن). ئەرەبچە، پارسچە ۋە تۈركچە ئەسەرلەر كاتولوگى، ئۇنىڭدا ئون بەش مىڭ كىتابنىڭ نامى خاتىرىلەنگەن. ئاپتورى ھاجى خەلىپە.

الكَشْكول: (كەشكۇل). باھائۇددىن ئامىلى تۈزگەن كىتاب. ئۇ نۇرغۇنلىغان نادىر ئەسەر، خەۋەر ۋە پارس تىلى تەتقىقاتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

كَعْبُ الأَحْبَارِ، أبو إسحاق كعب بن ماتع: (كەئبۇل ئەھبار، ئەبۇ ئىسھاق كەئبى ئىبنى ماتەئ) (ھ ؟-32 / م ؟-652). تابىئىن. ئۇ ئەسلىدە يەھۇدىي ھىبرىسى (موللىسى) بولۇپ، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋرىدە مۇسۇلمان بولغان. مۇئاۋىيىنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە مۇئاۋىيىگە مەسلىھەتچى بولغان. بىر قىسىم ئىسلام دىنى كىتابلىرىغا سىڭىپ كىرگەن ئىسرائىلىيات ئەپسانىلىرى ئۇنىڭغا نىسبەت بېرىلىدۇ.

كعب بن الأشرف: (كەئب ئىبنى ئەشرەف) (ھ ؟-4 / م ؟-625). جاھىلىيەت دەۋرىدە ئۆتكەن شائىر. تائىي قەبىلىسىدىن. مۇسۇلمان ئاياللارنى كۈيگە قېتىپ، ناشايان سۆزلەر بىلەن مۇھەببەت شېئىرلىرىنى يازغانلىقى ئۈچۈن ئەنسارىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

كَعْبُ بن زُهَير المزني: (كەئب ئىبنى زۇھەيرىل مۇزەنى) (ھ ؟-25 / م ؟-645). جاھىلىيەت ۋە ئىسلام دەۋرىدە ياشىغان شائىر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھەجۋىي قىلغاچقا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئۆلۈمگە بۇيرۇغان. كېيىن ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ ئامانلىق تەلەپ قىلغان ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مەدھىيىلەپ "بانت سعاد" «بانەت سۇئاد» (جۇدالىق) ناملىق قەسىدىنى ئوقۇغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى كەچۈرۈم قىلىپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ تونىنى كېيگۈزۈپ قويغان. ئۇنىڭ بىر شېئىرلار دىۋانى بار.

كَعْبُ بن مَالِك، ابن أبي كعب الأنصاري الخزرجي: (كەئب ئىبنى مالىك، ئىبنى ئەبۇ كەئبىل ئەنسارى) (ھ ؟-50 / م ؟-670). ساھابە. شائىر، مۇھەددىس. قۇرئاننى توپلاشقا قاتناشقان. نۇرغۇن ھەدىس رىۋايەت قىلغان. تەبۇك ئۇرۇشىدا جەڭدىن ئايرىلىپ قالغان ئۈچ كىشىنىڭ بىرى.

كلاب بن ربيعة: (كىلاب ئىبنى رەبىئە). ئەرەبلەرنىڭ چوڭ قەبىلىسى. ئۇلار مەدىنە مۇنەۋۋەرە ۋە ئەرەب يېرىم ئارىلى ئەتراپىدا ئولتۇراقلاشقان.

الكليني (محمد): (كەلىينى، مۇھەممەد) (ھ ؟-329 / م ؟-941). باغدادلىق. شىئە مەزھىپىدىكى مۇھەددىس. ئۇنىڭ "الكافي" «ئەلكافىي» ناملىق كىتابى شىئەلەرنىڭ ھەدىس ساھەسىدىكى مەشھۇر كىتابى ھېسابلىنىدۇ.

الكَلْبي محمد بن السائب: (كەلبى، مۇھەممەد ئىبنى سائىب) (ھ ؟-146 / م ؟-763). كۇفىلىق، ھەدىس رىۋايەتچىسى،

تەپسىرشۇناس، تارىخشۇناس ۋە تىلشۇناس.

الكَلْبِيُّ، هشام بن محمد: (كەلبىي، ھىشام ئىبنى مۇھەممەد) (ھ ?-204 / م ?-819). نەسەبشۇناس ئالىم، كۇفىدە تۇغۇلۇپ، شۇ يەردە ۋاپات بولغان. ئۇ ئىنتايىن كۆپ ئەسەر يازغان. "كتاب الأصنام" «كىتابۇل ئەسنام» (بۇتلار)، "جمهرة الأنساب" «جەمھەرەتۇل ئەنساب» (نەسەبنامە) ناملىق كىتابلار شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

كلثوم، أم كلثوم: (كۇلسۇم، ئۇممۇ كۇلسۇم) (ھ 1316-1395 / م 1898-1975). ئەرەب ناخشا چولپىنى، ئىسمى فاتىمە ئىبراھىم. ئۇنىڭغا «شەرق يۇلتۇزى» دەپ نام بېرىلگەن.

كَلِيْلَةُ وَدِمْنَةُ: (كەلىلە ۋە دىمنە). ھايۋاناتلار تىلى بىلەن بايان قىلىنغان تەربىيۋى ھېكايەتلەر كىتابى. ئۇنىڭ ئاپتورى قەدىمىي ھىندىستان دانىشمىنى پەيلاسوپ بەيدابا. ئۇنى ئابدۇللاھ ئىبنى مۇقەففە پەھلىۋىي تىلى (قەدىمكى پارس تىلى)دىن ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلغان.

الْكُمَيْتُ بن زيد الأسَدِي: (كۇمەيت ئىبنى زەيدىل ئەسەدىي) (ھ 61-128 / م 680-744). شائىر ۋە چەۋەنداز. ئۇمەۋى دۆلىتىنىڭ ناتىقى. بەنى ھاشىم قەبىلىسىنى كۆپ مەدھىيىلەپ "الهاشميات" «ئەلھاشىمىيات» ناملىق بىر ئەسەر يازغان.

الْكِنْدِيُّ، أبو يوسف يعقوب بن إسحاق: (ئەبۇ يۇسۇف يەئقۇب ئىبنى ئىسھاق) (ھ 180-260 / م 796-879). تۇنجى ئەرەب پەيلاسوپى. تېبابەتچىلىك، مۇزىكا، گېئومېترىيە، ئاسترونومىيە، جۇغراپىيە پەنلىرىگىمۇ زور تۆھپىلەرنى قوشقان. ئۇنىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرى بار.

الْكَنْعَانِيُّوْنَ: (كەنئانىيۇن). كەنئانلار. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 3000-يىللاردا پەلەستىندە ئولتۇراقلاشقان سام خەلقى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى لىۋاندا. ئۇلار خېلى گۈللەنگەن مەدەنىيەت شەكىللەندۈرگەن. ئۇلار دۇنيادا تۇنجى بولۇپ يېزىق قوللانغانلار دېيىلىدۇ.

الكَـوَاكِبِي، عبد الرحمن بن أحمد: (كەۋاكىبى، ئابدۇراھمان ئىبنى ئەھمەد) (ھ 1266-1320 / م1849-1902). سۈرىيىلىك ژۇرنالىست، مۇتەپەككۇر، ئەدىب. ئۇ ئىسلاھات ۋە گۈللىنىش تەرغىباتچىسى. مىسىرغا ھىجرەت قىلىپ جامالىدىن ئافغانى ۋە مۇھەممەد ئابدۇ بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتقان. ئۆزىنىڭ ئازادلىق ھەرىكىتىنى مىسىردىن باشلىغان. ئۇنىڭ "طبائع الاستبداد" «تەبائىئۇل ئىستىبداد» (مۇستەبىتلىكنىڭ خاراكتېرى)، "أم القرى" «ئۇممۇلقۇرا» ناملىق ئەسەرلىرى بار.

الكوفة: (كۇفە). ئىراقنىڭ فۇرات دەرياسى بويىغا جايلاشقان بىر شەھىرى. بۇ شەھەر ھىجرىيە 15-يىلى (مىلادىيە 638-يىلى) بىنا قىلىنغان. ئۇ جايىنى ھەزرىتى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب ئۆزىنىڭ خەلىپىلىك مەركىزى قىلغان.

ل

اللاَّذِقِيَّة: (لازىقىيە). سۈرىيىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى شەھەر، ئوتتۇرا دېڭىز بويىغا جايلاشقان.

لاَمِيّةُ العَجَم: (لامىيەتۇل ئەجەم). تۇغرائىي يازغان مەشھۇر قەسىدە.

لَبْدَة: (لەبدە). لىۋىيىنىڭ شەرقىدىكى تارىخىي شەھەر.

لُبْنَانُ: (لۇبنان). لىۋان، ئوتتۇرا دېڭىز بويىغا جايلاشقان ئەرەب جۇمھۇرىيىتى، پايتەختى بېيروت.

لبنى بنت الحباب الكعبية: (لۇبنا بىنتى ھۇبابىل كەئبىيە) (ھ ؟ـ68 / م ؟ـ687). شائىر قەيس ئىبنى زەررىخنىڭ رەپىقىسى. ئەدەبىيات كىتابلىرىدا بۇ ئىككىسىنىڭ نۇرغۇن ھېكايىلىرى بار.

لَبِيْدُ بن ربيعة العامري: (لەبىيد، ئىبنى رەبىئەتۇل ئامىرى) (م 560ـ662). جاھىلىيەت ۋە ئىسلامىيەت دەۋرىدە ياشىغان شائىر. سەبئى مۇئەللەق ئاپتورلىرىدىن. ئۇ كۇفىگە كۆچۈپ كېتىپ، شۇ يەردە ۋاپات بولغان.

اللُّزُوْمِيَّاتُ، لزوم ما لا يلزم: (لۇزۇمىيات، لۇزۇم مالا يۇلزەم). ئەبۇ ئەلا مەئەررىينىڭ شېئىرلار توپلىمى. بۇ توپلام ئۇنىڭ پەلسەپىۋى شېئىرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئۇ ئۆزىنىڭ نەزملىرىدە ئىچ قاپىيىنى ئاساس قىلغان.

لِسَانُ الْعَرَبِ: (لىسانۇلئەرەب). ئىبنى مەنزۇر تۈزگەن ئەرەبچە ئەڭ چوڭ لۇغەت. ئۇ بۇ لۇغەتنى سۆزلەرنىڭ ئاخىرقى ھەرپى، ئاندىن بىرىنچى ھەرپى، ئاندىن ئوتتۇرا ھەرپى بويىچە رەتلەپ چىققان.

لُقمان: (لوقمان). لوقمان ھەكىم بائۇرانىڭ ئوغلى بولۇپ، ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەمشىرىسىنىڭ ئوغلى ئازەرنىڭ ئەۋلادىدىن ئىدى. ئاللاھ ئۇنىڭغا ئىلىم-ھېكمەت ئاتا قىلغان. ئۇ توغرا پىكىرلىك زات بولۇپ، دىنىي ئەقىدە ۋە دىنىي ئەھكاملاردا توغرا پەتىۋا بېرەتتى. ئۇنىڭدىن نۇرغۇن ھېكمەتلىك ۋە ئىبرەتلىك سۆزلەر رىۋايەت قىلىنغان. قۇرئاندا لوقمان ھەكىمنىڭ ئۆز ئوغلىغا قىلغان نەمۇنىلىك پەند-نەسىھەتلىرى بايان قىلىنغان. لوقمان ھەكىم پەيغەمبەر بولغان ئەمەس. ئۇنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان.

اللكنوي (محمد عبد الحليم): (لەكنىۋى، مۇھەممەد ئابدۇلھەلىم) (ھ 1240ـ1285 / م 1824ـ1868). مەشھۇر ھەكىم، تونۇلغان ئالىم. ھىندىستاندىكى لەكناۋ دېگەن يۇرتتا دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ مەنتىق ھەققىدە "الأقوال الأربعة" «ئەلئەقۋالۇل ئەربەئە» (تۆت كالام) ناملىق كىتابى ۋە تېبابەت ھەققىدە بىر ھاشىيە كىتابى بار.

اللكنوي (محمد بن عبد الحي): (لەكنەۋى، مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلھەي) (ھ 1264 ـ 1304 / م 1848 ـ 1887). ھەنەفىي مەزھىپىدىكى فەقىھ، داڭلىق ئالىم. تارىخشۇناس، ھەدىسشۇناس. ھەرقايسى پەنلەردە نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان. ئۇنىڭ "الفوائد البهية في تراجم الحنفية" «ئەلفەۋائىدۇل بەھىيە فى تەراجىمىل ھەنەفىي» (ھەنەفىي مەزھىپىدىكى ئالىملارنىڭ تەرجىمھالى) ۋە ھەدىس ئىلمى ساھەسىدىكى "الرفع التكميل في الجرح والتعديل" «ئەررەفئۇتتەكمىل فىل جەرھى ۋەتتەئدىل» ناملىق كىتابى شۇ ئەسەرلەرنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

لَهَب، أبو لهب، عبد العزى بن عبد المطلب: (لەھەب، ئەبۇ لەھەب، ئابدۇلئۇززا ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىب). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تولىمۇ ئۆچمەنلىك قىلاتتى.

لوت: (لۇت). لۇت ئەلەيھىسسالام ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر تۇغقىنى ھارۇننىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن بارلىق سەپەرلەردە بىللە بولاتتى. ئاللاھ لۇت ئەلەيھىسسالامنى ئىئوردانىيىگە تەۋە سەدۇم ئاھالىسىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن. سەدۇم ئاھالىسى تولىمۇ ئەخلاقسىز خەلق بولۇپ، يامان ئىشلارنى ئاشكارا قىلاتتى. ئۇيالماستىن بەچچىۋازلىق قىلاتتى. لۇت ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا پەند ـ نەسىھەت قىلىپ، ئۇلارنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرغان. لېكىن، ئۇلار ئاسىيلىق قىلىپ يامان ئىشلاردىن يانمىغان. ئاخىر ئاللاھ سەدۇم قوۋمى ئۈستىگە ساپال ـ تاشلارنى ياغدۇرۇپ ھالاك قىلغان.

لِيْبِيَا: (لىبىيا). لىۋيە ئەرەب خەلق سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتى. شىمالىي ئافرىقىدىكى ئەرەب دۆلىتى. ئۇنىڭ پايتەختى تىرپولى. ھىجرىيە 1389 (م 1969) ـ يىلى پادىشاھلىق تۈزۈمى بىكار قىلىنغان.

الليث، ليث بن مالك: (لەيس، لەيس ئىبنى مالىك) (ھ 94 ـ 175 / م 713 ـ 791). ئۆز دەۋرىدىكى مىسىرنىڭ كاتتا فەقىھى ۋە ھەدىسشۇناس ئەللامىسى. تېگى خۇراساندىن ئىدى. ئىمام شافىئىي: «لەيس ئىبنى مالىكتىنمۇ ئۈستۈن تۇرىدىغان فەقىھ يوق، لېكىن شاگىرتلىرى ئۇنىڭ فىقھى قاراشلىرىنى تارقىتالمىغان» دېگەن. بۇ زات قاھىرەدە ۋاپات بولغان.

لَيْلَى الأَخْيَلِيَّةُ: (لەيلەل ئەخيلىيە) (ھ ؟ ـ 85 / م ؟ ـ 704). ئابدۇللاھ ئىبنى شەددادنىڭ قىزى، بەنى ئامىر ئىبنى سەئسەئە قەبىلىسىدىن. ئۇ ناھايىتى پاساھەتلىك شېئىرلارنى يازاتتى.

لَيْلَى الْعَامِرِيَّةُ: (لەيلەل ئامىرىيە) (ھ ؟ ـ 69 / م ؟ ـ 688). لەيلى. قەيس ئىبنى مۇلەۋۋەھ (مەجنۇن) نىڭ مەشۇقى، قەيس ئىبنى مۇلەۋۋەھ لەيلىگە ئاتاپ ئىنتايىن گۈزەل مۇھەببەت شېئىرلىرىنى يازغان.

م

مَأجُوْجَ: (مەئجۇج). ئۇنىڭ ئىسمى يەئجۇجنىڭ ئىسمى بىلەن بىللە تىلغا ئېلىنىدۇ. ئۇ ئىككىسى يافەس ئىبنى نۇھنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان ئىككى قەبىلە. زۇلقەرنەيىن ئۇلارنى سېپىل بىلەن توسۇۋەتكەن. «جەزمەن يەئجۇج ۋە مەئجۇج زېمىندا بۇزۇقچىلىق قىلغۇچىلاردۇر» . ‹قۇرئان كەرىم›

المأمون العباسي، عبد الله بن هارون الرشيد: (مەئمۇنىل ئابباسىي ئابدۇللاھ ئىبنى هارۇن رەشىد) (ھ 170 ـ 218 / م 787 ـ 833). مەئمۇن ئاببासىي خەلىپىلىكىنىڭ يەتتىنچى خەلىپىسى. ھىجرىيە 198 ـ يىلى ئەمىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن خەلىپە بولغان. ئۇنىڭ زامانىدا تەرجىمىچىلىك راسا گۈللەنگەن. ئىلمىي ھەرىكەت قانات يايدۇرۇلغان. ئۇ باغدادتا "بيت الحكمة" «بەيتۇل ھېكمەت» كۇتۇبخانىسىنى تەسىس قىلغان.

الماتريدي (أبو منصور محمد): (ماترىيدى، ئەبۇ مەنسۇر مۇھەممەد) (ھ ؟ ـ 333 / م ؟ ـ 944). ھەنەفىي مەزھىپىدىكى فەقىھ، ئالىم. ئىلمى كالام ۋە ئىلمى ئۇسۇل پېشۋاسى. سەمەرقەندتە ياشىغان. مۇئتەزىلە پىرقىسى ۋە باشقا قەرامىتە، كەرامىيە پىرقىلىرىگە قارشى تۇرغان. ئۇنىڭ تەپسىر ھەققىدە "تأويلات أهل السنة" «تەئۋىيلات ئەھلى سۇننەت» ، ئىلمى كالام ھەققىدە "كتاب التوحيد" «كىتابۇتتەۋھىد» ، "أوهام المعتزلة" «ئەۋھامۇل مۇئتەزىلە» (مۇئتەزىلىلەرنىڭ سەپسەتىلىرى)، "الرد على القرامطة" «ئەررەددۇ ئەلەلقەرامىتە» (قەرامىتىلەرگە رەددىيە) ۋە ئۇسۇلى فىقھى ھەققىدە "الجدل" «ئەلجەدەل» قاتارلىق كىتابلىرى بار. ئىلمى كالام ساھەسىدىكى ماترىيدىيە ئېقىمى شۇ زاتقا نىسبەت بېرىلىدۇ.

مارية القبطية: (مارىيە قىبتىيە) (ھ ؟ ـ 16 / م ؟ ـ 637). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىبراھىم ئىسىملىك بىر ئوغۇل تۇغۇپ بەرگەن، ئىبراھىم كىچىكلا قازا قىلغان.

المازِنيُّ، إبراهيم عبد القادر: (مازىنىي، ئىبراھىم ئىبنى ئابدۇلقادىر) (ھ 1307 ـ 1369 / م 1889 ـ 1949). مىسىرلىق يازغۇچى، ئوبزورچى، شائىر، ژۇرنالىست. ئۇنىڭ "حصائد الهشيم" «ھەسائىدۇل ھەشيەم» ، "صندوق الدنيا" «سەندۇقۇددۇنيا» ، "إبراهيم الكاتب" «ئىبراھىم كاتىب» ، "الديوان" «ئەددىيۋان» (باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرىمۇ كىرگۈزۈلگەن توپلام) ناملىق ئەسەرلىرى، يەنە بىر شېئىرلار توپلىمى بار.

المازِنيُّ: أبو عثمان بكر بن محمد (مازنى، ئەبۇ ئوسمان بەكرى ئىبنى مۇھەممەد) (ھ ؟ ـ 284 / م ؟ ـ 823). بەسرەلىك. تىلشۇناس، گراماتىكا ئالىمى. ئۇنىڭ "ما يلحن فيها العامة" «مايۇلھىنۇ فىيھەل ئاممە» (خەلق تىلىدىكى

خاتـالىقلار)، "التـصريف" «ئەتتەسـرىيف» (مورفولوگىيە) ناملىق ئەسەرلىرى بار.

مالك بن أنس: (مالىك ئىبنى ئەنەس) (ھ 93ـ179 / م 712ـ795). مەشـھۇر تـۆت ئىمامنىڭ بىرى. سۈننىي مەزھەپىدىكى تۆت ئىمامنىڭ بىرى بولغان مالىكىي مەزھەپىنىڭ ئاساسچىسى. مەدىنىدە تۇغۇلۇپ، شۇ يەردە ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ "الموطأ" «ئەلمۇۋەتتا»، "الرد على القدرية" «ئەررەددۇ ئەلەلقەدەرىيە» (قەدرىيەلەرگە رەددىيە) ناملىق ئەسەرلىرى بار. مالىكىي مەزھەپى ماراكەش دۆلىتىدە ئاساسلىق مەزھەپ ھېسابلىنىدۇ.

مالِكُ بنُ نُوَيْرَة: (مالىك ئىبنى نۇۋەيرە) (ھ ?ـ12 / م ?ـ634). جاھىلىيەت ۋە ئىسلام دەۋرلىرىدە ياشىغان شائىر، چەۋەنداز. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە ئىماندىن يېنىۋالغانلىقى ئۈچۈن خالىد ئىبنى ۋەلىد تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ قېرىندىشى مۇتەممىم ئۇنىڭغا ئاتاپ نۇرغۇن قەسىدىلەرنى يازغان.

مالي: (مالىي). غەربىي ئافرىقىدىكى مالىي جۇمھۇرىيىتى، پايتەختى باماكو. بۇ جاي بۇرۇن "السودان الفرنسي" «ئەسسۇدانۇل فەرەنسىي» (فرانسىيە سۇدانى) دەپ ئاتالغان. ھىجرىيە 1380 (م 1960)ـيىلى مۇستەقىل بولغان.

مانَوِيَّة: (مانەۋىيە). خرىستىئان دىنى بىلەن قەدىمىي زەردۇشت دىنى پرىنسىپلىرىنى قوشۇپ ئەمەل قىلىدىغان بىر مەزھەپ. ئۇلار نۇر ۋە زۇلمەتتىن ئىبارەت ئىككى پرىنسىپقا ئاساسلىنىدۇ. بۇ مەزھەپ مىلادىيە 3ـئەسىردىكى پارسلىق مانىي دېگەن كىشىگە نىسبەت بېرىلىدۇ.

ما وراء النهر، بلاد ما وراء النهر: (ماۋەرائۇننەھر). ماۋارائۇننەھر ئەللىرى. ئەرەبلەر "جيحون" «جەيھۇن» دەرياسى دەپ ئاتايدىغان ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان رايون. فەرغانە، كاشان، سەمەرقەند، بۇخارا ۋە فارابلار ئۇ رايوننىڭ ئەڭ مەشھۇر شەھەرلىرىدۇر.

الماوردي، أبو الحسن علي بن محمد: (ماۋەردى، ئەبۇلھەسەن ئەلىي ئىبنى مۇھەممەد) (ھ 364ـ450 / م 974ـ1058). شافىئىي مەزھەپىدىكى فەقىھ، قازى. بەسرەدە تۇغۇلۇپ، باغدادتا ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ "الأحكام السلطانية" «ئەلئەھكامۇسسۇلتانىيە» (سۇلتانىغا دائىر ئەھكاملار)، "أدب الدنيا والدين" «ئەدەبۇددۇنيا ۋەددىن» (دۇنيا ۋە دىن ئەدەپلىرى) ناملىق ئەسەرلىرى بار.

الْمُبَرِّدُ، أبو العباس محمد بن يزيد: (مۇبەررىد، ئەبۇلئابباس مۇھەممەد ئىبنى يەزىد) (ھ 211ـ285 / م 826ـ898). بەسرەلىك تىلشۇناس، گراماتىكىشۇناس. كۇفە مەدرىسىسىنىڭ پېشىۋاسى. سەئلەب بىلەن تىل ھەققىدە مۇنازىرە ئېلىپ بارغان. ئۇنىڭ "الكامل"، «ئەلكامىل»، "المقتضب" «ئەلمۇقتەزەب» ناملىق ئەسەرلىرى بار.

متى بن يونس المنطقي (أبو بشر): (مەتتا ئىبنى يۇنۇسىل مەنتىقى، ئەبۇ بىشر) (ھ ?ـ328 / م ?ـ940). پەيلاسوپ، نېستورى دىنىدىكى تېۋىپ. باغدادتا ياشىغان. فارابى ۋە يەھيا ئىبنى ئەدىينىڭ ئۇستازى. ئۇ ئۆز دەۋرىدىكى لوگىكىشۇناسلارنىڭ پېشىۋاسى ئىدى. يۇنان تىلىدىكى "فونىتىكا" «فونتىكا»نى ۋە ئارىستوتېلنىڭ شېئىرلىرىنى تۈنجى بولۇپ تەرجىمە قىلغان. ئىسھاق ئىبنى ھۇنەيىننىڭ "البرهان" «ئەلبۇرھان» ناملىق

كىتابىنى سۇرىيانچىدىن تەرجىمە قىلغان ۋە فورفىيروسنىڭ "ئىسا غوجى" «ئىساغوجى» ناملىق كىتابىغا شەرھى يازغان.

المُتَلَمِّس: (مۇتەلەممىس) (تەخمىنەن م ?-569). بەھرەيىنلىك. جاھىلىيەت دەۋرىدە ئۆتكەن شائىر. ئۇنىڭ ئەسمەئىيدىن ھېكايە قىلغان بىر توپلىمى بار.

المتنبي، أبو الطيب أحمد بن الحسين: (مۇتەنەببىي، ئەبۇ تەييىب ئەھمەد ئىبنى ھۇسەيىن) (ھ 303-354 / م 915-965). بۈيۈك ئەرەب شائىرى. ئۇ مەدھىيە خاراكتېرلىك ۋە ھېكمەتلىك شېئىرلىرى بىلەن داڭق چىقارغان. سەيفۇددەۋلە ھەققىدە يازغان مەشھۇر مەدھىيە قەسىدىلىرى بار. باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

المُثَنَّى بن حارثة الشيباني: (مۇسەننا ئىبنى ھارىسەتىششەيبانى) (ھ ?-14 / م ?-635). مەشھۇر ئىسلام قوماندانى. ئۇ ئەبۇ بەكرىنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە ئىراقتىكى ئەرەب قوشۇنىنىڭ قوماندانى بولغان. ئىران فەتھىسگە قاتناشقان.

مَثْنَوِيٌّ ج مثنويات: (مەسنەۋىي). 1. بىرىنچى مىسراسى بىلەن ئىككىنچى مىسراسى ئوخشاش قاپىيىلىك كېلىدىغان شېئىر. 2. جالالىددىن رۇمىينىڭ مەسنەۋىيلىرى. (مەسنەۋىيدە تەسەۋۋۇپ ئىدىيىلىرى يورۇتۇپ بېرىلگەن).

مجاهد بن جبر، أبو الحجاج المكي: (مۇجاھىد ئىبنى جەبىر، ئەبۇلھەججاجىل مەككىي) (ھ 21-104 / م 642-722). تابىئىنلاردىن بولۇپ، قارىلارنىڭ ۋە مۇپەسسىرلەرنىڭ پېشۋاسى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئاباسنىڭ شاگىرتى. ئۇنىڭ قۇرئاننى ئىبنى ئابباسنىڭ ئالدىدا 30 قېتىم ئوقۇپ ئۆتكۈزگەنلىكى، ھەر بىر ئايەتتە توختاپ ئىبنى ئابباستىن: «نېمە ھەققىدە نازىل بولغان؟» دەپ سورىغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان. كۆپ يۇرتلارنى كېزىپ ئاخىرى كۇفەدە ئولتۇراقلاشقان. ساھابىلەردىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان. ئۇ يەھۇدىي ۋە ناسارالاردىن كۆپ سوراپ مەلۇمات ئالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ يېزىپ قالدۇرغان كىتابىغا مۇپەسسىرلەر دىققەت نەزىرى بىلەن قارىغان.

المَجِسْطِي: (مەجىستىي). يۇنان ئالىمى بتلىيمۇس مىلادىيە 140-يىللاردا تۈزۈپ چىققان ئاسترونومىيە، ئالگېبرا كىتابى. ئەرەب تىلىغا، ئاندىن ئەرەب تىلىدىن لاتىن تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان.

المجمع العلمي العراقي: (مەجمەئۇل ئىلمىل ئىراقىي). ئەدەبىيات ئىلمىي جەمئىيىتى. ھىجرىيە 1367 (م 1947)-يىلى باغدادتا تەسىس قىلىنغان. ئۇ ئەرەب تىلى ۋە ئەرەب ئىسلام تارىخىغا خىزمەت قىلىشنى ئۆزىگە نىشان قىلغان.

المجمع العلمي المصري: (مەجمەئۇل ئىلمىل مىسرى). 1859-يىلى ئىسكەندەرىيە شەھرىدە تەسىس قىلىنغان مىسىر ئەدەبىيات ئىلمىي جەمئىيىتى.

مجمع اللغة العربية الأردني: (مەجمەئۇللۇغەتۇل ئەرەبىييەتۇل ئوردۇنىيە). ھىجرىيە 1396-يىلى (مىلادىيە 1976-يىلى) ئوممانىدا تەسىس قىلىنغان جەمئىيەت. ئەرەب تىلى ۋە ئەرەب ئەدەبىياتىنى گۈللەندۈرۈشنى مەقسەت قىلغان.

مجمع اللغة العربية بدمشق: (مەجمەئۇل لۇغەتىل ئەرەبىيە بىدەمەشق). دەمەشقتىكى

سابىق ئەرەب ئىلمىي جەمئىيىتى. ھىجرىيە 1338 ـ يىلى (مىلادىيە 1919 ـ يىلى) ئەرەب تىلى ۋە ئەرەب ئەدەبىياتىنى گۈللەندۈرۈشنى مەقسەت قىلغان. بۇ جەمئىيەت پەسىللىك ژۇرنال تەسىس قىلغان.

مجمع اللغة العربية بالقاهرة: (مەجمەئۇل لۇغەتۇل ئەرەبىيە بىلقاھىرە). ھىجرىيە 1351 (م 1932) ـ يىلى قاھىرەدە تەسىس قىلىنغان تىل جەمئىيىتى. بۇ جەمئىيەت ئەرەب تىلى ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، خىلمۇخىل ئىلىم ـ پەن ئاتالغۇلىرى ۋە مەدەنىيەتكە دائىر سۆزلەرنى قوشۇش ئارقىلىق ئەرەب تىلىنى بېيىتىشنى مەقسەت قىلغان. بۇ جەمئىيەت مەخسۇس ئەرەب تىلى ھەققىدە ژۇرنال چىقارغان. يەنە شۇنىڭدەك "المعجم الوسيط" «مۇئجەمۇل ۋەسىيت»، "المعجم الوجيز" «ئەلمۇئجەمۇل ۋەجىيز»، "معجم ألفاظ القرآن الكريم" «مۇئجەمۇ ئەلپازىل قۇرئانىل كەرىم» قاتارلىق لۇغەتلەرنى نەشر قىلدۇرغان.

مجنون ليلى: قيس بن الملوح العامري: (مەجنۇن لەيلى، قەيس ئىبنى مۇلەۋۋەھىل ئامىرى) (ھ ؟ ـ 69 / م ؟ ـ 688). نەجدلىك شائىر. ئۇ لەيلىئامىرىغا كۆيۈپ قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئاشىقلىقى بىلەن مەشھۇر بولغان. ئۇنىڭغا ئاتاپ ئەڭ بەدىئىي مۇھەببەت لىرىكىلىرىنى يازغان. لەيلى تەرەپ لەيلىنى ئۇنىڭغا بېرىشكە ئۇنىمىغاندىن كېيىن، ئۇ مەجنۇن بولۇپ تا ئۆلگۈچە بېشى قايغان، پۈتى تايغان جايلاردا ياشىغان. ئۇنىڭ بىر شېئىرلار توپلىمى بار.

محفوظ (نجيب): (مەھفۇز، نەجىب) (ھ ؟ ـ 1330 / م ؟ ـ 1912). مىسىرلىق دراماتورگ. يېڭى زامان مەشھۇر پروزا يازغۇچىسى. ئۇنىڭ "قصر الشوق" (مۇھەببەت قەسرى)، "خان الخليلي" «خانەلخەلىيلى»، "حكايات حارتنا" «ھېكاياتۇ ھارەتىنا»، "القاهرة الجديدة" «ئەلقاھىرەتۇل جەدىيدىيە» (يېڭى قاھىرە) قاتارلىق نۇرغۇن ھېكايە ۋە رومانلىرى بار. ئۇ خەلقئارالىق نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

المُحْكَمْ: (مۇھكەم). ئىبنى سەييد تۈزگەن لۇغەت. بۇ لۇغەت ئىمام خەلىل "العين" «ئەلئەيىن» ناملىق لۇغىتىدە ئىجاد قىلغان ئۇسلۇب بويىچە، مەخرەج (تاۋۇش چىقىرىش ئورۇنلىرى) نىڭ تەرتىپىگە ئاساسەن رەتلەپ چىقىلغان.

المَحَلِّيُّ، جلال الدين محمد بن أحمد: (مەھەللىي، جالالىددىن مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد) (ھ ؟ ـ 864 / م ؟ ـ 1459). مىسىرلىق بولۇپ، شافىئىي مەزھىپىدىكى فىقھشۇناس، تەپسىرشۇناس. "تفسير الجلالين" «تەفسىر جەلالەيىن» ناملىق «قۇرئان كەرىم تەپسىرى»نى يېزىپ، يېرىمىغا كەلگەندە ۋاپات بولۇپ كېتىپ، تەپسىر چالا قالغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى جالالىددىن سۇيۇتى يېزىپ تاماملىغان. شۇڭلاشقا بۇ تەپسىر ئىككى ئىسىمداش ئاپتورنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

محمد بن إبراهيم بن منذر النيسابوري (أبو بكر): (مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم ئىبنى مۇنزىرىننىيسابۇرى، ئەبۇ بەكرى) (ھ 242 ـ 319 / م 856 ـ 931). فەقىھ، ھەدىسشۇناس، مەككىنىڭ شەيخى ئىدى. ئۇنىڭ "المبسوط" «ئەلمەبسۇت»، "الأوسط في السنن والإجماع والإختلاف" «ئەلئەۋسەتۇ فىسسۇنەنى ۋەلئىجمائى ۋەلئىختىلاف»، "الإشراف على مذاهب أهل العلم" «ئەلئىشراف ئەلا مەزاھىبى ئەھلىل ئىلىم»، "اختلاف العلماء تفسير القرآن"

«ئىختىلافۇل ئۇلىما فى تەفسىرىل قۇرئان» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

محمد بن أحمد بن أبي سهل أبو بكر شمس الأئمة السرخسي: (مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد ئىبنى ئەبۇ سەھل ئەبۇ بەكرى شەمسۇلئەئىممە سەرەخسى) (ھ ؟ ـ 438 / م ؟ ـ 1047). ئۇسۇلشۇناس، كالامشۇناس ۋە فىقھشۇناس ئالىم. كامالەتكە يەتكەن فەقىھ. ئۇنىڭ 15جىلدلىق "مبسوط" «مەبسۇت» ناملىق كىتابى ھەنەفىي فىقھىسى بويىچە مەشھۇردۇر. ئۇ بۇ كىتابىنى زىنداندا يازغان (بۇ زات زىنداندا تۇرۇپ ئېيتىپ بېرەتتى، شاگىرتلىرى سىرتىدا تۇرۇپ خاتىرىلەيتتى). بۇنىڭدىن باشقا ئۇسۇلى فىقھى توغرىسىدىكى كىتابىنى ۋە "طحاوي"«تەھاۋى»نىڭ شەرھىسىنى يازغان. باشقىلار ئۇنىڭغا: «ئىمام شافىئىي ئۈچ يۈز رىسالە يادلاپتىكەن» دېگەندە، ئۇ ئۆزىنىڭ يادلىغانلىرىنىڭ 12 مىڭغا يەتكەنلىكىنى ئېيتقان.

محمد بن أحمد عمر ظهير الدين البخاري: (مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد ئىبنى زەھىرۇددىن بۇخارى) (ھ ؟ ـ 619 / م ؟ ـ 1222). مەشھۇر دىنى ئالىم. "الفوائد" «ئەلفەۋائىد» ۋە پەتىۋا ھەققىدىكى "الفتاوى الظهرية" «ئەلفەتەۋا زەھرىيە» نامىلىق ئەسەرلەرنى يازغان.

محمد بن إسحاق، ابن يسار المطلبي: (مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق، ئىبنى يەسارىل مۇتتەلەبى) (ھ ؟ ـ 151 / م ؟ ـ 768). ئەرەبلەرنىڭ ئەڭ پېشقەدەم تارىخچىسى. ئۇنىڭ "السيرة النبوية" «ئەسسىيرەتۇننەبەۋىيە» دېگەن كىتابىنى ئىبنى ھىشام رەتلىگەن. ئۇ يەنە "كتاب الخلفاء" «كىتابۇل خۇلەفا»، "كتاب المبدأ" «كىتابۇل مەبدەئ» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان، ھەدىسشۇناس ئالىم. ئۇ قەدەرىيىيەلەردىن بولۇپ، ھىجرىيە 119 ـ يىلى ئىسكەندەرىيە شەھىرىنى زىيارەت قىلغان.

محمد بن الحسن بن أبو عبد الله شيباني: (مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن ئىبنى ئەبۇ ئابدۇللاھ شەيبانى) (ھ 131 ـ 189 / م 748 ـ 804). ئىمام ئەزەمنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن شاگىرتلىرىدىن بولۇپ، فىقھنى ئىمام ئەزەمدىن تەلىم ئالغان. ئىلمى ھەدىسنى مالىك، ئەۋزائى، سەۋرىلەردىن ئۆگەنگەن. ئالىملار ئىمام ئەزەمنىڭ ئىلمى پەقەت ئىمام مۇھەممەدنىڭ يازغان ئەسەرلىرى ئارقىلىق تارقالغان دەيدۇ. ئىمام شافىئىي: «مەن ئىمام مۇھەممەدتىن ناھايىتى كۆپ ئىلىم ئۆگەندىم» دېگەن. ئەبۇ ئۇبەيدە: «قۇرئان ھەققىدە ئىمام مۇھەممەدتىنمۇ بىلىملىك ئادەمنى كۆرمىدىم» دېگەن. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە ئۇنىڭ 990 پارچە ئەسەر يازغانلىقى مەلۇم. ئىمام ئەھمەدكە: «بۇ ئىنچىكە مەسىلىلەرنى قەيەردىن ئۆگەندىڭ؟» دېيىلگەندە، ئۇ: «ئىمام مۇھەممەدنىڭ كىتابلىرىدىن ئۆگەندىم» دېگەن. "جامع الكبير" «جامىئۇل كەبىر»، "جامع الصغير" «جامىئۇسسەغىر»، "الزيادات" «ئەززىيادات»، "ظاهر الرواية" «زاھىرۇرىۋايەت»، "المبسوط" «ئەلمەبسۇت» قاتارلىقلار ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىندۇر.

محمد بن ظغج الإخشيد: (مۇھەممەد ئىبنى زەغجىل ئىخشىد) (ھ 269 ـ 335 / م 882 ـ 946). تۈرك مىللىتىدىن. مىسىر ۋە شامدا ئىخشىدى دۆلىتىنى قۇرغان.

محمد بن عبد الرحمن بن أبي ليلى اليسار: (مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇراھمان ئىبنى ئەبۇ لەيلا). تابىئىنلار ئىچىدىكى چوڭ مۇجتەھىد. ئابدۇلمەلىك، مۇجاھىد، ئىبنى ئۆمەرلەر بۇ زاتنىڭ شاگىرتلىرىدىن ئىدى.

محمد بن عبد الله بن الحسن بن الحسين بن علي بن أبي طالب: (مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ھەسەن ئىبنىل ھۈسەين ئىبنى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب) (ھ 93 ـ 145 / م 712 ـ 662). زەيدىيە ئىماملىرىدىن. ئۇ مەھدى، پاك نەسەبلىك دەپ تونۇلغان. ئۇمەۋى سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئۇنىڭغا ھاشىمىيلار، ئابباسىيلار بەيئەت قىلغان. ئابباسىيلار ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن ئۇنىڭغا قارشى ئۇرۇش ئېچىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

محمد بن عبد الوهاب: (مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋەھھاب) (ھ ?ـ 1328 / م ?ـ 1910). مىسىرلىق ناخشىچى، مۇزىكانت. ئۇ ئەنئەنىۋى ئۇسۇل بىلەن يېڭىچە ئۇسۇلنى بىرلەشتۈرۈپ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب ياراتقان.

محمد بن علي بن الحسن، ابن بشر أبو عبد الله: (مۇھەممەد ئىبنى ئەلى ئىبنىل ھەسەن، ئىبنى بىشر ئەبۇ ئابدۇللاھ) (ھ ?ـ 285 / م ?ـ 898). ئەھلى تەسەۋۋۇپ ئالىم بولۇپ، "ختم الولاية وعلل الشرعية" «خەتمۇل ۋىلايە ۋە ئىلەلۇششەرئىيە» دېگەن كىتابنى يازغانلىقى ئۈچۈن ئاخىرقى ھاياتىدا تىرمىز ئاھالىسى ئۇنى يۇرتىدىن قوغلاپ چىقارغان. كېيىن ئۇ بەلخ شەھىرىگە كېلىپ ياشىغان. "نوادر الأصول في أحاديث الرسول" «نەۋادىرۇلئۇسۇل فى ئەھادىيسىررەسۇل»، "الفروق" «ئەلفۇرۇق»، "الرياضة وأدب النفس" «ئەررىيازەت ۋە ئەدەبۇننەفس» قاتارلىق 50 تىن ئارتۇق ئەسەرنى يېزىپ قالدۇرغان.

محمد بن كعب القرظي: (مۇھەممەد ئىبنى كەئبىل قۇرەزى) (ھ 40 ـ 120 / م 661 ـ 737). بەنۇ قۇرەيزە جەمەتىدىن. كۇفىدە ئاندىن كېيىن مەدىنىدە ئولتۇراقلاشقان. مۇھەددىس، مۇپەسسىر، پېشۋا. ئەبۇ ھۇرەيرە، ئىبنى ئابباس قاتارلىق ساھابىلەردىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان.

محمد بن محمد شهاب بن يوسف الكردي الخوارزمي: (مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد شىھاب ئىبنى يۇسۇف ئەلكوردىل خەۋارەزمى) (ھ ?ـ 827 / م ?ـ 1424). بۇ زات بەززازىي دېگەن لەقەب بىلەن مەشھۇر بولغان. داڭلىق "الفتاوى البزازية" «ئەلفەتەۋا بەززازىيە» ناملىق كىتابنىڭ مۇئەللىپىدۇر. ئىلىم تۈرلىرىنىڭ ھەممە ساھەسىدە يېتىلگەن زات بولۇپ، ئۆز زامانىسىنىڭ يېگانىسى ئىدى. ئۇ ساراي خانلىقى دەۋرىدە ياشىغان بولۇپ، قىرىم شەھىرىدە بىر مەزگىل تۇرۇپ، فەقىھلەرگە دەرس بەرگەن. بۇ زاتنىڭ «بەززازىيە پەتىۋالىرى» ناملىق مەشھۇر ئەسىرى ھەنەفىي مەزھىپىدىكى ئۆلىمالارنىڭ پەتىۋا ئىشلىرىدا مۇراجىئەت قىلىدىغان ئاساسى مەنبەلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالغان.

محمد بن محمد علاء الدين العطار البخارى: (مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد ئەلائىددىنىل ئەتتارىل بۇخارى، خوجا ئەلائىددىن مۇھەممەد ئەتتار) (ھ ?ـ 791 / م ?ـ 1389). بۇخارالىق. خوجا باھائۇددىن نەقشبەندىنىڭ چوڭ مۇرىتى. تەرىقەتنى خوجا مۇھەممەد بابا سەمماسىنىڭ خەلىپىسى ئەمىر كۇلالدىن تەلىم ئالغان.

محمد بن محمد بن محمد أبو الفضل برهان النسفي: (مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد ئەبۇلفەزلى بۇرھان نەسەفىي) (ھ 600 ـ 676 / م 1204 ـ 1278). تەپسىرشۇناس، ھەدىسشۇناس، ئۇسۇلشۇناس، كالامشۇناس ئالىم. "عقائد النسفية" «ئەقائىدۇننەسەفىيە» ناملىق كىتابى بىلەن مەشھۇر بولغان. ئۇ زات

ۋاپات بولغاندا ئىمام ئەزەمنىڭ قەبرىسى يېنىغا دەپنە قىلىنغان.

محمد بن محمد محمود أكمل الدين بابرتي: (مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد مەھمۇد ئەكمەلۇددىن بابىرتىي) (ھ ?-786 / م ?-1384). ھەدىسشۇناس، فىقھشۇناس، تىلشۇناس، ئىلمى سەرف ۋە ئىلمى بالاغەتتە يېتىشكەن زات. بۇ زات "عناية" «ئىنايە» (ھىدايىنىڭ شەرھىسى)نى، "تفسير كشاف" «تەپسىر كەششاف»، "فرائض" «فەرائىز»، "شرح التلخيص" «شەرھۇتتەلخىس»، "الأنوار" «ئەلئەنۋار»، "تجريد" «تەجرىد» ۋە "ألفية" «ئەلفىيە» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان.

محمد بن محمد بن محمود حافظ البخاري: (خوجا مۇھەممەد پارس، مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى مەھمۇد ھافىز بۇخارى). بۇخارالىق. ئىلمى فۇرۇئ، ئىلمى ئۇسۇل، ئىلمى مەئقۇل، ئىلمى مەنقۇل قاتارلىق ئىلىملەردە مول بىلىمگە ئىگە بولۇپ، "الفصول الستة" «ئەلفۇسۇلى سىتتە»، "فصل الخطاب" «فەسلۇل خىتاب» قاتارلىق كىتابلارنى يازغان. كىتابىدا نەقشبەندىيە سۇلۇكىنىڭ ئىنچىكە سىرلىرى يورۇتۇپ بېرىلگەن. ئابدۇراھمان جامى "نفحات الأنس" «نەفھاتۇل ئۇنس» ناملىق كىتابىدا بۇ زاتنىڭ تەپسىلىي تەرجىمىھالىنى بەرگەن. ھىجرىيە 722-يىلى ھەج قىلىش ئۈچۈن مەككە مۇكەررەمەگە بارغان. ئۇ يەردىن مەدىنىگە بېرىپ زىيارەتتىن قايتىشىدا ۋاپات بولغان. بۇ كۈن زۇلھەججىنىڭ 23-كۈنى، يەنى پەيشەنبە كۈنى ئىدى. جۇمە كېچىسى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قەبرىسى يېنىغا دەپنە قىلىنغان.

محمد بن يوسف بن علي بن حيان الأندلسي: (مۇھەممەد ئىبنى يۇسۇف ئىبنى ئەلى ئىبنى ھەييان ئەندەلۇسى) (ھ 654-745 / م 1256-1345). مەشھۇر گرامماتىكشۇناس. ئۇ "البحر المحيط" «ئەلبەھرۇل مۇھىت» ناملىق قۇرئان تەپسىرىنى ۋە "شرح التسهيل" «شەرھى تەسھىل» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان.

محمد علي باشا: (مۇھەممەد ئەلى باشا) (ھ 1183-1266 / م 1760-1849). مىسىر-دىكى پادىشاھلىق دۆلەتنىڭ قۇرغۇچىسى. ئۇ ئەنگلىيە ۋە ئوسمانىيلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، دۆلەت دائىرىسىنى كېڭەيتكەن. لېكىن ياۋروپالىقلارنىڭ ئارىلىشىشى نەتىجىسىدە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى پەقەت مىسىرنىڭ ھاكىمىيىتىنىلا ساقلاپ قالالىغان.

محمود بن أبي بكر أبو العلاء كلاباذي البخاري: (مەھمۇد ئىبنى ئەبۇ بەكرى ئەبۇلئەلا كالا بازى) (ھ 649-700 / م 1251-1300). بۇخارالىق. ئەقلى ۋە نەقلى ئىلىملەردە كامالەتكە يەتكەن. مىراس ئىلمىغا ئىنتايىن پۇختا ئىدى. "مختصر ألسراجي" «مۇختەسەر سىراجى» ناملىق كىتابقا شەرھى يازغان. ئۇنىڭدىن باشقا "منهاج" «مىنھاج» قاتارلىق كىتابلارنى يازغان.

محمود بن أحمد بن عبيد الله بن إبراهيم تاج الشريعة: (مەھمۇد ئىبنى ئەھمەد ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى ئىبراھىم تاجۇششەرىئە). يېتۈك ئالىم بولۇپ، "هداية" «ھىدايە»نىڭ شەرھىسى"وقاية" «ۋىقايە»نى، "الفتاوى" «ئەلفەتاۋا»، "الواقعات" «ئەلۋاقىئات» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان.

محمود بن أحمد بن موسى، قاضي القضاة بدر الدين العيني: (مەھمۇد ئىبنى ئەھمەد

ئىبنى مۇسا، بەدرۇددىن ئەينى) (ھ 762ـ 855 / م 1361ـ1451). ھەنەفىي مەزھىپىدىكى ئالىم. قاھىرەدە قازىكالان بولغان. ھەدىسشۇناس، فىقھشۇناس ھەم تارىخشۇناس. كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى يازغان. سەھىھۇلبۇخارىنىڭ مەشھۇر شەرھىسى "عمدة القاري" «ئۇمدەتۇل قارى» ناملىق ئەسەر مۇشۇ زات تەرىپىدىن يېزىلغان. ئۇ يەنە "شرح معاني الآثار" «شەرھى مەئانىل ئاسار»، "شرح الكنز" «شەرھۇل كەنزى»، "منحة السلوك شرح تحفة الملوك" «مىنھەتۇسسۇلۇك شەرھى توھفەتۇل مۇلۇك»، "بداية" «بىداية» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان. («بىداية» نى يازغاندا يېشى توقسانغا يېقىنلاشقانىدى).

محمود بن سبكتكين (يمين الدولة): (مەھمۇد ئىبنى سۇبۇكتېكىن، يەمىنۇددەۋلە) (ھ 360ـ 421 / م 970ـ1030). غەزنەۋىيلەرنىڭ ئۇچىنچى سۇلتانى. پەنجاپ ۋە غۇجراتلارنىمۇ ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىگە كىرگۈزگەن. ئۇ ئەدەبىيات ۋە گۈزەل سەنئەتكە ئالاھىدە ئىشتىياق باغلىغان. ئۇنىڭ زامانىدا ئەبۇلقاسىم فىردەۋسىينىڭ «شاھنامە» ناملىق ئەسىرى بارلىققا كەلگەن. غەزنەۋىيلەر تارىخى ئالىم ئۇتبى مەھمۇد قەلىمىدە يېزىلغان.

محمود بن صدر السعيد تاج الدين أحمد بن الصدر الكبير: (مەھمۇد ئىبنى سەدرۇسسەئىيد تاجىددىن ئەھمەد ئىبنى سەدرۇلكەبىر). يېتىشكەن ئالىم. كاتتا فەقىھ. ئۇ ئىنتايىن كەمتەر ۋە تەقۋادار زات ئىدى. بۇ زات كۆپ ئەسەرلەرنى يازغان بولۇپ، 40 جىلدلىق "المحيط البرهان" «ئەلمۇھىيتۇل بۇرھان»، "الذخيرة" «ئەززەخىيرە»، "التجريد" «ئەتتەجرىيد»، "تتمة الفتاوى" «تەتىممەتۇل فەتەۋا»، "شرح الجامع الصغير" «شەرھۇل جامىئىسسەغىير»، "شرح الزيادات" «شەرھۇززىيادات»، "أدب القضاء" «ئەدەبۇل قەزا» ناملىق كىتابلار شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

محيط المحيط: (مۇھىيتۇل مۇھىيت). ئەرەب تىلى لۇغىتى. ئۇنى بۇتروس بوستانى 1970ـ يىلى تۈزۈپ چىققان.

المُختار بن أبي عبيد الثقفي: (مۇختار ئىبنى ئەبۇ ئۇبەيدىسسەقەفىي) (ھ ?ـ67 / م ?ـ 687). ھۇسەيىن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىساسىنى ئېلىش مەقسىتىدە كۇفىدە كۆتۈرۈلگەن بەنى ئۇمەييىگە قارشى قوزغىلاڭنىڭ رەھبىرى. ئۇ كۇفىدە مۇسئەب ئىبنى زۇبەيرنىڭ قولىدا ئۆلتۈرۈلگەن.

المختصر في أخبار البشر: (ئەلمۇختەسەر فى ئەخبارىل بەشەر). تارىخ كىتابى. بۇ كىتابتا مىلادىيە 1321ـيىلىغىچە بولغان ۋەقەلىكلەر خاتىرىلەنگەن.

المخصّص: (مۇخەسسەس). ئىبنى زەيد تۈزگەن، كەسىپى ئاتالغۇلار تەرتىپى بويىچە رەتلەنگەن ئەرەبچە قامۇس بولۇپ، ئۇ ئەرەب تىلىدىكى سۆزلىرى ئەڭ مول قامۇس ھېسابلىنىدۇ.

المَدائِنُ: (مەدائىن). دەجلە دەرياسى بويىدىكى شەھەرلەرنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى.

المدائني (علي بن محمد): (مەدائىنى، ئەلى ئىبنى مۇھەممەد) (ھ 134ـ224 / م 752ـ 839). باغدادتا ياشىغان تارىخشۇناس. ئۇنىڭ تارىخ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى ھەققىدە يازغان ئەسەرلىرى بار. تەبەرى ۋە بالازورىلارمۇ ئۆز ئەسەرلىرىنى يېزىشتا ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئاساسىي مەنبە قىلغان.

مَدغَشْقَر: (مەدغەشقەر). مەدغەشقەر دۆلىتى، مالاجاسىي دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ دۆلەت ئافرىقىنىڭ شەرقىي جەنۇبى ساھىلىغا جايلاشقان. پايتەختى تاناناريىۋ.

مدونة مالك: (مۇدەۋۋەنەتول مالىك). ئىمام مالىك تۈزگەن ئەڭ مەشھۇر فىقھى كىتاب.

مرآة الزمان في تاريخ الأعيان: (مىرئاتۇززامان فى تارىخىل ئەئيان). سەبتى ئىبنى جەۋزى تۈزگەن تارىخ توغرىسىدىكى كىتاب.

المرابطون: (مەرابىتۇن). ھازىرقى ماۋرىتانىيىدە ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن بەربەرىيە سۇلالىسى. بۇ سۇلالە ھىجرىيە 448 ـ 542 (م 1050 ـ 1148) ـ يىللاردا ماراكەش ۋە ئەندەلۇسقا ھۆكۈمرانلىق قىلغان.

المراغي (محمد مصطفى): (مەراغى، مۇھەممەد مۇستافا) (ھ 1299 ـ 1365 / م 1881 ـ 1945). 1935 ـ يىلدىن 1945 ـ يىلغىچە جامىئۇل ئەزھەرنىڭ شەيخلىق خىزمىتىنى ئۆتىگەن. يېڭىچە ئوقۇتۇش پروگراممىسىنى يولغا قويغان. ئۇنىڭ "بحوث في التشريع الإسلامي" «بۇھۇسۇ فىتتەشرىئىل ئىسلامى» (ئىسلام شەرىئىتى تەتقىقاتى) ناملىق ئەسىرى بار.

المِربَد: (مىربەد). بەسرەدىكى بازار. قەدىمكى زاماندا ئۇ يەرگە شائىرلار ۋە ناتىقلار يىغىلاتتى.

مَراكِش: (ماراكەش). ماراكەشنىڭ جەنۇبىدىكى شەھەر. بۇ شەھەرنى يۇسۇف ئىبنى تاشفىن ھىجرىيە 404 (م 1062) ـ يىلى بىنا قىلغان ۋە مۇرابىتىين دۆلىتىنىڭ پايتەختى قىلغان.

المَرَّاكُشِي، عبد الواحد بن علي: (مەرراكۇشى، ئابدۇلۋاھىد ئىبنى ئەلىي) (ھ 581 ـ 648 / م 1185 ـ 1250). ماراكەش تارىخچىسى. ئۇنىڭ "المعجب في تلخيص أخبار المغرب" «ئەلموئجەب فى تەلخىيسى ئەخبارىل مەغرىب» (ماراكەشنىڭ قىسقىچە تارىخى) ناملىق كىتابى بار.

المرجعة: (مۇرجىئە). ئىسلامنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئوتتۇرىغا چىققان ئەھلى كالام پىرقىسى. بۇ پىرقىدىكىلەر «گۇناھ ئىماندىن چىقىرىۋەتمەيدۇ» دېگەن قاراشتا. بۇلارنىڭ قاراشلىرى مۇئتەزىلىلەرنىڭ قاراشلىرىغا زىت كېلىدۇ.

المَرْسَى الكبير: (مەرسەل كەبىر). ئوتتۇرا دېڭىزغا جايلاشقان شەھەر ۋە پورت. جەزائىر تەۋەلىكىدە.

المرشدي (أبو الوجاهة): (مۇرشىدى، ئەبۇلۋەججاھە) (ھ ? ـ 1037 / م ? ـ 1628). ھەنەفىي مەزھىپىدىكى فىقھشۇناس. مەككىدە تۇغۇلغان. مەككىدىكى پەتىۋا ئورگىنىنىڭ رەئىسى بولغان. سۇيىقەست بىلەن تۈرمىدە بوغۇپ ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ ئىستىلىستىكا ھەققىدە "شرح عقود الجمان" «شەرھە ئۇقۇدۇلجىمان» ۋە "جامع الفتاوى" «جامىئۇل فەتەۋا» (پەتىۋالار توپلىمى)، "حاشية على تفسير البيضاوي" «ھاشىيەتۇ ئەلا تەفسىرىل بەيزاۋى» (تەپسىر بەيزاۋىنىڭ ھاشىيىسى) ناملىق ئەسەرلىرى بار.

المرغيناني (أبو الحسن علي): (مەرغىنانى، ئەبۇلھەسەن ئەلى) (ھ ? ـ 593 / م ? ـ 1197). ھەنەفىي مەزھىپىدىكى فەقىھ، پەرغانىدە ياشىغان. ئۇنىڭ "بداية المبتدي"

«بىدايەتۇلمۇبتەدى» ، "مختار الفتاوى" «مۇختارۇل فەتەۋا» (تاللانغان پەتىۋالار)، "شرح الجامع الكبير" «شەرھۇل جامىئىل كەبىر» (جامىئۇلكەبىرنىڭ شەرھى) ناملىق ئەسەرلىرى بار.

مروج الذهب ومعادن الجوهر: (مۇرۇجۇز زەھەب ۋە مەئادىنى جەۋھەر). تارىخشۇناس مەسئۇدى (ھ ?-342 / م ?-957) يازغان تارىخ كىتابى.

مَرْوَى: (مەرۋە). سۇدانىنىڭ نىل دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىغا جايلاشقان بىر شەھىرى. بۇ شەھەردە مەشھۇر خارابىلىقلار بار.

مَرْيَم: (مەريەم). ھەزرىتى ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى. قۇرئان كەرىمدە مەريەم بىنتى ئىمران نامى بىلەن تىلغا ئېلىنىدۇ.

المرينيون: (مەرىينىيۇن). ھىجرىيە 588-875 (م 1192-1470)-يىللىرى ماراكەشتە ھۆكۈمرانلىق قىلغان بەربەر ئىسلام خاندانلىقى.

مزار شريف: (مازار شەرىف). ئافغانىستاننىڭ غەربىي شىمالىدىكى شەھەر. ئۇنىڭ غەربىگە تارىخىي شەھەر بەلخ جايلاشقان. ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ سودا-تىجارەت بازىسى.

المستنصرية: (مۇستەنسىرىيە). ئابباسىي سۇلالىسىنىڭ خەلىپىسى مۇستەنسىر بىللا قۇرغان مەدرىس. ھازىر باغدادتىكى يېڭى ئۇنىۋېرسىتېتمۇ مۇشۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

مسجح، ابن مسجح، سعيد: (ئىبنى مىسجەھ، سەئىد ئىبنى مىسجەھ) (ھ ?-85 / م ?-704). مەككىلىك. تۇنجى ئەۋلاد ئەرەب ناخشىچىسى.

المسجد الأقصى: (مەسجىدۇل ئەقسا). قۇددۇستىكى مەسجىد. ئۇ ئىككى قىبلىنىڭ تۇنجىسى، ئىككى ھەرەمنىڭ ئىككىنچىسى.

المسجد الحرام: (مەسجىدۇل ھەرام). مەككە مۇكەررەمەدىكى مەسجىد. ئۇ كەئبە شەرىفە، ماقامى ئىبراھىم، مائۇزەمزەملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ بىرقانچە قېتىم كېڭەيتىپ يېڭىلانغان.

المسجد النبوي الشريف: (مەسجىدۇننەبەۋىي شەرىف). مەدىنە مۇنەۋۋەرەدىكى مەسجىد. ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىنا قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك قەبرىسى، مۇنبىرى، مىھرابى ۋە ئەبۇ بەكرى، ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلارنىڭ قەبرىسمۇ شۇنىڭ ئىچىدە.

مسروق بن عجزع الهمداني: (مەسرۇق ئىبنى ئەجزە ھەمەدانى). بۇ زات ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدنىڭ شاگىرتى، مۇجتەھىدلىك دەرىجىسىگە يەتكەن. تابىئىنلارنىڭ چوڭلىرىدىن بولۇپ، پەتىۋا ئىشىدا پېشۋا ئىدى. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ۋە ئۇمەرلەردىن ھەدىس ئۆگەنگەن.

مسعر بن كدام: (مىسئەر ئىبنى كىدام) (ھ ?-155 / م ?-772). مۇھەددىس ۋە فەقىھ. مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق، شەئبى، مالىك ئىبنى مۇبارەك، يەھيا، قەتتان قاتارلىق ئالىملارغا ھەدىس ئۆگەتكەن. گۈزەل ئەخلاقتا ھەممىگە نەمۇنە ئىدى. بۇ كىشىدىن: مەدىنىنىڭ ئەڭ فەقىھى كىم؟ دەپ سورالغاندا:

كىم تەقۋادار بولسا شۇ، دەپ جاۋاب بەرگەن. ناھايىتى كۆپ سەجدە قىلغانلىقتىن پېشانىسىدە سەجدە ئىزى بار ئىدى.

المسعودي (أبو الحسن علي): (مەسئۇدى، ئەبۇلھەسەن ئەلى) (ھ ?-346 / م ?-957). باغدادلىق تارىخشۇناس، سەيياھ. نەسەبى ساھابە ئىبنى مەسئۇدقا تۇتىشىدۇ. ئۇ نۇرغۇن ئەللەردە زىيارەتتە بولغان. مىسىردا ئولتۇراقلىشىپ، شۇ يەردە ۋاپات بولغان.

مسلم بن الحجاج: (مۇسلىم ئىبنى ھەججاج) (ھ ?-261 / م ?-875). نىيشاپۇرلۇق ھەدىس ئالىمى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى توپلاپ "الصحيح" «ئەسسەھىھ» ناملىق مەشھۇر ھەدىس كىتابىنى تۈزگەن. بۇ كىتاب ئەھلى سۈننىلەرنىڭ ھەدىس ساھەسىدىكى ئاساسلىق كىتابلىرىنىڭ بىرىدۇر.

مَسْقَطُ: (مەسقەت). ئومان سۇلتانلىقىنىڭ پايتەختى ۋە ئومان قولتۇقىغا جايلاشقان مۇھىم پورت.

مَشْهَدٌ: (مەشھەد). ئىراندىكى شەھەر. ئۇ يەردە شىئەلەرنىڭ سەككىزىنچى ئىمامى — ئىمام ئەلى ئىبنى مۇسا رىزانىڭ قەبرىسى بار. بۇ جاي خۇراسان ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى.

مُصْعَبُ بن الزبير: (مۇسئەب ئىبنى زۇبەير) (ھ 26-71 / م 647-690). ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەيرنىڭ قېرىندىشى. ئۇنى ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋان دېيرۇلجاسىلىق دېگەن جايدا يۈز بەرگەن ئۇرۇشتا ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

مصعب بن عمير بن هاشم بن عبد مناف القرشي: (مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير، ئىبنى ھاشىم ئىبنى ئابدۇمانافىل قۇرەشى) (ھ ?-3 / م ?-625). ئابدۇددار جەمەتىدىن، ئىسلامنى دەسلەپ قوبۇل قىلغان ساھابە، مەككىدە مۇسۇلمان بولغان. مۇسۇلمان بولۇش سەۋەبى بىلەن نۇرغۇن جاپالارنى چەككەن، مۇشرىكلار ئۇنى باغلاپ سولاپ قويغان، سولاقتىن قېچىپ، ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغانلار بىلەن بىللە ھىجرەت قىلغان، كېيىن مەككىگە قايتىپ كېلىپ مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان. قولىدا كۆپلىگەن مەدىنىلىكلەر مۇسۇلمان بولغان، بەدر ئۇرۇشىغا قاتناشقان. ئوھۇد ئۇرۇشىدا تۇغ كۆتۈرگەن. ئاللاھنىڭ «مۇئمىنلەردىن ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىدە راستچىللىق بىلەن تۇرغانلار بار» دېگەن ئايىتى مۇسئەب ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ھەققىدە نازىل بولغان، دېيىلگەن. بۇ زات ئوھۇد ئۇرۇشىدا شېھىت بولغان.

مُطْرَانٌ ج مَطَارِنَةٌ: (مۇتران، مەتارىنە) خرىستىئانلارنىڭ باشچىسى. ئۇنىڭ مەنسىپى باش پوپتىن تۆۋەن ئېپىسكوپتىن يۇقىرى تۇرىدۇ.

مُطْرَان، خليل: (مۇتران خەلىل). لىۋىيىلىك شائىر، يازغۇچى، ژۇرنالىست. مىسىرغا كۆچۈپ كەلگەن ۋە ئۇ يەردە «ئىككى ئەلنىڭ شائىرى» دەپ لەقەبلەنگەن. ئۇنىڭ بىر شېئىرلار توپلىمى بار.

معاذ بن جبل: (مۇئاز ئىبنى جەبەل) (ھ ?-18 / م ?-639). ئەنسارىلاردىن بولغان ئۇلۇغ ساھابە. بارلىق جەڭلەرگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە قاتناشقان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى يەمەنگە قازى قىلىپ تەيىنلىگەن.

معاوية بن أبي سفيان: (مۇئاۋىيە ئىبنى

ئەبۇ سۇفيان) (ھ ؟ـ60 / م ؟ـ680). مەشھۇر ساھابە، شامدىكى ئۇمەۋىي دۆلىتىنىڭ ئاساسچىسى. ھىجرىيە 37 (م 658)-يىلى يۈز بەرگەن سىففىين ئۇرۇشىدا ھەزرىتى ئەلىگە قارشى ئۇرۇش ئاچقان. ئۇ تەدبىرلىكلىكى ۋە مۇلايىملىقى بىلەن مەشھۇر.

المعتز، ابن المعتز: (مۇئتەز، ئىبنى مۇئتەز، ئەبۇلئاbbاس ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى مۇھەممەد) (ھ 247ـ292 / م 861ـ907). شائىر. ئاbbاسىيلار سۇلالىسىنىڭ ئەمىرى. بىر كېچە-كۈندۈز خەلىپە بولغان. باغدادتا تۇغۇلۇپ، شۇ يەردە قەتلى قىلىنغان.

المعتزلة: (مۇئتەزىلە). قازا ۋە قەدەرنى ئىنكار قىلىدىغان، كالامشۇناسلىق مەسىلىلەردىكى مۇنازىرىلىرىدە لوگىكىلىق خۇلاسە ۋە قىياسقا تايىنىپ ھۆكۈم چىقىرىدىغان، ئىسلام پەلسەپىچىلىرىنىڭ بىر پىرقىسى. بۇ پىرقە ھىجرىيە 1-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئوتتۇرىغا چىققان بولۇپ، قۇرغۇچىسى ۋاسىل ئىبنى ئەتا. ئۇ ئۇستازى ھەسەنىل بەسرى بىلەن چوڭ گۇناھ قىلغان ئادەمنىڭ ھۆكمى ھەققىدە باشقىچە قاراشتا بولۇپ، دەرس سورۇنىنى ئايرىپ پىكرىنى تارقىتىشقا باشلىغان. ئۇنىڭ سورۇنىغا قاتناشقانلار ئەلمۇئتەزىلە (يەنى ئايرىلىپ چىققۇچىلار) دەپ ئاتالغان. بۇ ئىقىم پىكىر ئەركىنلىكى، ئەقىلنىڭ شەنىنى كۆتۈرۈش ئالاھىدىلىكلىرىگە ئىگە. بۇ ئىقىمنىڭ ئىككى تارمىقى بولۇپ، بىرى بەسرە شەھىرىدە يەنە بىرى باغدادتا. مۇئتەزىلىلەرنىڭ بەش ئاساسىي پىرىنسىپى بار. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1- ئادالەت: يەنى ئاللاھ ئادىل بولۇپ، پۈتۈن ئىشلاردا بەندىلەرنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەيدۇ.

2- تەۋھىد: يەنى ئاللاھنىڭ زاتىدا تەئەددۇد (كۆپ تەرەپلىمىلىك، كۆپ سانلىق) ياكى زاتىدىن باشقا سۈپەتلەر يوق.

3- چوڭ گۇناھ قىلغۇچى يا جەننەتتە يا دوزاختا ئەمەس، بەلكى ئىككى مەنزىل ئارىلىقىدا بولىدۇ.

4- ئاللاھ تائالا ۋەدە قىلغان جازا ۋە ساۋابنى بېرىش كېرەك.

5- ئەمر-مەئرۇپ، نەھى-مۇنكەر: يەنى ھەر بىر مۇسۇلمان يامانلىقتىن توسۇپ، ياخشىلىققا بۇيرۇشى كېرەك.

مۇئتەزىلە ئىقىمى يۇقىرىقى قاراشلىرى بىلەن پائال مۇنازىرە ۋە تەشۋىق قىلىپ، نۇرغۇن يۈكسىلىشلەرگە ئېرىشكەن. مۇئتەزىلە قاراشلىرى ھەققىدە قازى ئابدۇلجەببارنىڭ "الكتاب المغني" «ئەلكىتابۇل مۇغەننىي» دېگەن ئەسىرى تولۇق مەلۇمات بېرىدۇ.

المعتصم بالله: (مۇئتەسىم بىللا) مۇھەممەد ئىبنى ھارۇن رەشىد (ھ 178ـ228 / م 794ـ842). ئاbbاسىي سۇلالىسىنىڭ سەككىزىنچى خەلىپىسى. ئەمۇرىيەنى فەتھى قىلغان ۋە ئىچكى توقۇنۇشلارغا خاتىمە بەرگەن. ئىراقتىكى سامىرا شەھىرىنى بەرپا قىلىپ، ئۇنى ئۆز خەلىپىلىكىنىڭ پايتەختى قىلغان.

المُعْتَمِدُ بنُ عَبَّاد، محمد: (مۇئتەمىد ئىبنى ئەبباد مۇھەممەد) (ھ 431ـ477 / م 1040ـ1095). ئەندەلۇسنىڭ ئىشبىلىيە رايونىدىكى بەنى ئۇبباد سۇلتانلىقىنىڭ ئاخىرقى سۇلتانى. شائىر ۋە ئەدەب كىشى ئىدى. ئۇ تۈرمىدە ئۆلۈپ كەتكەن.

مُعْجَمُ ما استعجم: (مۇئجەم مەستۇئجەم). ئەبۇ ئۇبەيدىلكۇبرا تۈزگەن جۇغراپىيە لۇغىتى.

المعجم المفهرس لألفاظ الحديث النبوي:

(مۇئجەمـۇل مـۇفەھرەس لىئەلفازىل ھەدىسىننەبەۋىي). ھەدىس سۆزلىرىنىڭ تۈپ يىلتىزى ۋە ئۇلارنىڭ ھەدىستىكى ئورۇنلىرى بويىچە رەتلەپ چىقىلغان لۇغەت. بۇ شەرقشۇناسلار تەرىپىدىن تۈزۈلگەن.

المعجم المفهرس لألفاظ القرآن الكريم: (مۇئجەمـۇل مـۇفەھرەس لىئەلفازىل قۇرئـان كەرىم). قۇرئـان كەرىم سۆزلىرىنىڭ تۈپ يىلتىزى ۋە ئۇلارنىڭ قۇرئاندىكى ئورۇنلىرى بويىچە رەتلەپ چىقىلغان قۇرئان كەرىم سۆزلۈكلىرى لۇغىتى.

معشر البلخي، أبو معشر البلخي: جعفر بن محمد: (مەئشەرىل بەلخىي، ئەبۇ مەئشەرىل بەلخىي جەئفەر ئىبنى مۇھەممەد) (ھ 172ـ 273 / م 788ـ886). ئاسترونوم. ئۇنىڭ "المدخل في علم أحكام النجوم" «ئەلمەدخەل فى ئىلمى ئەھكامىننۇجۇم» (ئاسترونومىيە ئىلمىگە كىرىش) ناملىق ئەسىرى بار.

مَعَـرَّةُ النعمان: (مەئەررەتى نۇئمان). سۇرىيىدىكى بىر شەھەر. نوئمان ئىبنى بەشىرگە نىسبەت بېرىلگەن. شائىر ئەبۇ ئەلا مەئەررىي مۇشۇ شەھەردە تۇغۇلغان.

المعلقات: (مۇئەللەقات). جاھىلىيەت ئەرەب ئەدەبىياتىدىكى كەئبىنىڭ تېمىغا ئېسىلغان ئەڭ مەشھۇر يەتتە قەسىدە، بۇ قەسىدىلەرنىڭ ئاپتورلىرى: ئىمرۇلقەيس، تەرەفە ئىبنى ئەبدى، زۇھەير ئىبنى ئەبۇ سەلما، لەبىيد ئىبنى رەبىئە، ئەمىر ئىبنى كولسوم، ھارىس ئىبنى ھەلزە، ئەنتەرە ئىبنى شەددادلاردۇر.

معن بن زائدة: (مەئنى ئىبنى زائىدە) (تەخمىنەن ھ ?ـ1368 / م ?ـ769). ئەرەبلەر ئىچىدە نامى چىققان مەرد، سېخىي ئادەم. ئۇمەۋىي، ئابباسىي سۇلالىلىرىدە خىزمەت قىلغان. مەنسۇر ئۇنى يەمەنگە ۋالىي قىلىپ تەيىنلىگەن، ئاندىن كېيىن سىجىستانغا ۋالىي بولغان ۋە شۇ يەردە قەستكە ئۇچرىغان. ئۇ ھەققىدە نۇرغۇن ھېكايىلەر بار. شائىرلار ئۇ ھەققىدە نۇرغۇن مەدھىيە ۋە مەشھۇر مەرسىيەلەرنى يازغان.

المغازي: (مەغازى). ئىسلامىي فۇتۇھاتلار ھەققىدىكى كىتاب. ئۇنى ۋاقىدى تۈزگەن.

المَغْـرِبُ (المملكة المغربية): (مەغرىب، ئەلمەملىكەتۇل مەغرىبىيە). ماراكەش. غەربىي ئافرىقىنىڭ شىمالىدىكى ئەرەب دۆلىتى. ئۇنىڭ شىمالىي تەرىپى ئوتتۇرا دېڭىزغا، غەربىي تەرىپى ئاتلانتىك ئوكيانغا تۇتىشىدۇ، پايتەختى رابات. دارۇلبەيزا، فاس، تەنجەت بۇ دۆلەتنىڭ ئەڭ مەشھۇر شەھەرلىرىدۇر.

المقدسي (شمس الدين): (مەقدەسى، شەمسۇددىن) (تەخمىنەن ھ ?ـ380 / م ?ـ990). ئەرەب جۇغراپىيىشۇناسى، سەيياھ. جۇغراپىيە توغرىسىدا يېزىلغان "أحسن التقاسيم في معرفة الأقاليم" «ئەھسەنۇتتەقاسىيم فى مەئرىفەتىل ئەقالىم» ناملىق كىتابى بار.

المَغْـرِبُ العـربي: (مەغرىبۇل ئەرەبى). جۇغراپىيىلىك ئاتالغۇ بولۇپ، غەربتىكى ئەرەب دۆلەتلىرى كۆرسىتىدۇ. لىۋىيە، تۇنىس، ئالجىرىيە، ماراكەش ۋە ماۋرىتانىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

المُغِيْرَةُ بنُ شُعْبَة: (مۇغەيرەتۇ ئىبنى شۇئبە) (ھ 50 / م 603ـ670). ساھابە. كۆزگە كۆرۈنگەن قوماندان. ھۇدەيبىيە سۇلھىسىگە قاتناشقان. ئىران ۋە شام فەتھىسىگىمۇ قاتناشقان. ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋرىدە بەسرە ۋە كۇفىگە ۋالىي بولغان.

ئوسمان ۋە مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلارمۇ ئۇنى كۇفىنىڭ ۋالىيلىقىدا داۋاملىق قالدۇرغان.

مَفَاتِيحُ العُلوم: (مەفاتىيھۇل ئۇلۇم). ئەبۇ ئابدۇللاھ خارەزىمىي تۈزگەن خىلمۇخىل ئاتالغۇلار ھەققىدىكى ئېنسىكلوپېدىيە.

مفتاح العلوم: (مىفتاھۇل ئۇلۇم). ئىمام سەككاكى تۈزگەن كىتاب. بۇ كىتاب ئۆز دەۋرىدە ئىستىلىستىكا ۋە تىل ھەققىدە تۈزۈلگەن ئەڭ مۇكەممەل كىتاب دەپ قارىلاتتى. ئۇنىڭدا مورفولوگىيە، گراماتىكا، ئىستىلىستىكا، شېئىر ۋە قاپىيىلەر ھەققىدە توختىلىدۇ. بۇ كىتاب ھەققىدە نۇرغۇنلىغان شەرھى، ئىزاھات ۋە قىسقارتىلمىلار تۈزۈلگەن.

المُفَصَّلُ في النحو: (ئەلمۇفەسسەل فىننەھۋى). گراماتىكا توغرىسىدىكى مەشھۇر كىتاب. مەھمۇد ئىبنى ئۇمەر زەمەخشەرى تۈزگەن. بۇ كىتابقا نۇرغۇن شەرھلەر يېزىلغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئاساسلىقى ئىبنى يەئىش تۈزگەن "شرح المفصل" «شەرھۇل مۇفەسسەل» ناملىق كىتابدۇر.

المُفَضلُ الضبي: (مۇفەززەلىززەببى، ئىبنى مۇھەممەد) (ھ ؟ـ170 / م ؟ـ786). ئەدىب، تىلشۇناس، ھەدىس رىۋايەتچىسى. كۇفىلىق بولۇپ، نۇرغۇن كىتاب يازغان. ئەڭ ئاساسلىقى "المفضليات" «ئەلمۇفەززەلىيات»، "الأمثال" «ئەلئەمسال»، "معاني الشعر" «مەئانى شېئىر» ناملىق كىتابلاردۇر.

المُفَضَّلِيَات: (مۇفەززەلىيات). مۇفەززەل زەببى تۈزگەن شېئىر كىتاب. بۇ كىتاب جاھىلىيەت ۋە ئىسلام دەۋرىدە ياشىغان شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدىن تاللانغان. بۇ كىتاب تەتقىقاتچىلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن.

المقاصد الخيرية الإسلامية: (ئەلمەقاسىدۇل خەيرىيەتۇل ئىسلامىيە). ئىسلام خەيرىيەت جەمئىيىتى. ھىجرىيە 1298 (م 1880)-يىلى بېيرۇتتا تەسىس قىلىنغان. لىۋاننىڭ ھەممە جايلىرىدا بۇ جەمئىيەتنىڭ دوختۇرخانا ۋە مەكتەپلىرى بار.

مقدمة ابن خلدون: (مۇقەددىمەتۇ ئىبنى خەلدۇن). ئىبنى خەلدۇن تۈزگەن مەشھۇر كىتاب. ئۇ بۇ كىتابنى "العبر وديوان المبتدأ والخبر" «ئەلئىبەر ۋە دىۋانۇل مۇبتەدەئى ۋەلخەبەر» ناملىق چوڭ تارىخ كىتابىنىڭ مۇقەددىمىسى سۈپىتىدە تۈزۈپ چىققان. ئۇ بۇ كىتابتا ئۆزىنىڭ تارىخ ۋە ئىجتىمائىي ئىشلار ھەققىدىكى قاراشلىرىنى يورۇتۇپ بەرگەن.

مَقَديشو (موقاديشو): (مەقەدىيشۇ، موقادىيشۇ). سومالى جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى. ھىندى ئوكيان بويىغا جايلاشقان پورت شەھىرى.

المقري، أبو العباس أحمد بن محمد التلمساني: (مۇقرىي ئەبۇ ئابباس ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد تىلمىسانىي) (ھ ؟ـ1041 / م ؟ـ1631). ئەدىب، تارىخشۇناس. ئالجىرىيەدە تۇغۇلۇپ، مىسىردا ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ "نفح الطيب من غصن أندلس الرطيب" «نەفھۇ تەييب مىن غۇسنى ئەندەلۇسىررەتىيب» ناملىق ئەسىرى بار.

المقريزي، تقي الدين أحمد بن علي: (مەقرىزىي، تەقىيۇددىين ئەھمەد ئىبنى ئەلى) (ھ 768ـ845 / م 1365ـ1441). ئەسلى لىۋانلىق. قاھىرەدە تۇغۇلۇپ، شۇ يەردە ۋاپات بولغان مەشھۇر تارىخشۇناس. ئۇنىڭ "خطط المقريزي" «خۇتەتۇل مەقرىيزى» نامى بىلەن

مەشھۇر بولغان "المواعظ والإعتبار في ذكر الخطط والآثار" «ئەلمەۋائىز ۋەلئىئتىبار فى زىكرىل خۇتەتى ۋەلئاسار» ناملىق ئەسىرى ۋە ئەييۇبىيلار ۋە مەملۇكىيلار تارىخى توغرىسىدا يېزىلغان "السلوك لمعرفة الدول والملوك" «ئەسسۇلۇك لىمەئرىفەتىددۇۋەلى ۋەلمۇلۇك» ناملىق ئەسىرى بار.

المُقَفَّع، ابن المقفع، عبد الله: (مۇقەففەئ، ئىبنى مۇقەففەئ، ئابدۇللاھ) (ھ 106 ـ 142 / م 724 ـ 759). ئەدىب. پارس مىللىتىدىن چىققان ئەرەب يازغۇچىسى. ئۇ دىنسىز دەپ قارىلىپ، بەسرە ۋالىيسى تەرىپىدىن قەتلى قىلىنغان. ئۇنىڭ "الأدب الكبير" «ئەلئەدەبۇل كەبىر»، "الأدب الصغير" «ئەلئەدەبۇسسەغىر» ناملىق ئەسەرلىرى بار. ئۇ «كەلىلە ۋە دىمنە» ناملىق كىتابنى پەھلىۋىي تىلى (قەدىمكى پارس تىلى) دىن ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلغان.

المُقَوْقِسُ: (مۇقەۋقىس). مىسىر ۋە ئىسكەندىرىيە پادىشاھلىرىنىڭ ئىسلامدىن بۇرۇنقى ئورتاق نامى.

المقولات: (مەقۇلات). ئارىستوتېل تۈزگەن كىتاب. بۇ كىتاب ئەرەب پەلسەپىسىگە ۋە فارابىي، ئىبنى سىنا، ئىبنى رۇشد تەلىماتلىرىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. بۇ كىتابنى ئىسھاق ئىبنى ھۇنەيىن سۈرىيان ۋە ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلغان.

مكحول، مكحول بن أبي مسلم الهذلي أبو عبد الله الشامي: (مەكھۇل، مەكھۇل ئىبنى ئەبى مۇسلىمىل ھۇزەلى، ئەبۇ ئابدۇللاھ شامى) (ھ ? ـ 112 / م ? ـ 730). تابىئىنلاردىن بولۇپ، مەشھۇر فەقىھ، ئۆز زامانىدىكى شام ئەللامىسى، ھەدىسشۇناس ئىدى. ئەسلى پارس بولۇپ، كابۇلدا تۇغۇلغان. ھەدىس ئۆگىنىش ئۈچۈن بۇرۇن ئىراق، مەدىنە قاتارلىق كۆپلىگەن يۇرتلارنى كەزگەن. كېيىن دەمەشقكە جايلىشىپ، شۇ يەردە ۋاپات بولغان. ئىمام زۆھرى: «زامانىسىدا مەكھۇلدەك پەتىۋا بېرەلەيدىغان ئىككىنچى بىرسى يوق ئىدى» دېگەن.

مِكْناس: (مىكناس). ماراكەشنىڭ غەربىي شىمالىدىكى شەھەر. مۇھىم سودا ـ تىجارەت مەركىزى.

ملك بنت حفني ناصيف: (مەلەك بىنتى ھىفنى ناسىف) (ھ 1303 ـ 1336 / م 1886 ـ 1918). مىسىرلىق ئەدىبە، ئالىم ھىفنى ناسىفنىڭ قىزى. "باحثة البادية" «باھىسەتۇل بادىيە» دېگەن تەخەللۇسى بىلەن مەشھۇر. ئۇنىڭ ئاياللار ھوقۇقىنى قوغداش ھەققىدە يازغان "النسائيات" «ئەننىسائىيات» ناملىق ماقالىلەر توپلىمى بار.

ملكشاهI: (مەلىكشاھ I ((ھ 447 ـ 485 / م 1055 ـ 1092). سالجۇقىيلارنىڭ چوڭ سۇلتانى. 1072 ـ يىلى ئاتىسى ئالىپ ئارسلاننىڭ ئورنىغا ئولتۇرغان. نىزامۇلمۇلۇكنى ۋەزىرلىككە تەيىنلىگەن ۋە نىزامىيە مەدرىسىلىرىنى بەرپا قىلغان. ئۇنىڭ دەۋرىدە دۆلەت راسا گۈللەنگەن. ئوغلى مەھمۇد ۋە بەركىيارۇقلار تەخت ۋارىسى بولغان.

المَمَالِيكُ: (مەمالىك). تۈركلەر، چېركەسلەر، موڭغۇللاردىن تەركىب تاپقان سۇلالە. ئۇلارنى ئەييۇبىيلار ياللانما ئەسكەر قىلىپ ئىشلەتكەن. ئۇلار شۇنداق تۇرۇپ ھاكىمىيەتنى قولىغا كىرگۈزۈۋالغان ۋە ئەييۇبىيلارنى يوقىتىپ ئورنىغا مىسىردا مەمالىكۇل بەھرىيە، مەمالىكۇل بەرجىيە نامىدىكى ئىككى دۆلەتنى قۇرغان. ئۇلارنى

ئوسمان ئىمپېرىيىسى بىتچىت قىلغان. ئۇلارنىڭ ئەڭ مەشھۇر سۇلتانى بىبروس ئىدى.

مَنْبِج: (مەنبىج). سۇرىيىنىڭ ھەلەب چېگرىسىغا جايلاشقان شەھىرى. مىلادىيە 10-ئەسىردە مۇشۇ جايدا مۇسۇلمانلار بىلەن رىملىقلار ئوتتۇرىسىدا نۇرغۇن ئۇرۇش بولغان.

المُنْجِد: (مۇنجىد). ئەب لۇۋىيس مەئلۇف يەسۇئى تۈزگەن ئەرەب تىل لۇغىتى. بۇ لۇغەت ھىجرىيە 1326-يىلى (مىلادىيە 1908-يىلى) تۈزۈلگەن. بۇ لۇغەت بىر نەچچە قېتىم نەشر قىلىنغان ۋە ئۇنىڭغا نۇرغۇن قوشۇمچە مەزمۇنلار، ئىلاۋىلەر قوشۇلغان.

منجم باشي (أحمد): (مۇنەججىم باشى، ئەھمەد) (ھ ?-1114 / م ?-1702). ئوسمانىي خەلىپىلىكىنىڭ تارىخشۇناسى. ئۇنىڭ ئەرەب تىلىدىكى "جامع الدول" «جامىئۇددۇۋەل» (دۆلەتلەر تارىخى) ناملىق ئەسىرى بار. بۇ ئەسەر تۈركچىدە يېزىلغان.

المُنَسْتِيرُ: (مۇنەستىير). تۇنىستىكى بىر شەھەر ۋە ئوتتۇرا دېڭىز بويىغا جايلاشقان ئىستراتېگىيىلىك پورت. مۇنەستىر ۋىلايىتىنىڭ مەركىزى.

المنصور، عبد الله بن محمد، أبو جعفر: (مەنسۇر، ئابدۇللاھ ئىبنى مۇھەممەد، ئەبۇ جەئفەر) (ھ 95-158 / م 714-775). ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ قۇرغۇچىسى ۋە ئىككىنچى خەلىپىسى. ھىجرىيە 136-158-يىللاردا ھۆكۈم سۈرگەن. باغداد شەھىرىنى بىنا قىلغان. ئۇ تەرجىمە ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ناھايىتى كۈچ چىقارغان.

المَنْصُورَةُ: (مەنسۇرە). مىسىردىكى نىل دەرياسى بويىغا جايلاشقان دېقھلىيە رايونىنىڭ مەركىزى. فرانسىيە پادىشاھى لويىسIX مۇشۇ شەھەردە ئەسىرگە چۈشكەن.

مُنَظَّمَةُ الأمم المتحدة: (مۇنەززەمەتۇل ئۇمەمىل مۇتتەھىدە). بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى. بۇ خەلقئارالىق تەشكىلات بولۇپ، ھىجرىيە 1366-يىلى (مىلادىيە 1946-يىلى) تەسىس قىلىنغان. ئۇنىڭ باش ئورگىنى نيۇ-يوركتا.

منظمة التحرير الفلسطينية: (مۇنەززەمەتۇت تەھرىيرىل پەلەستىنىيە). پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتى. بۇ تەشكىلات سىياسىي تەشكىلات بولۇپ، ھىجرىيە 1384-يىلى (مىلادىيە 1964-يىلى) قۇرۇلغان. ئۇ پەلەستىن خەلقىنى يەھۇدىي قىساسچىلىرىنىڭ ئىشغالىيىتىدىن قۇتۇلدۇرۇش ۋە تارتىۋېلىنغان ھوقۇقىنى قايتۇرۇۋېلىش كۈرىشىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

مَنْظُور، ابن منظور، محمد بن مكروم: (مەنزۇر مۇھەممەد ئىبنى مەكرۇم) (ھ 630-711 / م 1232-1311). تىلشۇناس، ئەدىب. ئۇ ئەرەب تىلىدا لۇغەت تۈزگەن. مىسىردا تۇغۇلۇپ، شۇ يەردە ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ "لسان العرب" «لىسانۇل ئەرەب» ناملىق لۇغىتى ئەڭ مەشھۇر.

مَنْفَلُوط: (مەنفەلۇت). مىسىر تۆزلەڭلىكىدىكى بىر شەھەر. ئۇ نىل دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا جايلاشقان. ئاسيوت رايونى تەۋەلىكىدە.

المنفلوطي، مصطفى لطفي: (مەنفەلۇتى مۇستافا لۇتفى) (ھ 1293-1343 / م 1877-1924). ئەدىب، يازغۇچى، ژۇرنالىست. ئۇنىڭ "النظرات و العبرات" «ئەننەزەرات ۋەلئەبەرات» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار. ئۇ يەنە

"مجدولين" «مەجدۇلىين» ، "في سبيل التاج" «فى سەبىلىتتاج» قاتارلىق نۇرغۇن فرانسۇز تىلىدىكى ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلغان.

المدينة المُنَوَّرَةُ: (مەدىنەتۇلمۇنەۋۋەرە). مەدىنە، يەسرىب دەپمۇ ئاتىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مىلادىيە 622 ـ يىلى مۇشۇ يەرگە ھىجرەت قىلغان.

المَنَامَةُ: (مەنامە). بەھرەيىن دۆلىتىنىڭ پايتەختى.

المَهْدِيَّةُ: (مەھدىيە). 1. تۇنىسنىڭ ئوتتۇرا دېڭىز بويىغا جايلاشقان شەھىرى. 2. ماراكەش دۆلىتىدىكى ئاتلانتىك ئوكيان بويىغا جايلاشقان شەھەر.

مَهَرَاجًا: (مىھراجان). ھىندى ئەمەلدارلىرىنىڭ ئورتاق نامى.

المُهَلْهَلُ، عدي بن ربيعة: (مۇھەلھەل، ئەدى ئىبنى رەبىئە) (م ؟ ـ 530). جاھىلىيەت شائىرى، چەۋەنداز. ئۇ مۇھەلھەل دېگەن نام بىلەن تونۇلغان. ئۇ لىرىك شېئىر يازغۇچىلارنىڭ ئەڭ تۇنجىسى ئىدى. بەسۇس ئۇرۇشىدا قازا قىلغان قېرىندىشى كۇلەيبكە ئاتاپ ئوقۇغان مەرسىيىسى بىلەن نام چىقىرىشقا باشلىغان.

مِهْيارُ الدَّيلمي، مهيار بن مرزويـة: (مىھيار دەيلىمى، مىھيار ئىبنى مەرزەۋەيھ) (ھ ؟ ـ 429 / م ؟ ـ 1037). باغدادلىق شائىر. ئۇ بۇرۇن ئاتەشپەرەس ئىدى. كېيىن ئۇستازى شەرىف رەزىنىڭ قولىدا مۇسۇلمان بولغان. شىئە مەزھەپ تەرەپدارى. ئۇنىڭ بىر شېئىرلار توپلىمى بار.

مَوجٌ رَاهِط: (مەۋجۇن راھىت).

دەمەشقىنىڭ شىمالىدىكى تۈزلەڭلىك. ئۇ يەردە ھىجرىيە 65 (م 684) ـ يىلى قاتتىق جەڭ بولغان. بۇ جەڭدە ئۇمەۋىيلار سۇلالىسىنىڭ خەلىپىسى مەرۋان ئىبنى ھەكەم ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەيرنىڭ ئىتتىپاقدىشى زەھھاك ئىبنى قەيس ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان.

المُوَحِّدُوْن: (مۇۋەھھىدۇن). ماراكەشتىكى بىر سۇلالە. مورابىتىينلار سۇلالىسىنى مۇنقەرىز قىلىپ، شىمالىي ئافرىقا ۋە ئەندەلۇستا مورابىتىينلار سۇلالىسىنىڭ ئورنىغا ئۆز سۇلالىسىنى تىكلىگەن. بۇ سۇلالە ھىجرىيە 525 ـ 668 (م 1130 ـ 1269) ـ يىللاردا دەۋر سۈرگەن.

موريتانيا: (جمهورية موريتانيا الإسلامية) (مورىيتانىيە، جۇمھۇرىيەتۇ مورىيتانىيەل ئىسلامىيە). ماۋرىتانىيە ئىسلام جۇمھۇرىيىتى. ئافرىقىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئەرەب جۇمھۇرىيىتى. ئۇنىڭ پايتەختى نەۋاكشوت. مىلادىيە 1960 ـ يىلى فرانسىيە مۇستەملىكىسىدىن قۇتۇلۇپ، مۇستەقىل بولغان.

مُوسى: (مۇسا). مۇسا ئەلەيھىسسالام. ئۇ يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرىسى لاۋىنىڭ نەسلىدىن بولغان ئىمراننىڭ ئوغلى. مۇسا ئەلەيھىسسالام پىرئەۋن (ۋەلىد ئىبنى مۇسئەب) نىڭ دەۋرىدە تۇغۇلغان. مۇسا ئەلەيھىسسالامغا تۇر تېغىدا ۋەھيى نازىل بولۇپ، پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قوۋمىنى بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلغان. ئاللاھتائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ھاسىسىنىڭ ئەجدىھاغا ئايلىنىشى ۋە قولىنىڭ قۇياشتەك ئاپئاق نۇرلۇق بولۇپ كۆرۈنۈشىدەك مۆجىزىلەرنى ئاتا قىلغان. پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ گورۇھى ئىماندىن باش تارتىپ، زۇلۇمدا ئەزۋەيلىگەنلىكى

ئۆچۈن ئاللاھ مۇسا ئەلەيھسسالامغا بەنى ئىسرائىلنى ئېلىپ، مىسىردىن پەلەستىن زېمىنىغا كېتىشنى ۋەھيى قىلغان. پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرى مۇسا ئەلەيھىسسالام باشچىلىقىدىكى بەنى ئىسرائىلنى قوغلاپ چىقىپ، سۇدا غەرق بولۇپ ھالاك بولغان. بەنى ئىسرائىل پىرئەۋنىنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلغاندىن كېيىن، ئاللاھ ئۇلارنى بەيتۇلمۇقەددەسكە كىرىپ، ئۇ يەردىكى جەبابىرلارنى قوغلاپ چىقىرىشقا بۇيرۇغان. ئەمما ئۇلار قورقۇنچاقلىق قىلىپ باش تارتقان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ ئۇلارنى سىنا چۆلىدە قىرىق يىل ئاداشتۇرۇپ جازالىغان. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئەنە شۇ چۆلدە بىر يۈز يىگىرمە يېشىدا ۋاپات بولغان.

موسى بن عقبة بن أبي عياش الأسدي، أبو محمد: (مۇسا ئىبنى ئۇقبە ئىبنى ئەبى ئەيياش، ئەبۇ مۇھەممەد) (ھ ?-114 / م ?-758). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالىنى ياخشى بىلىدىغان ھەدىسشۇناس ئالىم، "كتاب المغازي" «كىتابۇل مەغازىي» ناملىق ئەسەرنى يازغان.

مُوسَى بنُ نُصَيْرٍ: (مۇسا ئىبنى نۇسەير) (ھ 19-97 / م 640-716). مەشھۇر قوماندان. ئۇ ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋاننىڭ زامانىدا ئافرىقىنى فەتھى قىلغان. قەيرىۋان دېگەن جايدا ئورۇنلىشىپ بەربەر قەبىلىلىرىنى بويسۇندۇرغان.

الموصل: (ئەلمەۋسىل). ئىراقنىڭ شىمالىدىكى بىر شەھەر. نىنەۋى رايونىنىڭ مەركىزىي شەھىرى. بۇ شەھەرنى مۇسۇلمانلار ھىجرىيە 636-يىلى ئازاد قىلغان.

المَوْصِلِيْ، إبراهيم بن ماهان: (مەۋسىلى، ئىبراھىم ئىبنى ماھان) (ھ 125-189 / م 742-804). ھارۇن رەشىدنىڭ دەۋرىدە ئۆتكەن مۇزىكانت ۋە ناخشىچى.

المُوَطَّأ: (ئەلمۇۋەتتا). فىقھى ۋە ھەدىس ھەققىدە يېزىلغان كىتاب بولۇپ، ئۇنى ئىمام مالىك تۈزگەن. (ئىمام مالىك مۇۋەتتاسى دېيىلىدۇ)

المويلحي، محمد بن إبراهيم: (ئەلمۇۋەيلىھى، مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم) (ھ 1258-1349 / م 1868-1930). مىسىرلىق يازغۇچى. ئۇ يېڭى زامان ئەدەبىياتى گۈللىنىشىنىڭ ئاساسچىسى. ئۇنىڭ ماقامات ئۇسلۇبىدا يېزىلغان "حديث عيسى بن هشام" «ھەدىيسۇ ئىسا ئىبنى ھىشام» (ئىسا ئىبنى ھىشام پاراڭلىرى) ناملىق كىتابى بار.

المَيْدَانِيُّ، أحمد بن محمد: (مەيدانى، ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد) (ھ ?-518 / م ?-1124). ئەدىب، تىلشۇناس. نىيشاپۇردا تۇغۇلۇپ، شۇ يەردە ۋاپات بولغان. ئۇ "السامي في الأسامي"، «ئەسسامىي فىل ئۇسامىي»، "مجمع الأمثال" «مەجمەئۇل ئەمسال» (ماقال-تەمسىللەر توپلىمى) قاتارلىق نۇرغۇن كىتابلارنى يازغان.

مَيْسَان: (مەيسان). ئىراقتىكى بىر رايون. ئۇنىڭ مەركىزى شەھىرى ئۇمارە.

مَيْمون، ابن ميمون، أبو عمران موسى: (مەيمۇن، ئەبۇ ئىمران مۇسا) (ھ 530-601 / م 1135-1204). يەھۇدىيلار ئىچىدىن چىققان پەيلاسوپ ۋە تېۋىپ. ئۇ ئەندەلۇستا تۇغۇلۇپ، مىسىردا ياشىغان ۋە شۇ يەردە ۋاپات بولغان، ئۇنىڭ "دلالة الحائرين" «دەلالەتۇل ھائىرىن» (تېڭىرقىغانلارغا يول كۆرسىتىش) ناملىق كىتابى بار.

ميمون بن مهران الرقي الجزري (أبو أيوب): (مەيمۇن ئىبنى مەھرانىررىققىل جەزەرى، ئەبۇ ئەييۇب) (ھ 37 ـ 117 / م 657 ـ 735). فەقىھ، تابىئىنلاردىن بولۇپ، ناھايىتى تەقۋادار ئىدى. ئۇ ئەسلى قۇل بولۇپ، كېيىن ئازاد قىلىنىپ كۇفىدە چوڭ بولغان، رىققا شەھرىدە ئولتۇراقلاشقان ۋە شۇ يەرنىڭ كاتتا ئالىمىغا ئايلانغان. خەلىپە ئۇمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز تەرىپىدىن رىققا شەھرىگە قازى قىلىنىپ تەيىنلەنگەن. قىبرىسقا يۈرۈش قىلغان قوشۇننىڭ ئالدىنقى سېپىدە دېڭىزدىن ئۆتكەن. خەلىپە ئۇمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ باللىرىغا مۇدەررىس بولغان.

ميمونة بنت الحارث بن حزن الهلالية (أم المؤمنين): (مەيمۇنە بىنتى ھارس ئىبنى ھەزنىل ھىلالىيە، ئۇممۇلمۇئمىنىن) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالغان ئاياللىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى ۋە ئەڭ ئاخىرىدا ۋاپات بولغىنى. ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى «بەررە» بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى مەيمۇنە دەپ ئۆزگەرتكەن. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھىجرەتتىن بۇرۇن مەككىدىكى چاغدىلا بەيئەت قىلغان بولۇپ، ئەسلىدە ئەبۇ رەھىم ئىبنى ئابدۇلئۇززا ئامرىينىڭ نىكاھىدا ئىدى. ئېرى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ھىجرىيەنىڭ 7 ـ يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئەمرىگە ئالغان. ئۇ 80 يىل ئۆمۈر كۆرگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن 76 ھەدىس رىۋايەت قىلغان. مەككىگە يېقىن سەرەف دېگەن جايدا ۋاپات بولغان ۋە شۇ جايغا دەپنە قىلىنغان. پەزىلەتلىكلىكى ۋە سالىھەلىكى بىلەن تونۇلغان.

ن

النابغة الجعدي، قيس بن عبد الله: (نابغەتۇل جەئدى، قەيس ئىبنى ئابدۇللاھ) (ھ ؟ ـ 65 / م ؟ ـ 684). جاھىلىيەت ھەم ئىسلام دەۋرىدە ياشىغان شائىر. پارسنى فەتھى قىلىشقا قاتناشقان. سىففىين ئۇرۇشىدا ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب بىلەن بىر سەپتە جەڭ قىلغان. ئۇنىڭ بىر شېئىرلار توپلىمى بار.

النابغة الذبياني، زياد بن معاوية: (نابغەتۇززۇبيانى، زىياد ئىبنى مۇئاۋىيە) (م ؟ ـ 604). جاھىلىيەت شائىرى. كەئبىنىڭ تېمىغا ئېسىلغان شېئىرلار ئىچىدە ئۇنىڭمۇ شېئىرى بار ئىدى. ئۇ ھىرە ۋە غەسسان پادىشاھلىرىغا ئاتاپ قەسىدە يازغان. پادىشاھ نوئمانغا ئاتاپ يېزىلغان ئۆزرە ئېيتىش مەزمۇنى سىڭدۈرۈلگەن "نعمانيات" «نوئمانىيات» ناملىق شېئىرى بىلەن مەشھۇر بولغان. ئۇنىڭ بىر شېئىرلار توپلىمى بار.

نابُلُسْ: (نابۇلۇس). پەلەستىننىڭ ئىئوردان دەرياسى غەربىدىكى بىر شەھىرى. ھازىر ئىسرائىلىيە ئىشغالىيىتىدە.

ناصر بن عبد السيد أبي المكارم بن علي أبو المظفر و أبو الفتح المطرزي: (ناسىر ئىبنى ئابدۇسەيد ئەبۇ فەتھىل مۇتەررەزى) (ھ 536 ـ 610 / م 1141 ـ 1213). فەقىھ، تىلشۇناس. "الإيضاح" «ئەلئىيزاھ»، "شرح مقامات الحريري" «شەرھى ماقاماتىل ھەرىرى»، "الإقناع" «ئەلئىقنائ» (لۇغەت)، لوگىكا ھەققىدە "اصلاح المنطق" «ئىسلاھۇل مەنتىق» (لوگىكىنى ئىسلاھ قىلىش) ناملىق كىتابلار ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدۇر.

ناصر الدين بن يوسف أبو القاسم السمرقندي: (ناسىرۇددىن ئىبنى ئەبۇ يۇسۇف ئەبۇلقاسىم سەمەرقەندى) (ھ ؟ ـ 656 / م ؟ ـ 1258). چوڭقۇر مەلۇماتلىق، شۆھرەتلىك ئالىم. نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان. "نافع" «نافىئ»، "الملتقط" «ئەلمۇلتەقەت»، "خلاصة المفتي" «خۇلاسەتۇل مۇفتى»، "كتاب الإخصاب" «كىتابۇل ئىخساب»، "مصابيح السبل" «مەسابىيھۇسسۇبۇل» ناملىق ئەسەرلەر شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

نافع بن عبد الرحمن: (نافىئ ئىبنى ئابدۇراھمان) (ھ ؟ ـ 169 / م ؟ ـ 785). مەشھۇر ئون قىرائەت پېشۋالىرىدىن بىرى. مەدىنىدە ياشىغان. ئەسلى ئىسفاھانلىق ئىدى.

نُبَاتَة المصري: (نۇباتەتۇل مىسرى، ئىبنى نۇباتە مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد) (ھ 686 ـ 786 / م 1287 ـ 1366). مىسىرلىق شائىر، يازغۇچى. ئۇنىڭ "مطلع الفوائد" «مەتلەئۇل فەۋائىد» (پايدىلار مەنبەسى)، "سلوك دول الملوك" «سۇلۇكۇ دۇۋەلىل مۇلۇك» ناملىق ئەسەرلىرى ۋە نەشر قىلدۇرۇلغان بىر توپلىمى بار.

النَبَطُ الأنباط: (نەبتۇلئەنبات). سامى

خەلقى. ئۇلارنىڭ دۆلتى ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ شىمالىدا. دۆلەتنىڭ پايتەختى سەلەئ. بۇ جاي هازىر "البتراء" «ئەلبەترا» دەپ ئاتىلىدۇ.

نَبوخَذْ نَصَّر الثاني: (نەبۇخەز نەسەر سانى) (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 605 ـ 562). كەلدانىيە دۆلىتىنىڭ قۇرغۇچىسى. بابىلۇنلارنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ئادىمى. ئۇ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 605 ـ يىلى قەرقەمىس ئۇرۇشىدا مىسىرلىقلارنى مەغلۇپ قىلغان. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 586 ـ يىلى پەلەستىننى بېسىۋېلىپ، يەھۇدىيلارنى ئەسىر ئالغان.

نجد: (نەجدە). سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى بىر رايون. بۇ رايون ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىگەللەيدۇ. سەئۇدىي دۆلىتىنىڭ پايتەختى رىيادمۇ مۇشۇ رايونغا تەۋە. بۇ جاي ۋەھھابىي مەزھىپىنىڭ بۆشۈكى. سەئۇدىي خانىدانلىق ئائىلىسى مۇشۇ رايوندىن.

نزَارُ بن مَعَدّ بن عدنان: (نىزار ئىبنى مەئەد ئىبنى ئەدنان). ئەرەب مۇزەر ۋە رەبىئە قەبىلىلىرىنىڭ دەسلەپكى ئەجدادى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسەبمۇ مۇشۇلارغا تۇتىشىدۇ.

النسائي، أحمد بن شعيب بن علي الخراساني، النسائي (أبو عبد الرحمن): (نەسەئىي، ئەھمەد ئىبنى شۇئەيب ئىبنى ئەلى خۇراسانى، نەسەئى، ئەبۇ ئابدۇراھمان) (ھ 215 ـ 303 / م 830 ـ 915). مەشھۇر سۈنەن كىتابىنىڭ مۇئەللىپى، قازى، شەيخۇلئىسلام بولغان. ئۇنىڭ تېگى خۇراساندىكى نەسا دېگەن جايدىن، جاھان كېزىپ ئاخىرى مىسىرغا يەرلەشكەن. ئۇ يەردىكى ئالىملار ئۇنى چەتكە قاققان. شۇنىڭ بىلەن پەلەستىندىكى رەملە شەھىرىگە چىقىپ كەتكەن. ۋاپات بولغاندا بەيتۇلمۇقەددەسكە دەپنە قىلىنغان. ھەدىس توغرىسىدا "السنن الكبرى" «ئەسسۇنەنۇل كۇبرا»، ھەدىس راۋىيلىرى ھەققىدە "المجتبى" «ئەلمۇجتەبا»، "الضعفاء والمتروكون" «ئەززۇئەفا ۋەلمەترۇكۇن» يەنە "خصائص علي" «خەسائىسۇ ئەلى»، "مسند علي" «مۇسنەد ئەلى» ۋە "مسند مالك" «مۇسنەد مالىك» قاتارلىق بىر قانچە ئەسەرلەرنى يازغان.

النسفي (أبو حفص، عمر بن محمد بن أحمد بن إسماعيل بن محمد بن لقمان نجم الدين): (نەسەفى، ئەبۇ ھەفس، ئۇمەر ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد ئىبنى ئىسمائىل نەجمىدىن) (ھ 461 ـ 537 / م 1068 ـ 1142). ھەنەفىي مەزھىپىدىكى فەقىھ. مەشھۇر كالامشۇناس. كاتتا ئالىم. سەمەرقەندتە ياشىغان. ئۇ نۇرغۇن ئەسەر يازغان. "ألتيسير في التفسير" «ئەتتەيسىر فىتتەفسىر» ناملىق قۇرئان تەپسىرى، تەۋھىد ھەققىدە يازغان "العقائد النسفية" «ئەلئەقائىد نەسەفىيە» ۋە "كتاب المواقيت" «كىتابۇل مەۋاقىت»، "الأشعار بالمختار" «ئەلئاشئار بىلمۇختار»، "كتاب المشاريع" «كىتابۇل مەشارىئ»، "تاريخ بخارى" «بۇخارا تارىخى» (سەمەرقەند ئالىملىرى تەرجىمھالى ھەققىدە يېزىلغان 20 جىلدلىق كىتاب) قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

النَّاصِرَةُ: (ناسىرە). پەلەستىندىكى جەلىل مەھەللىسى. ئىسا ئەلەيھىسسالام مۇشۇ يەرلىك.

نَاصِرِيٌّ ج نَاصِرِيُّون: (ناسىريي، ناسىرىيۇن). 1. ناسىرە شەھىرلىك ئادەم، «يەسۇئۇناسىرى». ناسارا دېگەن سۆز

مۇشۇنىڭدىن چىققان. 2. مىسىر زۇڭتۇڭى جامال ئابدۇناسىرنىڭ قوللىغۇچىلىرى ۋە ئۇنىڭ مەسلىكىنى ياقلايدىغان كىشىلەر.

نصر بن أحمد بن العباس أبو أحمد العياضي: (نەسرى ئىبنى ئەھمەد ئىبنى ئابباس ئەبۇ ئەھمەد ئەييازى). كامالەتكە يەتكەن فەقىھ. ھەنەفىي مەزھىپىدىن. ماۋەرائۇننەھر بويىچە ئالىملارنىڭ پېشۋاسى شەيخ ئەبۇ ھەفسە بۇخارى مۇنداق دەيدۇ: «ھەنەفىي مەزھىپىنىڭ ئەڭ ئەۋزەللىكىگە شۇ نەرسە پاكىتكى، ھەنەفىي مەزھىپى ھەممىدىن مەقبۇل مەزھەپ بولمىغان بولسا، ئەبۇ ئەھمەد ئەييازى بۇ مەزھەپنى تاللىمىغان بولاتتى». بۇ زاتنىڭ ئىلمىي ئىھاتىسىنىڭ كەڭلىكىگە يەنە شۇ دەلىلكى، ھەكىم ئەبۇلقاسىم مۇنداق دەيدۇ: «يۈز يىلدىن بۇيان خۇراساندىن ماۋەرائۇننەھرگىچە بولغان جايلاردىن فىقھشۇناس ئەبۇ ئەھمەد ئەييازدەك ئالىم چىققان ئەمەس».

النَّظّام، ابراهيم بن سيار: (نەززام، ئىبراھىم ئىبنى سەييار) (ھ ؟-231 / م ؟-845). مۇئتەزىلە ئېقىمىدىكى كالامشۇناس. بەسرەدە تۇغۇلۇپ، باغدادتا ۋاپات بولغان. نەززامىيە پىرقىسىگە باشلامچىلىق قىلغان. ئىمام جاھىزمۇ شۇ كىشىدىن تەلىم ئالغان.

نظام المُلك: (نىزامۇلمۇلك) (ھ 408-485 / م 1018-1092). سالجۇقىيلارنىڭ ئەڭ مەشھۇر ۋەزىرى. ئالىپ ئارسلان ۋە ئۇنىڭ ئوغلى مەلىكشاھنىڭ ۋەزىرى بولغان. 1065-يىلى نىيشاپۇر ۋە باغدادتا «نىزامىيە مەدرىسى»نى قۇرغان. ئىراقتا ۋە پارستا تىنچلىق بەرپا قىلغان. ئىسمائىلىيۇنلار (قەستلەپ ئۆلتۈرگۈچىلەر تەشكىلاتى) تەرىپىدىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ «سىياسەتنامە» ناملىق ئەسىرى بار.

نظامي كنجوي: (نىزام گەنجىۋى) (ھ 534-599 / م 1140-1203). مەشھۇر پارس شائىرى. ئۇ تولىمۇ زاھىد كىشى ئىدى. پارس ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇنىڭ «سىرلار خەزىنىسى»، «خىسراۋ ۋە شىرىن»، «لەيلى-مەجنۇن»، «ئىسكەندەرنامە»، «ھەفتە پەيكەر» قاتارلىق بەش داستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان "فنج غنج" (بەش بايلىق) ناملىق كىتابى بار.

النعمان بن بشير، ابن ثعلبة الخزرجي الأنصاري (أبو عبد الله): (نوئمان ئىبنى بەشىر، ئىبنى سەئلەبەتۇل خەزرەجىل ئەنسارى، ئەبۇ ئابدۇللاھ) (ھ 2-65 / م 623-684). ئەمىر، ناتىق، شائىر بولۇپ، ساھابىلارنىڭ كاتتىلىرىدىن ئىدى. ئۇ 124 ھەدىس رىۋايەت قىلغان. سىففىين جېڭىگە مۇئاۋىيە بىلەن بىللە قاتناشقان، دەمەشقتە قازى بولغان. خەلىپە مۇئاۋىيە تەرىپىدىن باشتا يەمەنگە، كېيىن كۇفەگە، ئاندىن كېيىن ھىمىسقا ۋالىي قىلىپ تەيىنلەنگەن. كېيىنچە نوئمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەيىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بەيئەت قىلغاندا، ھىمىس ئاھالىسى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەچكە، ھىمىستىن قېچىپ چىققان ۋە ئۇزاق ئۆتمەي ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ شېئىرلىرى بىر كىتاب قىلىنىپ نەشر قىلىنغان.

النعمان بن المنذر: (نوئمان ئىبنى مۇنزىر) (م 580-602). ھىرەدىكى لەخمىيىنلار پادىشاھلىقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ۋە ئەڭ مەشھۇر پادىشاھى.

نفطوية (إبراهيم): (نىفتەۋەيھ، ئىبراھىم) (ھ 244-323 / م 858-935). مەشھۇر

گرامماتىكا ئالىمى. سۇئەلەبنىڭ شاگىرتى. ۋاسىت دېگەن جايدا تۇغۇلۇپ، باغدادتا ۋاپات بولغان.

نفيسة (السيدة): (نەفىسە، سەييدە) (ھ ?-208 / م ?-824). نەفىسە ئىلىم-مەرىپەت مۇھىتىدا يېتىلگەن بولۇپ، تەقۋادارلىقى بىلەن تونۇلغان. ھەدىسشۇناس ھەم تەپسىرشۇناس ئىدى. ئۇنىڭ ئىلىم سورۇنلىرىغا ئىمام شافىئىي ھازىر بولۇپ، تەلىملىرىنى ئاڭلىغان. مەككىدە تۇغۇلۇپ، قاھىرەدە ۋاپات بولغان. مىسىردىكى مەشھۇر قەبرىستانلىق نەفىسەنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

النقشبندي (بهاء الدين محمد): (نەقشبەندى، باھائۇددىن مۇھەممەد) (ھ ?-791 / م ?-1389). بۇخارالىق نامى مەشھۇر تەرىقەتچى. جۇڭگو، ھىندىستان، ئوتتۇرا ئاسىيا، تۈركىيەگە تارقالغان نەقشبەندىيە تەرىقىتىنىڭ بەرپا قىلغۇچىسى. ئۇنىڭ قەبرىسى بۇخارادا. ئۇنىڭ "الأوراد البهائية" «ئەلئەۋرادۇل بەھائىيە» (باھائىيە ۋىردىلىرى)، "سلك الأنوار" «سىلكۇل ئەنۋار» (نۇرلار تالاسى) ناملىق كىتابلىرى بار.

نهج البلاغة: (نەھجۇل بالاغەت). خۇجىزادە رىزانىڭ ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىبنىڭ سۆزلىرىدىن توپلىغان مەشھۇر كىتابى. ئۇنىڭغا ئىبنى ئەبۇلھەدىد، مەيسەم بەھرانى قاتارلىق نۇرغۇن كىشىلەر شەرھى يازغان

نوح: (نۇھ). نۇھ ئەلەيھىسسالام لامەكنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ بىرىنچى بوۋىسى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى شىس ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىندۇر. نۇھ ئەلەيھىسسالام بۇتپەرەس بىر قوۋمغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەن. نۇھ ئەلەيھىسسالام قۇرئان كەرىمدە قىرىق ئۈچ ئورۇندا تىلغا ئېلىنىدۇ. نۇھ ئەلەيھىسسالام قوۋمى ئىچىدە 950 يىل تۇرۇپ ئۇلارنى ھەق دىنغا دەۋەت قىلغان. ئۇلار كۇفرىدا تېخىمۇ ئەزۋەيلىگەن. شۇنچە يىل ئىچىدە پەقەت سەكسەن نەپەر كىشىلا ئىمان ئېيتقان. نۇھ ئەلەيھىسسالام قوۋمىنىڭ ئىمان ئېيتىشىدىن ئۈمىدسىزلەنگەن ۋاقتىدا ئاللاھ ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، ئۇنى ئىمان ئېيتقان كىشىلەر بىلەن بىر كېمىگە چىقىشقا بۇيرۇغان. توپان بالاسى بىلەن نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قوۋمى پۈتۈنلەي ھالاك قىلىنغان. يەر يۈزىدە نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسىدىكىلەردىن باشقا بىرمۇ تىرىك جان قالمىغان. شۇڭا، نۇھ ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنىڭ ئىككىنچى بوۋىسى دېيىلىدۇ. نۇھ ئەلەيھىسسالام توپان بالاسىدىن كېيىن بىر مەزگىل ياشاپ ئاندىن ۋاپات بولغان.

النووي، يحيى بن شرف: (نەۋەۋىي، يەھيا ئىبنى شەرەف) (ھ ?-676 / م ?-1277). فىقھىشۇناس، ھەدىسشۇناس. سۈرىيىدىكى ناۋا شەھىرىدىن. ئۇنىڭ "رياض الصالحين" «رىيازۇسسالىھىن» (ياخشىلار باغچىسى) ناملىق ھەدىسلەر توپلىمى ۋە "تهذيب الأسماء واللغات" «تەھزىبۇل ئەسما ۋەللۇغات» (ئىسىم ۋە سۆز ياساش) قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

النُّوَيْرِيُّ، شهاب الدين أحمد بن عبد الوهاب: (نۇۋەيرى، شىھابىددىن ئەھمەد ئىبنى ئابدۇلۋەھھاب) (ھ 677-733 / م 1278-1332). ئەدىب، مىسىر تارىخشۇناسى. ئۇنىڭ "نهاية الأرب في فنون الأدب" «نىھايەتۇل ئەرەب فى فۇنۇنىل ئەدەب» (ئەدەبىياتنىڭ تۈرلىرى توغرىسىدا) ناملىق ئېنسىكلوپېدىيىسى بار.

نيــــازي: (نـيـازى) (ھ 1026 ـ 1105 / م 1617 ـ 1694). تۈركـيـيـدىكى مەشھۇر ئەھلـى تەرىقەت. يېتىلگەن ۋائىـز. ئـۇ نەقـشبەندىيە تەرىقـــتىگە ئەگەشـــكەن بولـــۇپ، نۇرغـــۇن خانىقالارنى تەسىس قىلغان.

نيسابور: (نـيسابۇر). نىشاپۇر، ئىرانىنىڭ شـەرقـي شـىمالىدىكى خۇراسـانىنىڭ مەركـىزى شــەھىرى. ئـۇ ئوتتـۇرا ئەســىرلەردە ئىــسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ چوڭ مەركىزى ئىدى.

نِيْنَـــــوَى: (نىنەۋىـــي). 1. ئىراقنىـــڭ شىمالىدىكى قەدىمكى ئاشۇرىيە شـەھىرى. 2. ئىراقنىــڭ شــىمالىدىكى بىــر رايـون. ئۇنىــڭ مەركىزى مەۋسىل.

ھ

هَاجَرُ: (ھاجەر). ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى. ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى. مىسىرلىق. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇنى ۋە ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنى مەككىدىكى تاقىر چۆللۈكتە قويۇپ كەتكەن. شۇ يەردىن زەمزەم سۈيى ئېتىلىپ چىققان.

هَاروت: (ھارۇت). مارۇتنىڭ ھەمراھى. بابىل زېمىنىغا چۈشۈرۈلگەن ئىككى پەرىشتىنىڭ بىرى.

هارون: (ھارۇن). ھارۇن ئەلەيھىسسالام ئىمراننىڭ ئوغلى بولۇپ، نەسەبى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا تۇتىشىدۇ. ئۇ مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن ئۈچ يىل بۇرۇن تۇغۇلغان. ئاللاھ ھارۇننى قېرىندىشى مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە بەنى ئىسرائىل قەۋمىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن. ھارۇن ئەلەيھىسسالام پاساھەتلىك سۆزلەيتتى. ئۇ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىك دەۋىتىدە يېقىن ياردەمچىسى بولغان. ھارۇن ئەلەيھىسسالام بىر يۈز يىگىرمە ئىككى يىل ئۆمۈر كۆرۈپ، مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن ئون بىر ئاي بۇرۇن، يەنى بەنى ئىسرائىل قەۋمى پەلەستىن زېمىنىغا كىرىشتىن ئىلگىرى سىنا چۆلىدە ۋاپات بولغان.

هَارُونُ الرَّشيدُ: (ھارۇن رەشىد، ھارۇن ئىبنى مۇھەممەد مەھدى) (ھ 149 ـ 194 / م 766 ـ 809). ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ بەشىنچى خەلىپىسى. ئۆز تەۋەلىكلىرىنى دىن ۋە دۇنيالىق ئىشلاردا ناھايىتى ياخشى باشقۇرغاچقا، مەملىكىتى راسا گۈللەپ ياشنىغان. ئۇ تۇسقا يېقىن بىر جايدا ۋاپات بولغان.

هاشم بن عبد مناف: (ھاشىم ئىبنى ئابدۇماناف) (م 500 ـ 524). قۇرەيشلەرنىڭ ئاقساقىلى. ھاجىلارنى زەمزەم بىلەن تەمىنلەشكە مەسئۇل ئىدى. يازلىق ۋە قىشلىق تىجارەت كارۋانلىرىنى تۇنجى بولۇپ مۇشۇ كىشى يولغا قويغانىدى. بۇ كارۋان تۇنجى قېتىمدا ھەبەشىستان ۋە يەمەنگە، ئىككىنچى قېتىم شامغا سەپەر قىلغان. بەنى ھاشىم قەبىلىسى ياكى ھاشىمىيۇنلار مۇشۇ كىشىگە نىسبەت بېرىلىدۇ.

هَامَانُ: (ھامان). پىرئەۋننىڭ ۋەزىرى. ئۇنىڭ نامى «قۇرئان كەرىم»دە تىلغا ئېلىنغان.

هاني، ابن هاني: (ھانى، ئىبنى ھانى، مۇھەممەد ئەندەلۇسى) (ھ 326 ـ 363 / م 937 ـ 973). ئەندەلۇسلۇق مەشھۇر شائىر. مىسىرغا كېتىۋاتقاندا بەرەقەدە ئۆلتۈرۈلگەن.

هُبَلْ: (ھۇبەل). كەئبىدىكى بىر بۇت. مەككە فەتھى قىلىنغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى چېقىپ تاشلىغان.

هَرَاةُ: (ھىرات). ئافغانىستاننىڭ غەربىي شىمالىدىكى شەھەر. بۇ جاي ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ئىسلام مەدەنىيەت مەركىزى بولغان.

هَرِم بن سِنان: (ھەرمى ئىبنى سىنان) (ھ ?ـ 60 / م ?ـ 680). جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئەرەب ئاقساقىلى. ئۇنىڭ سېخىيلىقى ئەرەبلەر ئارىسىدا تىللاردا داستان بولغان. شائىر زۇھەير ئۇنى كۆپ مەدھىيىلىگەن.

هشام بن عبد الملك: (ھىشام ئىبنى ئابدۇلمەلىك) (ھ 61ـ 125 / م 690ـ 743). ئۇمەۋىيىلەر خەلىپىلىكىنىڭ ئونىنچى خەلىپىسى. ئۇنىڭ دەۋرىدە ئىسلامىي رايونلار كېڭەيگەن. دۆلەت گۈللىنىپ، ئىقتىساد راۋاجلانغان.

هِشَام، ابن هشام، جمال الدين عبد الله بن يوسف: (ھىشام ئىبنى ھىشام جامالۇددىن ئابدۇللاھ ئىبنى يۈسۈف) (ھ 709ـ 762 / م 1309ـ 1360). گىراماتىكىشۇناس. قاھىرەدە تۇغۇلۇپ، شۇ يەردە ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ "مغني اللبيب" «مۇغنىللەبىب»، "شذور الذهب" «شۇزۇرۇززەھەب» (ئالتۇن دانىچىلىرى)، "قطر الندى وبل الصدى" «قەترۇننەدا ۋەبلۇسسەدا» (شەبنەم تامچىسى)، "الإعراب عن قواعد الإعراب" «ئەلئىئراب ئەن قەۋائىدىل ئىئراب» (ئەرەب تىلى گىراماتىكا قائىدىلىرى ھەققىدە بايان) ناملىق كىتابلىرى بار.

الهلال: (ئەلھىلال). ئەرەب تىلىدا نەشر قىلىنىدىغان ئايلىق ژۇرنال. ئۇنى جۇرجى زەيدان (ھ ?ـ 1310 / م ?ـ 1892) تەسىس قىلغان بولۇپ، ھازىرغىچە نەشر قىلىنىپ كېلىۋاتىدۇ.

هَمْدَانُ: (ھەمدان). 1. يەمەندىكى قەھتان قەبىلىسى. 2. يەمەن جۇمھۇرىيىتىدىكى بىر شەھەر. 3. ئىراننىڭ غەربىي قىسمىدىكى بىر شەھەر.

الهِنْدِيُّ، المحيط الهندي: (ھىندى، مۇھىيتۇل ھىندى). ھىندى ئوكيان. بۇ ئوكيان ئافرىقا، جەنۇبىي ئاسىيا، ئوكيانىيە ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. ھىندىستاندىن باشلاپ جەنۇبىي قۇتۇپقىچە تۇتىشىدۇ.

هود: (ھۇد). ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسەبى نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى سامغا تۇتىشىدۇ. ھۇد ئەلەيھىسسالام قۇرئاندا يەتتە ئورۇندا تىلغا ئېلىنغان. قۇرئاندا مەخسۇس بىر سۈرە ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان. ئاللاھ ئۇنى ئاد قوۋمىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن. ئاد قوۋمى بۇتپەرەس بولۇپ، تۇرمۇشى باياشات، پاراۋان ئۆتكەن. ھۇد ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا دەۋەت قىلغان. ئەمما، ئۇلار ئىمان ئېيتىشتىن باش تارتقان. ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى بىلەن ئۇلار قەھەتچىلىككە دۇچار قىلىنغان. ئاندىن يەتتە كېچە-كۈندۈز توختىماي چىققان بوراندا ھالاك قىلىنغان. ھۇد ئەلەيھىسسالام ئاد قەبىلىسى ھالاك قىلىنغاندىن كېيىن ۋاپات بولغانغا قەدەر ھەزرىمەۋت زېمىنىدا تۇرغان. ۋاپات بولغاندا ھەزرىمەۋتنىڭ شەرقىگە دەپنە قىلىنغان.

الهَيْثم، ابن الهيثم، أبو علي الحسن: (ھەيسەم، ئىبنى ھەيسەم، ئەبۇ ئەلى ھەسەن) (ھ 354ـ 431 / م 965ـ 1039). ماتېماتىكشۇناس. فىزىكىشۇناس، ئاسترونوم ۋە ئوپتىكىشۇناس. "علم المناظر" «ئىلمۇل مەنازىر»، "مقالة في الضوء" (نۇر ئىلمى) ناملىق ئەسەرلەر ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىم ئەسەرلىرىدىندۇر.

الهيثمي (نور الدين علي) : (ھەيسەمى، نۇرۇددىن ئەلى) (ھ ؟ ـ 807 / م ؟ ـ 1405). مۇھەددىس. قاھىرەدە تۇغۇلۇپ، شۇ يەردە ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ "موارد الظمآن" «مەۋارىدۇززەمئان» (تەشنالار بۇلىقى)، "مجمع الزوائد ومنبع الفوائد" «مەجمەئۇززەۋائىد ۋە مەنبەئۇل فەۋائىد» (پايدىلار مەنبەسى) ناملىق ئەسەرلىرى بار.

هَيكَل، محمد حسين: (ھەيكەل، مۇھەممەد ھۈسەين) (ھ 1306 ـ 1376 / م 1888 ـ 1956). مىسىرلىق سىياسىيون، ئەدىب. ئۇنىڭ "حياة محمد" «ھەياتۇ مۇھەممەد» (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى)، "ثورة الأدب" «سەۋرەتۇل ئەدەب» (ئەدەبىيات ئىنقىلابى) ناملىق ئەسەرلىرى بار. ئۇنىڭ ھىجرىيە 1332 ـ يىلى (مىلادىيە 1914 ـ يىلى) يازغان "زينب" «زەينەب» ناملىق رومانى ئەرەب رومانچىلىقىنىڭ باشلىنىشى بوپقالغان. نۇرغۇن قېتىم مائارىپ مىنىستىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن، شۇنداقلا پارلامېنت باشلىقى ۋە ئەركىن دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ رەئىسى بولغان.

و

الوأواء الدمشقي: أبو الفرج محمد بن أحمد (ۋەئۋەئۇد دەمەشقى، ئەبۇلفەرەج مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد) (ھ ?-385 / م ?-995). شائىر، دەمەشقتە تۇغۇلۇپ، شۇ يەردە ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ بىر شېئىرلار توپلىمى بار.

الواحدي (أبو الحسن علي): (ۋاھىدى، ئەبۇلھەسەن ئەلى) (ھ ?-468 / م ?-1076). نىيشاپۇرلۇق مۇپەسسىر ۋە تىلشۇناس. ئۇنىڭ "الوجيز" «ئەلۋەجىز» (قۇرئان كەرىمنىڭ قىسقىچە تەپسىرى)، "شرح ديوان المتنبي" «شەرھى دىۋانىل مۇتەنەببى» (مۇتەنەببى شېئىرلار توپلىمىغا شەرھ) ناملىق ئەسەرلىرى بار.

وادي القرى: (ۋادىل قۇرا). ھىجاز زېمىنىدىكى ئەلا بىلەن مەدىنە ئارىسىغا جايلاشقان ئويمانلىق. بۇ يەردە ھىجرى ۋە بەنى سەمۇد قوۋملىرىنىڭ خارابىلىقى بار.

واسِطُ: (ۋاسىت). ئىراقنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى تارىخىي شەھەر. ئۇنى ھەججاج ئىبنى يۇسۇف سەقەفى ھىجرىيە 83-يىلى (م 702) بىنا قىلغان.

واصل بن عطاء: (ۋاسىل ئىبنى ئەتا، ئەبۇ ھۇزەيفە) (ھ ?-131 / م ?-748). مۇئتەزىلە پىكىر ئېقىمىدىكى پەيلاسوپ. مەدىنىدە تۇغۇلۇپ، بەسرەدە ئولتۇراقلاشقان. ئۇنىڭ "معاني القرآن" «مەئانىل قۇرئان» (قۇرئان مەنىلىرى)، "المترلة بين المترلتين" «ئەلمەنزىلەتۇ بەينەلمەنزىلەتەين» (ئىككى مەنزىل ئارىسىدىكى مەنزىل)، "الخطب في التوحيد والعدل" «ئەلخۇتەب فىتتەۋھىد ۋەلئەدل» (تەۋھىد ۋە ئادالەت توغرىسىدىكى نۇتۇقلار) ناملىق ئەسەرلىرى بار.

الوافي بالوفيات: (ۋافىي بىلۋەفىيات) (ھ ?-765 / م ?-1363). سالاھۇددىن سەفدى تۈزگەن تەرجىمھال لۇغىتى. ئۇنىڭغا ئون تۆت مىڭ ئەتراپىدا نام-ئىسىم كىرگۈزۈلگەن.

الوَاقِدِيُّ، محمد بن عمر: (ۋاقىدى، مۇھەممەد ئىبنى ئۇمەر) (ھ 130-207 / م 747-822). تارىخشۇناس. مەدىنىدە تۇغۇلۇپ، باغدادتا ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ "المغازي" «ئەلمەغازى» (غازاتلار)، "فتوح الشام" «فۇتۇھۇ شام» (شامنىڭ فەتھى قىلىنىشى) ناملىق ئەسەرلىرى بار.

والبَةُ بن الحُباب: (ۋالىبەتۇ ئىبنى ھۇباب) (ھ ?-170 / م ?-786). كۇفەدە تۇغۇلۇپ، شۇ يەردە ۋاپات بولغان. شائىر ئەبۇ نۇۋاسنىڭ ئۇستازى. لىرىك شائىر. چېچەنلىكى ۋە تەلۋىلىكى بىلەن مەشھۇر بولغان.

الوَرْدِيُّ، ابن الوردي: (ۋەردى، ئىبنى ۋەردى، زەينۇددىن ئىبنى مۇزەففەر) (ھ 689-749 / م 1290-1348). سۇرىيىلىك شائىر، تارىخشۇناس، ئەدىب. ئۇنىڭ ئىبنى ۋەردى تارىخى دەپ تونۇلغان "تتمة المختصر في تاريخ أخبار البشر" «تەتىممەتۇل مۇختەسەر فى

تارىخى ئەخبارىل بەشەر» (ئىنسانلارنىڭ قىسقىچە تارىخى) ناملىق ئەسىرى بار.

وَرَقَةُ بن نَوفَل بن أسد: (ۋەرەقەتۇ ئىبنى نەۋفەل، ئىبنى ئەسەد) (م ؟ـ 611). جاھىلىيەت دەۋرىدىكى مەشھۇر دانىشمەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر بولىدىغانلىقىدىن ئالدىن بېشارەت بەرگەن.

الوزير، ابن الوزير، محمد بن إبراهيم، أبو عبد الله عز الدين: (ۋەزىر، ئىبنى ۋەزىر، مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم، ئەبۇ ئابدۇللاھ ئىززۇددىن) (ھ ؟ـ 840 / م ؟ـ 1436). يەمەنلىك كالامشۇناس ۋە فىقھشۇناس. زەيدىيە مەزھىپىدە. ئۇنىڭ "إيثار الحق على الخلق" «ئىيسارۇل ھەق ئەلەل خەلق» ناملىق ئەسىرى بار.

الوَشّاءُ، محمد بن أحمد، أبو الطيب: (ۋەششائ، مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد، ئەبۇ تەييىب) (ھ ؟ـ 325 / م ؟ـ 937). باغدادلىق شائىر ھەم تىلشۇناس ئەدىب. ئۇنىڭ "المُوَشَّى في الظرف والظرفاء" «ئەلمۇۋەششا فى زەرفى ۋە زۇرەفا» ۋە "زهر الرياض" «زەھرۇرىياز» ناملىق ئەسىرى بار.

الوطواط (رشيد الدين) : (ۋەتۋات، رەشيدۇددىن) (ھ ؟ـ 572 / م ؟ـ 1177). ئىرانلىق شائىر، ئەدىب. ئۇ پارس ۋە ئەرەب تىلىدا شېئىر يازغان. ئۇنىڭ "مجموعة رسائل" «مەجمۇئەتۇ رەسائىل» (ماقالىلەر توپلىمى) ناملىق ئەسىرى بار.

وَفَيَاتُ الأَعْيَانِ وأبناء الزمان: (ۋەفياتۇل ئەئيان ۋە ئەنبائۇ ئەززامان). ئىبنى خەللىكان تۈزگەن تەرجىمھال كىتاب. ئۇ بۇ كىتابتا يەتتە يۈز قىرىق ئالتە مەشھۇر كىشىنىڭ تەرجىمھالىدىن ئۇچۇر بەرگەن.

الوَقَائِعُ المِصريّة: (ۋەقائىئۇلمىسرىيە). ئەرەبلەردە ئەڭ تۇنجى بولۇپ نەشر قىلىنغان گېزىت. ئۇنى ھىجرىيە 1244 (م 1828)ـ يىلى مۇھەممەد ئىبنى ئەلى تەسىس قىلغان. بۇ گېزىتنىڭ باش مۇھەررىرلىك ۋەزىپىسىنى رىفائە تەھتاۋىي، ھەسەن ئەتتار، ئەھمەد پارىس شىدياق ۋە مۇھەممەد ئابدۇلار ئۆتىگەن. بۇ گېزىت تا ھازىرغىچە رەسمىي يوسۇندا نەشر قىلىنىپ كەلمەكتە.

وكيع بن الجراح أبو سفيان الكوفي: (ۋەكىيئ ئىبنى جەرراھ). ئىمام ئەزەمنىڭ شاگىرتى، ئۇ مۇھەددىس ئىمام ئەبۇ يۇسۇف، ئىمام زۇفەرلەردىن ھەدىس ئۆگەنگەن. ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك، يەھيا ئىبنى ئەكسەم، ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، يەھيا ئىبنى مەئىنلار بۇ زاتتىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان. بۇ زات تەبىئى تابىئىنلارنىڭ چوڭلىرىدىن ئىدى.

الوليد بن عبد الملك: (ۋەلىد ئىبنى ئابدۇلمەلىك) (ھ 48ـ 96 / م 668ـ 715). دەمەشقتىكى ئۇمەۋىيلار سۇلالىسىنىڭ ئالتىنچى خەلىپىسى. ئۇنىڭ دەۋرىدە دۆلەت زېمىنى كېڭەيگەن. دەمەشقتىكى ئۇمەۋىي جامەسىنى مۇشۇ كىشى بىنا قىلدۇرغان.

وهب بن منبه: (ۋەھب ئىبنى مۇنەببەھ) (ھ ؟ـ 114 / م ؟ـ 732). تابىئىنلاردىن بولغان تارىخشۇناس. ئۇ بۇرۇنقى كىشىلەر ۋە پەيغەمبەرلەر ھەققىدىكى مەلۇماتى ئارقىلىق داڭق چىقارغان. ئۇ يەمەننىڭ سەنئادا تۇغۇلۇپ، شۇ يەردە ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ "التيجان في ملوك حمير" «تىيجان فى مۇلۇكى ھىمیەر» (ھىمیەر پادىشاھلىرى توغرىسىدا) ناملىق ئەسەرلىرى بار.

ي

اليَازِجي، إبراهيم بن ناصيف: (يازجى، ئىبراھىم ئىبنى ناسىف) (ھ 1264 ـ 1324 / م 1847 ـ 1906). لىۋانلىق. ئۇ ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن ئەدىب ۋە مۇتەپەككۇر، تىلشۇناس، ژۇرنالىست. ئۇنىڭ "نجعة الرائد و شرعة الوارد فى المترادف و المتوارد" «نەجئەتۇررائىد ۋە شىرئەتۇل ۋارىد فىل مۇتەرادىپ ۋەلمۇتەۋارىد» (مەنىداش سۆزلەر لۇغىتى) قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

أليازجي الشيخ ناصف بن عبدالله: (يازجى، شەيخ ناسىف ئىبنى ئابدۇللاھ) (ھ 1215 ـ 1288 / م 1800 ـ 1871). ئۇ لىۋاننىڭ كۇفرى شىما دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان. تىلشۇناس، شائىر. ئۇنىڭ گراماتىكا ھەققىدە يازغان "طوق الحمامة" «تەۋقۇل ھەمامە»، "مجمع البحرين" «مەجمەئۇل بەھرەين» ناملىق لۇغەت كىتابى، "العرف الطيب في شرح ديوان أبي الطيب" «ئەلئۇرفۇتتەييىب فى شەرھى دىۋانى ئەبى تەييىب» (مۇتەنەببىي دىۋانىنىڭ شەرھى) ناملىق ئەسەرلىرى بار.

يَاقُوتُ الحَمَوِيُّ، ياقوت بن عبد الله: (ياقۇت ھەمەۋىي، ياقۇت ئىبنى ئابدۇللاھ) (ھ 583 ـ 627 / م 1178 ـ 1229). رۇملۇق. جۇغراپىيە ئالىمى، تارىخشۇناس. ئۇنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن "معجم البلدان" «موئجەمۇل بۇلدان» (جۇغراپىيە ئېنسىكلوپېدىيىسى)، "معجم الأدباء" «موئجەمۇل ئۇدەبا» (ئەدىبلەر تەرجىمھالى) نامىدا تونۇلغان "إرشاد الأريب إلى معرفة الأديب" «ئىرشادۇل ئەرىب ئىلا مەئرىفەتىل ئەدىب» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

يتيمة الدّهر: (يەتىمەتۇددەھرى). ئەبۇ مەنسۇر سەئالىبى تۈزگەن تەرجىمھال كىتاب. ئۇنىڭدا ھىجرىيە بەشىنچى ئەسىردە ئۆتكەن شائىرلارنىڭ تەرجىمھالى ۋە ئۇلارنىڭ شېئىرلىرى بېرىلگەن.

يثرب: (يەسرىب). مەدىنىنىڭ ھىجرەت (مىلادىيە 622 ـ يىلى) دىن بۇرۇنقى ئاتىلىشى.

يحيى بن أكثم: (يەھيا ئىبنى ئەكسەم) (ھ ? ـ 242 / م ? ـ 857). چوڭ فەقىھ. خۇراساننىڭ مەرۋى دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان. مەئمۇننىڭ دەۋرىدە باغدادتا قازىكالانلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. مۇتىۋەككىل ئۇنى قازىلىقتىن قالدۇرغان.

يحيى بن أكثم القاضي: (يەھيا ئىبنى ئەكسەمۇل قازى). مەشھۇر ئالىم. ئىمام بۇخارى، تىرمىزىلەر بۇ زاتتىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان. بۇ زات يىگىرمە يېشىدىلا بەسرەنىڭ قازىسى بولغان. بەسرە ئاھالىسى ئۇنىڭدىن: «قازى ئاخۇنۇمنىڭ يېشى قانچىلەردە باردۇ؟» دەپ سورىغاندا، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى كىچىك چاغلاۋاتقىنىنى بىلەپ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەمەنگە قازى قىلىپ تەيىنلىگەن مۇئاز ئىبنى جەبەلدىن چوڭمەن» دېگەن.

يحي بن زكريا كوفى: (يەھيا ئىبنى زەكەريا كۇفى) (ھ 737 ـ 798 / م 119 ـ 182). كۇفىلىق ئالىم. مەدائىنىدا ۋاپات بولغان. تەھاۋىينىڭ ئېيتىشىچە، ئىمام ئەزەم (ئەبۇ ھەنىفە) نىڭ قىرىق نەپەر شاگىرتى كىتاب يازغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىمام ئەبۇ يۇسۇف، ئىمام مۇھەممەد، ئىمام زۇفەر، داۋۇد تائىي، ئەسەد ئىبنى ئەمىر، يۇسۇف ئىبنى خالىد ۋە يەھيا ئىبنى زەكەرىيالار ئالدىنقى قاتاردىكى ئون كىشىنىڭ ئىچىدە تۇرىدۇ.

يحيى بن يعمر الوشقي الأوداني (أبو سليمان): (يەھيا ئىبنى يەئمەرىل ۋەشەقىل ئەۋدانى، ئەبۇ سۇلەيمان) (ھ ?ـ 129 / م ?ـ 746). بۇ زاتنىڭ بىرىنچى بولۇپ چېكىت قويۇپ چىققان قۇرئان كەرىم نۇسخىسى ئالىم ئىبنى سىيرىيىنىڭ يېنىدا ساقلانغان. تابىئىنلاردىن بولۇپ، خۇراساندا يەزىد ئىبنىل مۇھەللەبكە كاتىپ بولغان. قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىم تەرىپىدىن رەي شەھىرىگە قازىلىققا تەيىنلەنگەن.

يزيدُ بن مُعاوِيَة: (يەزىد ئىبنى مۇئاۋىيە) (ھ 25 ـ 64 / م 645 ـ 683). شامدىكى ئۇمەۋىيلار سۇلالىسىنىڭ ئىككىنچى خەلىپىسى. قۇستەنتىنىيە فەتھىسىگە قوماندانلىق قىلغان. ئۇنىڭ دەۋرىدە شىمالىي ئافرىقىنى فەتھى قىلىش ھەرىكىتى جانلانغان. ھىجرىيە 61 ـ يىلى (مىلادىيە 680 ـ يىلى) ئۇنىڭ ئادەملىرى ھۈسەين ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

يَعْـرَبُ بن قَحْطَان: (يەئرەب ئىبنى قەھتان). يەمەندىكى ھىميەر پادىشاھلىرىنىڭ بوۋىسى. ئۇ ئەرەب تىلىدا سۆزلىگەن كىشىنىڭ تۇنجىسى دېيىلىدۇ.

يَعقوب: (يەئقۇب). يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ئىسھاق ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىندۇر. تەۋراتتا يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ئىسرائىل دەپ ئاتالغان. بۇ ئىبرانىچە سۆز بولۇپ، ئاللاھنىڭ بەندىسى دېگەن مەنىدە. تارىخچىلارنىڭ ئېيتىشىچە، يەئقۇب ئەلەيھىسسالام پەلەستىندە تۇغۇلغان. بىر قېتىم يەئقۇب ئەلەيھىسسالام چۈشىدە پەرىشتىلەرنىڭ ئاسمانغا چىقىپ چۈشۈۋاتقانلىقىنى، ھەمدە ئاللاھنىڭ ئۇنىڭغا: «مەن ساڭا بەرىكەت ئاتا قىلىمەن، نەسلىڭنى كۆپەيتىمەن، بۇ زېمىننى ساڭا ۋە سەندىن كېيىنكى ئەۋلادلىرىڭغا بېرىمەن» دەۋاتقانلىقىنى كۆردى. بۇ خۇش بېشارەت چۈشتىن كېيىن ئۇ ئاللاھ ئۈچۈن بىر ئىبادەتخانا سېلىشنى ئۈستىگە ئالدى. بۇ جاي بەيتۇللاھ دەپ ئاتالدى. مانا بۇ يەئقۇب ئەلەيھىسسالام بىنا قىلغان بەيتۇلمۇقەددەستۇر. يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئون ئىككى ئوغلى بولۇپ، بەنى ئىسرائىل قوۋمىنىڭ ئون ئىككى قەبىلىسى مۇشۇ ئوغۇللاردىن كېلىپ چىققان. يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ئوغلى يۇسۇف ئەلەيھىسسالام بىلەن جەم بولغاندىن كېيىن، مىسىردا بىر يۈز قىرىق يەتتە يېشىدا ۋاپات بولغان. يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئاتىسىنىڭ ۋەسىيتى بويىچە ئۇنى پەلەستىنگە ئېلىپ بېرىپ ئىسھاق ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا دەپنە قىلغان.

اليعقوبي، أحمد بن واضح: (يەئقۇبى، ئەھمەد ئىبنى ۋازىھ) (ھ ?ـ 284 / م ?ـ 897). باغدادلىق تارىخشۇناس، جۇغراپىيە ئالىمى، ئېكسپېدىتسىيىچى. ئۇنىڭ "تاريخ اليعقوبي" «تارىيخۇل يەئقۇبىي»، "كتاب البلدان" «كىتابۇل بۇلدان» ناملىق ئەسەرلىرى بار.

يعيش، ابن يعيش، أبو البقاء يعيش بن علي:

(يەئىش، ئىبنى يەئىش، ئەبۇ بەقا، يەئىش ئىبنى ئەلى) (ھ 557ـ652 / م 1161ـ1254). ھەلەبلىك گراماتىكشۇناس. ئۇنىڭ زەمەخشەرىينىڭ كىتابىغا يازغان "شرح المفصل" «شەرھى مۇفەسسەل» ۋە ئىبنى جۇنەينىڭ كىتابىغا يازغان "شرح التصريف الملوكي" «شەرھى تەسرىفىل مۇلۇكى» ناملىق ئەسەرلىرى بار.

يَكَنْ، وَلِيُّ الدِّين: (يەكەن، ۋەلىيۇددىن) (ھ 1290ـ1340 / م 1873ـ1921). مىسىرلىق ئەدىب. تۈرك مىللىتىدىن. يېڭى دەۋر ئەرەب ئەدەبىياتى تۆھپىكارى. ئۇ «ئىستىقامەت» گېزىتىنى تەسىس قىلغان. بىر توپلىمى ۋە نۇرغۇن كىتابلىرى بار.

يَهُودِيَّةٌ، اليهودية: (يەھۇدىيەت، ئەلىيەھۇدىيەت). يەھۇدى دىنى. بۇ دىن مۇسا ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق ئىبرانىيلار ئارىسىدا تارقالغان.

يُوسُف: (يۇسۇف). يۇسۇف ئەلەيھىسسالام يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى. نەسەبى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا تۇتىشىدۇ. يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمى قۇرئان كەرىمدە يىگىرمە ئالتە ئورۇندا تىلغا ئېلىنغان. يۇسۇف ئەلەيھىسسالام بەنى ئىسرائىل پەيغەمبەرلىرىنىڭ مەشھۇرلىرىدىندۇر. ئۇ يۇسۇف سىددىق (راستچىل يۇسۇف) دەپ تەرىپلەنگەن. قۇرئاندا مەخسۇس بىر سۈرە ئۇنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان. ئۇنىڭدا يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ كىچىكىدە كۆرگەن چۈشى، قېرىنداشلىرىنىڭ ھەسەتخورلۇقتىن ئۇنىڭغا سۇيىقەست قىلغانلىقى، مىسىردىكى رىيازەتلىك كەچمىشلىرى، پادىشاھنىڭ كۆرگەن چۈشىگە توغرا تەبىر بېرىپ، زىنداندىن قۇتۇلۇپ، دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا تەيىنلىنىشى، كىچىكىدە كۆرگەن چۈشىنىڭ راستقا ئايلىنىپ كاتتا ئورۇنغا ئىگە بولغانلىقى قاتارلىق ئەھۋاللار بايان قىلىنغان. يۇسۇف ئەلەيھىسسالام بىر يۈز ئون يىل ئۆمۈر كۆرگەن. ئۇ مىسىردا ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرۇپ ۋاپات بولغان ۋە مىسىرغا دەپنە قىلىنغان. ئىشەنچلىك رىۋايەتكە قارىغاندا، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ جەسىتى مىسىردىن يۆتكىلىپ، نابۇلۇسقا دەپنە قىلىنغان.

يُوسُفُ بن تَاشفين: (يۇسۇف ئىبنى تاشفىن) (ھ 410ـ500 / م 1019ـ1106). مورابىتىين شاھلىرىنىڭ ئەڭ چوڭى. ماراكەش شەھىرىنى بىنا قىلغان. زەلاقەت ئۇرۇشىدا ئىسپان پادىشاھى ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان.

يوسف بن قزار محمد بن عبدالله: (يۇسۇف ئىبنى قەززار مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ) (ھ 581ـ654 / م 1186ـ1256). ھاپىز ئەبۇلفەرەج ئىبنى جەۋزىنىڭ نەۋرىسى. فەقىھ، تارىخشۇناس ئالىم. كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى يازغان. "شرح جامع الكبير" «شەرھى جامىئۇل كەبىر»، "إيثار الإنصاف" «ئىيسارۇل ئىنساف» يىگىرمە توققۇز جىلدلىق قۇرئان تەپسىرى، رەسۇلۇللاھنىڭ تەرجىمھالى ھەققىدە "منتهى الصواب" «مۇنتەھەسسەۋاب»، ھەدىسكە ئائىت "اللوامع" «ئەللەۋامىئ»، قىرىق جىلدلىق تارىخ "مرآة الزمان" «مىرئاتۇززامان» (زامان ئەينىكى) ناملىق كىتابلارنى يازغان.

يُونُس: (يۇنۇس). يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسەبى يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى بۇنيامىنغا تۇتىشىدۇ. ئۇنىڭ ئىسمى قۇرئان كەرىمدە تۆت ئورۇندا تىلغا ئېلىنغان. ئاللاھتائالا ئۇنى ئىراقتىكى

نىنەۋەي دېگەن جايغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن. نىنەۋەي ئاھالىسى بۇتپەرەس بولۇپ، يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلمىغان. بۇنىڭدىن ئۈمىدسىزلەنگەن يۇنۇس ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ رۇخسىتىسىز يۇرتنى تاشلاپ چىقىپ كەتكەن. ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن يۇنۇس ئەلەيھىسسالام چىققان كېمە قاتتىق دولقۇنغا دۇچ كېلىپ، كېمىدىن ئادەم تاشلاش چېكى يۇنۇس ئەلەيھىسسالامغا چىققان ۋە دېڭىزغا تاشلانغاندا چوڭ بىر بېلىق يۇتۇۋەتكەن. ئۇ بېلىقنىڭ قارنىدا تۇرۇپ، ئۆز خاتالىقلىرىغا پۇشايمان قىلىپ، تەۋبە ئىستىغپار ئېيتقان. ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن بېلىق يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنى قىرغاققا ئاتقان. يۇنۇس ئەلەيھىسسالام قىلغانلىرىغا تەۋبە قىلىپ، نىنەۋەي ئاھالىسىگە قايتىپ كېلىپ، قايتىدىن ئەمرىمەرۇپنى باشلىغان.

يُونُس بن حبيب الضبي: (يۇنۇس ئىبنى ھەبىب زەببى) (ھ 92 ـ 182 / م 710 ـ 798). بەسرەلىك تونجى ئەۋلاد گراماتىكشۇناس ۋە شۇ پەننىڭ بايراقدارى. ئۇنىڭ "القياس في النحو" «ئەلقىياس فىننەھۋى» (گراماتىكىدا ھەققىدە پەرەز)، "معاني القرآن" «مەئانىل قۇرئان» (قۇرئاننىڭ مەنىلىرى) ناملىق ئەسەرلىرى بار

ملحقات

(قوشۇمچە)

لۇغەتتە مىسال ئۈچۈن بېرىلگەن شېئىرىي مىسرالارنىڭ تولۇق تېكىستلىرى

الدر المنضد من قصائد الوالد والولد

آثرت أن أقدم هذه المجموعة الشعرية بين يدي القراء ليروا كيـــف اجتمع للوالد والولد عناصر الجدة والابتداع في الأدب العـــربي في بيئة غير عربية فمن الأسف أن يد الضياع قد عبثت بقدر غير يسير من القصائد فبقيت ما تضم المجموعة من قـــصائد الوالـــد والولـــد فسميتها: **"الدر المنضد من قصائد الوالد والولد"**

قصائد الوالد [1]

[1] هو الأستاذ العلامة الشيخ الحاج صالح داملام من مواليد كاشغر عام 1313 هـ 1895 م. تتلمذ على كبار العلماء في عصره في مصره فصار عالما ضليعا متفننا في الفضائل العلمية إذ أثير موضوع علمي ديني جرى كالسيل, أن ثقافته الواسعة العميقة كانت نتيجة لتتلمذه على أساتذة أجلاء اشتهر منذ نشأ بعلو الهمة وصدق العزيمة كان له منهج مبتكر في تعليم العلوم العربية يؤمها طلبة العلم من الأطراف كما كان له منزلة علمية عالية وشهرة واسعة في البلاد. أحبه علماء العصر وأقروا له بالفضل فاجتمعوا على توليته القضاء فعين قاضي القضاة سنة 1946 م فنهض به خير نهوض فكان مثال النزاهة والاستقامة في قضائه فكان له اتجاها ساميا في تزكية النفس وتهذيب الأخلاق مثابرا على الأمر بالمعروف والنهي عن المنكر. كان حافظا للقرآن الكريم مجودا لحروفه كثير التلاوة له توفي إلى رحمة الله تعالى سنة 1377 هـ 1957م.

من مؤلفاته:

1. "تراجم رجال الحديث"
2. "الخطب المنبرية"
3. "منهاج التعليم"
4. "عقد المرجان في نظم العنوان"
5. "عنوان الصرف"
6. "تجويد القرآن"

1206

قصيدة مشتملة على مدح تأسيس الجمعية الإسلامية في الصين أنشدها الأستاذ الأديب الحاج صالح داملام حين اشترك في مجلس التأسيس

بشرى لنا

بشرى لنا أسست جمعية كبرت   جمعية الدين يعني دين إسلام
نجيب دعوتها طرا بتكرمة   ونفتديها بأرواح وأجسام
لها محاسن غر جل موقعها   وسرنا شرفا تشكيلها السامي
أعضائها انتخبت من معشر غرر   أفاضل علماء العصر أعلام
أكرم بجمعية ميمونة شرفت   جلت مناقبها عن زبر[1] أقلام
عم الورى صيت ذكريها فأطربهم   وألهم الطيب فيهم أي إلهام
فمن نتائجها دار العلوم لها   شأن كبير سيبدو بعد أعوام
لها تلاميذ ربتها بتربية   دينية ذات حدس[2] طول أيام
جمعية لم تشكل قبل ذالك في   بلادنا يا لها من فضل انعام
ونحن نأمل في إجراء عنعنة ال   إسلام إسعادها مع سعيها النامي
نرجو قيادة أحزاب لها أبدا   من لطف رب الورى للغيب علام
وتلك جمعية الإسلام طيبة   جليلة ذات تشريف و إكرام
أنشدت نظما أهنيها أخا عجل   يا أهل فضل أقيلوا بعض إبهام

بۇ شېئىر ئۇستاز، ئەدىب سالىھ داموللا ھاجىمنىڭ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى قۇرۇلغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن يازغان شېئىرى.

ئاساسىي مەزمۇنى:

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى تەسىس قىلىشقا تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتىگە ئۇستاز، ئەدىب سالىھ داموللا ھاجىمۇ قاتناشقانىدى. رەسمىي ئېچىلىش مۇراسىمىدا داموللا ھاجىم يۇقىرىقى شېئىرنى يېزىپ ئوقۇپ، يىغىن قاتناشقۇچىلىرىنىڭ بىردەك ئالقىشىغا ئېرىشتى.

داموللا ھاجىم بۇ شېئىردا، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى قۇرۇلۇپ، ھەممىنى خۇشاللىققا چۆمدۈرگەنلىكى، ئىسلام جەمئىيىتى ئەزالىرىنىڭ ئىلىمزدىكى داڭدار ئۆلىمالاردىن تەركىب تاپقانلىقى، ئۇلارنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىنىڭ كەڭلىكى، جەمئىيەتنىڭ چاقىرىقىغا بىردەك ئاۋاز قوشۇپ، كۆز ئالدىمىزدىكى ۋەزىپىلەرنى جان-دىلىمىز بىلەن ئورۇنلاشنىڭ زۆرۈرلۈكى، ئىسلام

[1] زبر: كتابة   [2] حدس: الفراسة

1207

جەمئىيىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىسلام ئىنستىتۇتى قۇرۇلۇپ، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي ئىزباسارلارنى يېتىشتۈرۈشنىڭ كاپالەتكە ئىگە قىلىنغانلىقى قاتارلىقلار ئۈستىدە توختالغان.

قال الأستاذ الأديب مؤرخا في بناء الجامع الكبير الكائن بآرتوج من مضافات بلدة كاشغر

الجامع الميمون

لك الحمد يا ذا العرش خالق أكوان … على مافرغنا عنه من شيد بنيان

حمى طاعة لله بقعة قربة … منارة اسلام وعلم وعرفان

مصلى سبى لما تبدى نهى الورى … برفعة حيطان وزينة ميدان

محل تجلى الله بالفيض والهدى … مقام يؤدي فيه أفضل أركان

أنيق[1] بديع حاز كل محاسن … وليس له في سبق ما حازه ثاني

هو الجامع الميمون[2] اسس محكما … رفيعا على تقوى الإله ورضوان

حكى جنة خضراء ذات نضارة [3] … اريجتها[4] فاحت كمسك وريحان

فلا غرو لو آرتوج خير أماكن … به في القرى كانت وابهج أوطان

عفا الله عمن انفقوا لبنائه … عقائل[5] أموال وأطيب أثمان

وأرضاهم بالفوز طرا بجنة … وأكرهم فيها بحور وغلمان

فهم أنفقوا مما تحبون قاصدى … مبرة إحسان وفضل وغفران

وسنوا بهذا سنة ذات بهجة … ففازوا من الباري بأضعاف إحسان

بنى الله بيتا في الجنان منورا … لمن كان يبني مسجدا غير منان

الا فاتقوا ثم اتقوا في صلاتكم … إلهكم يا أهل يمن وإيمان

وكونوا إليه تائبين فإنه … يتوب عليكم إن بليتم بعصيان

وإن تسمعوا صوت الأذان فسارعوا … فلا جاز تاخير لسامع إعلان

وراعوا مواقيت الصلاة وحافظوا … عليها بإسباغ الوضوء وإتقان

---

[1] أنيق: حسن, معجب

[2] الميمون: المبارك

[3] نضارة: حسن, جمال

[4] أريجة: الريح الطيبة

[5] عقائل: أكرم

وكونوا مع الباري بها حاضري النهى　　فلم يك في قلب امرأ قط قلبان
إذا مادخلتم فاركعوا ركعتين إذ　　تحية بيت الله عالية الشان
ألا فادخلوه خائفين وجانبوا　　هراء[1] وإغفاء[2] وغفلة اذهان
وسووا صفوفا إذ غدت فرجة بها　　كما قال خير الرسل مدخل شيطان
خذوا زينة منكم لديه وزينوا　　بأصواتكم تالين آيات قرآن
تعالوا سراعا ثم صلوا جماعة　　تؤدونها في الوقت من غير نسيان
فأوجبها بعض علينا وإنها　　مؤكدة في مذهب الحبر نعمان
يخالفها أهل النفاق ذووالشقا　　قلوبهم رانت[3] بإثم وعدوان
إقامتها في البيت فذا بدونها　　لينقص قدراً أجرها أي نقصان
عليكم بتقوى الله يا قوم واذكروا　　كثيرا وأنتم فيه أكرم ضيفان
فخير الورى من كان رطبا لسانه　　بذكر إله غافر الذنب رحمان
ولما أشادوه وراق روائه[4]　　وتم بشكل ضاء كالبدر نوراني
لعام فراغ الشغل أنشد صالح　　لقد تم بيت الرب أجزل بنيان

1373هـ

بۇ، ئۇستاز، ئەدىب سالىھ دامۇللا ھاجىمنىڭ 1953 ـ يىلى ئاتۇش شەھىرىگە سېلىنغان چوڭ جامەگە ئاتاپ يازغان قەسىدىسى.

ئاساسىي مەزمۇنى:

قەسىدىدە جامەنىڭ ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈشى، كۆركەم قۇرۇلۇشى، ئېگىز مۇنارلىرى، كەڭ سەيناسى، مەزمۇت تۈۋرۈكلىرى تەسۋىرلەنگەن. دامۇللا ھاجىم: «جامەنىڭ كاتتىلىقىدا يەنە بىر ئوخششىنى تاپقىلى بولمايدۇ، مۇشۇ ھەيۋەتلىك جامە بىلەن يۇرتلار ئارىسىدا ئاتۇشنىڭ شۆھرىتى نامايان بولدى» دېيىش ئارقىلىق جامەنىڭ يىراق-يېقىنلاردىكى داڭقىنى ئوبرازلىق ئىپادىلىگەن. قەسىدىدە يەنە بۇ مەسجىدنىڭ قۇرۇلۇشىغا ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن كۈچ چىقارغان ۋە ياردەم قىلغان خەير-ساخاۋەت ئىگىلىرىنىڭ ھىممىتى، كەڭ قوللۇقى، ياخشى ئىشلارغا پۇل-مال سەرپ قىلىشتىكى سېخىيلىقى، ساۋابلىق ئىشلاردا ئۆچمەس ئىز قالدۇرغانلىقى ۋە كېيىنكىلەرگە ياخشى ئۈلگە تىكلەپ بەرگەنلىكى مەدھىيىلەنگەن. قەسىدىنىڭ ئاخىرقى مىسراسىدا ئەبجەد ھېسابى بويىچە مەسجىدنىڭ پۈتكەن ۋاقتى چىقىرىلغان.

---

[1] هراء: نبح الكلب, الكلام الكثير الفاسد
[2] إغفاء: نام نومة خفيفة
[3] ران: غلب وغطى
[4] رواء: حسن المنظر

سبب إنشاء هذه القصيدة انه وقع بين شقيقي الحافظ الكتاب الله المرحوم عبدالحي و بين الأسرة بعض الإختلافات فبعث الأستاذ الأديب الوالد هذه القصيدة الى ابنه المذكور يعاتبه ويعظه و يستطيل غيبته و يستحثه غلى العودة الى الأسرة

يا قرة العين

نوائب الدهر فكت[1] كل أوصالي[2] وزلزلت طود[3] صبري أي زلزال
تركت بحرا يروي كل ذي عطش مستسقيا كل مزن[4] غير هطال[5]
فررت عني عبد الحي تطلب من غيري التعلم حيدا مزعج البال
إن كنت تدري فأنت اليوم منخدع فيما تروم عن الضحضاح[6] بالآل[7]
بني فارجع وبادر نحونا عجلا ان الحشا أحرقته نار بلبال[8]
تفز هديت ببر الوالدين فما ابهى رضائهما يا فخري العالي
كلاهما كبر الأهرام قد بلغا فاخفض جناحك وارحم غير مختال
ولاتقل لهما أف وقل لهما قولا كريما تجده خير أعمال
ان لم تجب والدا يدعوك تبغضه فذاك احسبه من شؤم اقبالي
يا أيها القارئ النحرير دع عوجا ففرقت منه أعمالي و اشغالي
ها قد فتحت وان اغلقت باب رضى من حدة الطبع جهلا باب اجمال
لو مطرة من سحاب العفو منك همت علي تهمل هجرا أي اهمال
ان كنت تسلو[9] عني يا أخا أدب وان جفوت فاني لست بالسالي
لا اكتم البغض الاريث انشره وقد سمعت مرارا نصح أقوالي
أراك تشكو مدى الأيام ذا دأب[10] تبدل النفس من حال إلى حال

[1] فكت: فصلت

[2] وصل ج أوصال: كل عضو على حدة

[3] الطود: الجبل العظيم

[4] المزن: السحاب

[5] هطل: نزل متتابعا متفرقا عظيم القطر

[6] الضحضاح: الماء اليسير أو القريب القعر

[7] ا ل: السراب أو هو ما يشاهد في الضحى كالماء بين ا رض والسماء كأنه يرفع الشخوص

[8] بلبال: شدة الهم

[9] سلا يسلو سلوا الشيء: نسيه, وذهل عن ذكره وهجره

[10] الدأب: العادة / الشأن

كان نفسك من طين الشجي[1] خلقت   اذا الورى خلقوا من طين صلصال

صحبت بؤس النوى عني تحببه   أما علمت بأن القرب أولى لي

يا قرة العين[2] يا نور الجنان اجب   ابا رحيما شفيقا سيئ الفال

ان جئتني مسرعا افديك من جذل[3]   بالروح يا مهجتي والنفس والمال

لاتكثر الهم في الأحوال تذكرها   فالحر منطلق عن كل أثقال

واذكر لك ابنا ينادي كل آونة   يقول يا ابتي يا ناظرا حالي

وهل نسيت ضياء الشمس فلذتك ال   بيضاء عائشة من زبدة الآل

تبكي قعيدتك الزهراء من اسف   على فراقك منها ذات اطفال

فوض إلى الله منقادا أمورك يا   من استعان باكثار و اقلال

فاستشفه قاصدا للخير منتجعا[4]   ولاترم غيره في كل أهوال

يا رب يا شافي الأمراض عافه إذ   في دفعه لم تفدنا صرف أموال

كم من طبيب راه ثم عالجه   فما أفاد شفاء قدر مثقال

أيدى الاسا وعقاقير[5] الشفا عييت   وقد تكرر منه شرب اسهال

لذنا ببابك رجائين عافية   يا أرحم الراحمين الطف بإفضال

للهم صن و اطل فينا سلامته   فإنه في عيالي خير أشبالي[6]

1367 ربيع الثاني 25 هـ

ئۇستاز، ئەدىب سالىه داموللا ھاجىمنىڭ ئوغلى ئابدۇلھەي مۇرەتتەپ قارىي يېتىلگەن ئالىم بولۇپ، ئائىلىۋى ئىناقسىزلىق تۈپەيلىدىن ئىلىم تەھسىل قىلىش نىيىتىدە قەشقەر شەھىرى مەدرىسىسىگە بېرىۋالىدۇ. داموللا ھاجىم بۇ قەسىدىنى يېزىپ، ئوغلىنى ئائىلە ئىتتىپاقسىزلىقىنى تۈگىتىپ قايتىپ كېلىشكە، ئۆزىدە ئوقۇۋاتقان دەرسىنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئۈندەيدۇ.

ئاساسىي مەزمۇنى:

داموللا ھاجىم ئوغلىنىڭ شەھەر مەدرىسىسىدە ئوقۇيمەن دەپ كەتكەنلىكىنى ئىلىم تەشنالىرىنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرىدىغان ئۆزىگە ئوخشاش ئىلىم دېڭىزىنى تاشلاپ، يامغۇرسىز بۇلۇتتىن سۇ تەلەپ قىلغانغا ئوخشىتىدۇ. شۇنىڭدەك ئوغلىنىڭ شەھەرگە كېتىشى بىلەن يۈرىكىگە پىراق ئوتىنىڭ تۇتىشىپ كەتكەنلىكىنى، ئوغۇل بالىنىڭ ياشىنىپ قالغان ئاتا-ئانىسىنىڭ قېشىدا بولۇشى لازىملىقىنى، ئاردا ئۆتۈلگەن ئىشلارنى قىلچىمۇ كۆڭۈلگە ئالماسلىقنى، ئۆتكەن ئىشلارنىڭ

---

[1] الشجي: الحزين

[2] قرة العين: ما تقر به العين

[3] جذل: فرح

[4] منتجعا: طالبا معروفه

[5] العقار ج عقاقير: ما يتداوى به من النبات

[6] أشبالي: أولادي

ھەممىسىگە سالاۋات دېيىشى كېرەكلىكىنى، قارنى-كۆكسىنى كەڭ تۇتۇشى زۆرۈرلۈكىنى ئەسلىتىش بىلەن، ئاغرىق ئوغلىنىڭ كېسىلىگە شىپالىق تىلەپ سۆزىنى تاماملايدۇ.

قصيدة نظمها الأستاذ الأديب يؤنب الشيخ يعقوب على إنكاره المذاهب الفقهية

عليك أسنى تحية

عليك أيا يعقوب أسنى تحية	معطرة الأرجا[1] بأزكى أريجة[2]
أتت منك تحيي لي الفؤاد قصيدة	تتيه[3] على القرطاس تيه الخريدة[4]
تبدت بألفاظ كدر تلألأت	وغر نقاط كالنجوم المضيئة
مضامينها أغلى وأرفع قيمة	إذا كسدت سوق المعاني وعزت
فلما أتتني قلت غارق نورها	قدوم كتاب أم بدو فريدة
فلا غرو ان تزداد حسنا وإنما	بهاجة[5] مصنوع بجودة صنعة
صنيعة حسان الزمان غطمطم[6] الـ	العلوم قريع[7] المجد صاحب فطنة
تلألأ سيماه بحسن خلاله[8]	يدل بلا شك على طيب طينة[9]
فما كان يلهيه زخارف ثروة	عن العلم والتقوى وكل فضيلة
أفاد بفيه الناس غر مواعظ	كما نالهم بالكف بيض عطية
فعم ذوي الفاقات طرا نواله	وآوى جدا أصحاب فقر وغربة
له ناطق مع فضل علم و صامت	فاحسن بذي علم وصاحب ثروة
مدحت وان أكثرت مدحا فدونه	مدائح كالأنوار فيه تجلت
أتاح له الرحمان علما ومحتدا[10]	اثيلا[11] وقلبا مخبتا[12] أي مخبت
أيعقوب في التسليم يعقوب في الرضا	جهينة في الاخبار يوسف بهجة

[1] الرجا ج أرجاء: الناحية
[2] أريج م أريجة: الريح الطيبة
[3] تاه يتيه تيها: تمايل
[4] الخريد: البكر لم تمس
[5] بهاجة: حسن
[6] الغطمطم: البحر العظيم
[7] قريع: سيد
[8] الخلة ج خلال: الخصلة
[9] الطينة: الخلقة والجبلة
[10] المحتد: ا صل
[11] أثيل: المتأصل في الشرف
[12] مخبت: منكسر

إذا شـاب منـك الحـب في أوانـه ... لفـرط اشـتياقي فيـك مـني اذا فتـى
إذا كانـت الأذكـار أوراد صـبحهم ... فـذكراك وردي طـول يومـي وليلتـي
نـصحت وقـد أوضـحت يـا خـير ناصح ... فهـل مـن إبـاء عنـد صـفو النـصيحة
نـصحت بحكـم مـن كتـاب وسـنة ... وتـرك قفـو[1] باجتهـاد الأئمـة
أئمـة ديـن الله أركـان مذهـب ... مـصابيح إسـلام بـدور الـشريفة
وهـم أخـذوا أحكامهـا مـن دلائـل ... قيـاس وإجمـاع وآي وسـنة
أقلـدهم في الفـرع إن حجـة بـدت ... وفي الأصـل إيثـار[2] النـصوص طريقتـي
ومـا اخـذوا إلا إذا لاح صـدقها ... وجالـت بهـا أنظـارهم وتقـصت[3]
ومـا اسـتنبطوا الأحكـام إلا إذا بـدت ... لهـم كـذكاء[4] واضـحات الأدلـة
وقيـت الـردى لا تبـد قـول مجـازف[5] ... ولا تطـو كـشحا[6] عـن سـبيل الحقيقـة
فمـن يـستمر العـذب بعـد مذاقـه ... ومـن يمتري في ضـوء شـمس منـيرة
إذا رمـت تحقيقـا فخـض في دلائـل الـ ... فـروع تـر الإيـضاح عـن كـل شـبهة
فـصنها وخـذها بالنواجـذ انهـا ... تفيـدك في الإفتـاء انفـع بغيـة[7]
فكـن تاركـا مـا عـشت إنكـار مذهـب ... حمـاه فحـول القـوم قـوم اعـزة
مـشاهير في الـدنيا مـصابيح للهـدى ... نحـارير[8] أعـلام دراري حكمـة
بهاليل[9] إثبات[10] صناديد[11] عصرهم ... خراريـت[12] ضـلال أصـاليت[13] همـة
فراقـد[14] تحقيـق فـراد وبدعـة ... ميـامين[15] أبـرار شـوامخ[16] حجـة
فلـم تـر منهـم غـير آخـذ مذهـب ... ولم تـدر منهـم غـير صـاحب نحلـة[17]
وحقـق ودقـق في الفـروع مقاصـدا ... مدللـة منهـم بـعين البـصيرة

---

[1] قفو: تبع
[2] إيثار: اختيار, تفضيل
[3] تقصى المسألة: بلغ الغاية في البحث عنها
[4] ذكاء: اسم علم للشمس
[5] قول مجازف: قول متكلم من غير قانون وبدون تبصر
[6] طوى كشحه عن فلان: أعرض عنه وقاطعه
[7] البغية والبغا: ما يرغب فيه ويطلب
[8] النحرير ج نحارير: الحاذق الفطن العاقل
[9] البهلول ج بهاليل: السيد الجامع لكل خير
[10] الإثبات: دليل, برهان
[11] الصنديد ج صناديد: السيد
[12] الخريت ج خرّاريت: عارف
[13] إصليت ج أصاليت: الشجاع الماضي في الحوائج
[14] فراقد: نجوم الاهتداء
[15] الميمون ج ميامين: ذو اليمن والبركة
[16] شامخ م شامخة ج شوامخ: عالي
[17] النحلة ج نحل: المذهب والديانة

تجدهم أساة الدين حقا وما ألوا ... جهودهم فيها بصدق العزيمة

اذا أنت يعقوب أو أنت محمد ... بعلم القضا خالف وإلا فانصت

فحاشا وحاشا أن نعد معائبا ... تقاليدهم أو زلة من نقيصة

لئن كنت في علم الفروع مكملا ... وأعطيت منه قوة بعد قوة

يجوز لك الترجيح بعد دراية ... لأرجح أقوال فهاك بدقة

رشيدية تيمية عبدهية ... اجل مقالات فدع للآجلة

فشأنك يا حبي وشأني رواية ... لأقوالهم بالحفظ بعد روية

فدونك يا يعقوب نشدة صالح ... وان كثرت في النظم زلة بهجة

ولا تشكين مر الخطاب وإنما ... مقالة صدق في الخطابات شيمتي

حماك الله الناس ما فاح عنبر ... وما الخمس في الإسلام فرضا أقيمت

1367هـ

ياقۇپ داموللام ئۇستاز، ئەدىب سالىھ داموللا ھاجىمغا شېئىرىي مەكتۇپ يوللاپ، ئىسلام شەرىئىتىدىكى فىقھى مەزھەپلىرىگە ئەگەشمەسلىكنى تەشەببۇس قىلىدۇ. داموللا ھاجىم ئۇنىڭغا جاۋابەن بۇ قەسىدىنى يازىدۇ.

ئاساسىي مەزمۇنى:

ئەدىپ بۇ قەسىدىدە نۇرغۇن دەلىل ـ پاكىتلارنى كەلتۈرۈپ، ياقۇپ داموللامنىڭ غەيرىي مۇقەللىدلىق قارىشىنى تەنقىد قىلىدۇ. مۇنداق قاراشنىڭ ئىسلامىيەتتىكى زور كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ، جۇملىدىن يۇرتىمىز ئۆلىمالىرىنىڭ ئېتىقادىغا زىت كېلىدىغانلىقىنى، مەزھەپ ئىماملىرىنىڭ كاتتا ئەللامىلەر بولۇپ، ئىسلامىيەتنىڭ پېشۋالىرى ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئىلمىي سەۋىيىسىنىڭ يۇقۇرىلىغىنى، يۇكسەك پەزىلەتلىرىنى بايان قىلىدۇ ھەمدە ئۇلارغا پۇت ئېتىشنىڭ جاھالەتتىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى قەيت قىلىپ ئۆتىدۇ. ئېخىمۇ ئوچۇق قىلىپ: «سېنىڭ ئىمام يۇسۇف، ئىمام مۇھەممەدتەك ئىلىملىك بولمىغاندىكىن، ھالىڭغا بېقىپ ئىش قىلساڭ بولىدۇ»، دەپ سۆزىنى تاماملايدۇ.

قصيدة صاغها الأستاذ الأديب الحاج صالح داملام في مدح صديقه الحميم صاحب الأخلاق المرضية وناصر للسنة النبوية الحسيب النسيب الشيخ الأستاذ الحاج أحمد خطيب الذي تشرفت بلثم أقدامه المنابر

بشرنى برقعتك الحسناء

أشـــجى فـــؤادي واجفـــاه البليـــات كـــما رمـــاه فأصـــماه البليـــات
مـــا الـــدهر إلا مقـــر للـــشجون[1] ففـــي قلوبنـــا مـــن تعديـــه انفعـــالات
لم يـــأت يـــوم لنـــا لم نلـــق فادحـــة[2] ومـــا مـــضت ليلـــة فيهـــا اســـتراحات
لا تـــغترر إن بـــدا يومـــا تبـــسمه وإنـــما هـــو للتـــدمير مـــصلات
ربي أناســـا فـــاردا هـــم لنـــا عـــبرا فـــما بقـــوا فى الـــدنى بـــل كلهـــم مـــاتوا
يومـــا نـــساء ويومـــا نـــشتكي علـــلا فعاهـــة[3] فوقهـــا يـــا صـــاح عاهـــات
إن سرك الـــدهر يومـــا لا تثـــق أبـــدا فإنـــه بعـــده تـــأتي المـــساءات
صـــبر انظـــامي إن الـــصبر أولـــه مـــر وآخـــره فيـــه مثوبـــات
لا تجـز عـــن حيـــث لا غـــوث ولا وزر[4] لا تـــشكين حيـــث لا تنجـــي الـــشكايات
ألا إلى الله ذي العـــرش المجيـــد لـــه تـــسبح الأرض والـــسبع الـــسماوات
يـــا ربي انظـــر بـــعين اللطـــف مرحمـــة فالقلـــب مـــضطرب والـــرزء[5] أشـــتات
وجـــد بـــسير فـــان الحـــب عاتبنـــي حـــب تقـــي نقـــي الثـــوب قنـــات[6]
ســـميذع[7] لوذعـــي أروع ارب[8] هميـــسع[9] ألمعـــى فيـــه خـــيرات
بـــالحلم مـــشتمل بالمجـــد محتفـــل بـــالعلم مـــشتغل في الـــدين ثبـــات

[1] شجن ج شجون وأشجان: الهم والحزن
[2] فادحة ج فوادح: المصيبة الشديدة
[3] عاهة ج عاهات: عرض يفسد ما أصابه كالفساد الذي يقع في الزرع من حر أو عطش
[4] وزر ج أوزار: الثقل, الحمل الثقيل
[5] رزء ج أرزاء: المصيبة العظيمة
[6] قنات: كثير الإطاعة والخضوع له
[7] سميدع ج سمادع: السيد الكريم, الشجاع, الشريف
[8] إرب ج آراب: الدهاء والحيلة
[9] هميسع: القوي الذي لا يصرع

كـــشاف معـــضلة[10] زخـــار عاطفـــة ضرغام[11] ملحمة[12] للقرن كبات[13]
مـــن قـــد أدار رحـــى الجـــدوى[1] تزينـــه إذا تبـــدي صـــبيح الوجـــه ســـينات[2]
ســـعد ســـناء ســـمو العـــزم ســـبقته ســـمت ســـخاء ســـجيات ســـعيدات
مـــا غـــره نـــشب[3] كـــلا ولا حـــسب أيـــضا ولا نـــسب يومـــا ومعـــلاة
مـــن جـــاءه مـــستفيدا قاصـــدا أدبـــا يجـــده بحـــرا همـــى[4] منـــه الإفـــادات
وبـــل[5] غزيـــر يـــروي قلـــب قاصـــده ومـــا أفـــادوه طـــل[6] أو بـــلالات[7]
مـــسدد القـــول لا يغتـــاب متـــشح[8] بالنـــصح صـــحت لـــه في النـــاس نيـــات
مـــا ضـــمهم منتـــدى[9] إلا ونبـــصره مـــصباح نـــاديهم و النـــاس مـــشكاة[10]
كـــأنهم في عـــلاه حـــين يـــسبقهم بيـــاذق غالهـــا في وثبهـــا الـــشاة
جـــم المناقـــب جمـــاع الفـــضائل جـــز ل الرفـــد جلـــد جـــرئ لقلـــب نهـــات
دانـــت لـــه الفـــضل والعليـــاء والرشـــد والعلـــم والمجـــد والـــسبع القـــراءات
لـــو افديـــه بـــغير المـــن نائلـــة كـــما لـــه لـــذوى حـــاج مواســـاة[11]
وخلقـــه الحلـــو ميمـــون لـــه ارج تأرجـــت منـــه في الارجـــاء فوحـــات[12]
تواتـــر الخـــبر العـــالي بـــشهرته بعـــزة النفـــس ترويهـــا المـــرووات
إن القـــضايا الـــتي في حلهـــا عييـــت نهـــى الظـــراف لديـــه اوليـــات
يـــأتي بأمـــضى مـــن الصمـــصام مـــن كلـــم كالـــدر واضـــحة فيهـــا اســـتعارات
مـــدى عـــلاه بعيـــد لا ينـــال نعـــم ذرى[13] الـــشوامخ في المرقـــى بعيـــدات
محـــي الـــشريعة حاميهـــا فكـــم بـــدع قـــد أبـــدعوها لهـــم فيهـــا عقوبـــات
واستحـــسنوها فعمـــت واعتـــدت فعلـــت عـــلى الطبـــاق مـــن الإســـلام حنـــات

[1] معضلة ج معضلات: المسألة المشكلة
[2] الضرغام: ا سد / الشجاع / القوي
[3] ملحمة ج ملاحم: المجزر
[4] كبة ج كبات: الحملة في الحرب
[5] الجدوى: العطية
[6] سينات: جمع السين
[7] النشب: العقار, المال
[8] همى يهمي هميا الماء: سال
[9] الوبل: المطر الشديد
[10] طل ج طلال: الندى
[11] بلالة ج بلالات: الندوة
[12] اتشح يتشح متشحا السيف: تقلد به
[13] المنتدى: المجلس
[14] المشكاة: كل ما يوضع فيه أو عليه المصباح
[15] مواساة: معاونة
[16] فوحات: روائح
[17] ذرى: العلو والمكان المرتفع, أعلى الشيء

إن قلـــت حــدثنا أو قلـــت أخبرنـــا أو بينـــت في كتـــاب الله آيـــات

قـــالوا اقتـــدينا بآبـــاء نقلـــد أو قـــالوا مراســـم نحميهـــا و عـــادات

هــل يقبــل الــشرع مــا قــالوا وأحدثهم قــوم طغــام[1] حثــالات[2] حفــالات[3]

أزالهـــا غـــيرة للـــدين مجتهـــدا كــما أزيلــت بــسيف الهمــة الــلات

يـــا ضـــل قـــوم فـــما اغـــبى واجهلهـــم ضـــلالة بالهـــدى فيهـــم مـــسماة

ذا باطـــل لجلـــج[4] فـــاعلم وذالـــك حقـــ ـــق أبلـــج[5] يـــا أخـــي أيـــن المساواة

هـــي المنـــاكير ظنوهـــا منـــار هـــدى وعنـــد أهـــل التقـــى طـــرا ضـــلالات

رأرأ وأمعـــن فـــإن القـــوم قـــد عـــسفوا[6] ســـبل الهدايـــة مـــا فيهـــم هـــدايات

فـــلا تظنـــن محقـــا مـــن أبـــاح هـــوى وان تغطـــرس[7] محجاجـــا[8] فقـــل هـــاتوا

ولا تثـــق ببحـــوث جـــل موقعهـــا وإنـــما هـــي قيـــلات وقـــالات

أمـــا الحـــديث وتفـــسير الكتـــاب فخـــذ هـــدى وذكـــرى وإرشـــاد منـــيرات

لـــه البراعـــة في التفـــسير منتقـــدا كـــما لـــه في الأحاديـــث الكـــمالات

يفـــسر الآي وفـــق العـــصر مـــا حكـــم إذا تنطـــع[9] فـــسرا فلـــسفيات

ومـــا قـــضايا ومـــا ترتيـــب أقيـــسة ومـــا هيـــولي ومـــا عـــين و مـــاذات

ومـــا حـــصول ومـــا علـــم الحـــضور ومـــا جنـــس وفـــصل ونـــوع وانعكاســـات

ومـــا نقيـــض ومـــا عكـــس النقيـــض ومـــا صـــغرى وكـــبرى وشـــكل واختلاطـــات

اعـــنى بـــه احمـــد المفـــضال[10] مـــن هملـــت للوافـــدين جـــدا منـــه المـــبرات[11]

اللابـــس الفخـــر مـــن قـــد زانـــه شـــيم الـــذاكر الله لا يلهيـــه لـــذات

فـــاق الـــورى نـــسبا قـــد حـــازه زمنـــا قـــوم سراة أولـــو الإحـــسان اثبـــات

هـــم ســـادة قـــادة للنـــاس قاطبـــة ألقـــابهم أشرف الألقـــاب خانـــات

هـــم أماثـــل أخيـــار ذوو هـــمم هـــم أكـــارم للعليـــاء رايـــات

[1] طغام: دنيء أحمق

[2] حثالة ج حثالات: ما يسقط من قشر الشعير, أو ا رز, حثالة الناس رذالتهم

[3] حفالة ج حفالات: رذالة الناس

[4] لجلج: المختلط الذي ليس بمستقيم

[5] أبلج: واضح, الظاهر, أشرق

[6] عسف يعسف عسفا: عدل عنه وخبطه على غير هداية

[7] تغطرس: تكبر

[8] محجاجا: الكثير الخصومة

[9] نطع نطعا: تشدق في الكلام

[10] مفضال م مفضالة: كثير الفضل

[11] مبرة ج مبار ومبرات: العطية, ما يجلب البر

لهم خصائل كالريحان رائحة   لهم مراتب في الجدوى منيعات

ذكراهم بين أمجاد الورى انتشرت   كأنهم في انتشار الصيت ما ماتوا

ناظورة[1] القوم مقطار البراجم[2] مو   طار الشمائل ماضى العزم مصلات[3]

يفيد درا كدرى السماء وضحا   ولا يساعده كتب وآلات

به اتقاء وزهد مع تضلعه[4]   من النعيم فهزته السخاوات

هو بن ساعدة الفصح بن بجدته   باديه نور وخافيه نباهات

يا أحمد المرتجى في كل نائبة   قم فاعف عني فإن العفو منجاة

وليس فينا اصطلاح ان ذا عجب   لكل قوم رسوم واصطلاحات

أخرت يا صاح الاستعفاء منك نعم   لكل شيء لدى التأخير آفات

لكنني خفت ان القى معاتبة   اخرى فقد راعني مني الخطيات

لكل مرء مراد يبتغي دأبا   وان اشهى مرادي منك مرضاة

جهنم لي الدنى[5] إن كنت تهجرني   وان عفوت ذنوبي فهي جنات

أريتني بالعتاب العيب أنكره   فالحب للحب يا مولاي مرآة

عاديتني بعدما واليتني لهفي   أطير من طرب[6] لولا المعاداة

ولهجتى منك بالأوصاف صادعة   ومن هجاءك والعتبى مبرات

مهلا هديت فما أنبئت مختلق   فراه ضل بن ضل فيك قتات

أحبولة نصبت ماثم من فتن   أكذوبة أحدثت تلك المقالات

فلي بحبك بين الناس مفخرة   كما لقاؤك لي فيهم مباهاة

عفوا أيا سندي عني فقد كثرت   عن بن آمنة فيه الروايات

فالدمع منسكب والقلب ملتهب   والعقل منشعب والنفس مغماة

والله يعلم ما بي من خلوص هوى   إليك احيى به دوما واقتات

لا تضعفن ذمتي من بعد ما متنت   اتضعفن مودات اكيدات

---

[1] ناظورة: سيد

[2] برجمة ج براجم: مفصل ا صابع

[3] المصلت والمصلات: الشجاع الماضي في الحوائج

[4] تضلع: نال منها حظا وافرا

[5] الدنى: الدنيا

[6] طرب: اهتزاز واضطراب فرحا أو حزنا

متى أرى العفو يا من عم نائله لعله جائني منك البشارات

أنت الشريف فوجه النجح منبلج فكم أقيلت لدى الأشراف زلات

ما سرني قط يوم مذ ولدت هوى يوم لقيتك فيه لي المسرات

في منزل الحسن المحسان اكرمنا له الندى والتقى والمجد عادات

أمسى لنا أشرف الأيام أزهرها يوم به نشرت منا الطويات

أما المصاهرة الغراء فانقطعت وليس لي قط يا حبر الجنايات

نريد شيئا وحكم الله يسبقه مقهورة تحته تلك الإرادات

لا اسلون وان فاتت مصاهرة عنا ولا بدلت بالضغن[1] حالات

وأقرباء تراهم ضمهم نسب ففاتهم بعده منهم مواتاة[2]

ها انني لست اذ فاتت بمنصرم ففي الفؤاد بلا شك قرابات

ابيعة الحب انساها وتنكثها الـ ـبغضاء والنقض مني والخيانات

قال المهيمن أوفوا بالعقود نعم ان العقود بلا ريب أمانات

يا صالح اقرب وصالحه فصلح أخي الـ صلاح صالحة فيها السعادات

ولاتكن قانطا من طول مدته فكل شيء له حد وميقات

يا احمد البر بشرني برقعتك الحسـ ـناء عندي من الألطاف ساحات

لك المدائح لا تحصى إذا كتبت ولا تفيها إذا عدت عبارات

هذا نهاية ما أنشدت مبتدأ فأنت يا منتهى فيك النهايات

فأصلحن ما بدا في النظم من زلل أو عثرة[3] أخطأت فيها الكتابات

أتيت بابك رجاء ومعتذرا وتحفتي يا غطم[4] العفو أبيات

أبيات معذرة بالعيب مترعة[5] من كل منقصة فيها امارات

أما رأيت قصور النظم فاعف وجد بضاعتي في مجال الشعر مزجاة[6]

عش نائلا ماترجيه وتأمله وقد عداك ملمات مليمات

---

[1] ضغن ج أضغان: الحقد

[2] مواتاة: موافقة

[3] عثرة ج عثرات: السقطة, الزلة

[4] الغطم: الواسع

[5] مترعة: مملوءة

[6] مزجي م مزجاة: الشيء الرديء

وعـــش رفيعـــا بخفـــض العيـــش لم تـــنـــ ـــب النواصـــب الـــدهم مغنـــاك المهيبـــات
فالحمـــــــد لله يتلوهـــــــا مرتلهـــــــا ومـــــا التـــــشهد فيـــــه التحيـــــات
ومـــــا المـــصلى يـــصليها ومـــا تليـــت بأحـــسن الـــصوت في القـــرآن آيـــات

1364 ربيع الأول

وبعث إلى الممدوح بالمقطوعة التالية

أيـــا رقعـــة الإخـــلاص ســـيري وبلغـــي إلى أحمـــد الممـــدوح في غـــر أشـــعاري
ســـلاما كطيـــب المـــسك ذاك أريجـــه مبلـــغ اســـماع منـــور أفكـــار
وقـــولي لهـــم إني تركـــت صـــديقكم صـــويلحا[1] المحيـــار[2] فاقـــد ســـمار[3]
فهـــل مـــن ســـحاب العفـــو مطـــرة مجـــرم وهـــل مـــن غطـــم اللطـــف قطـــرة معثـــار[4]
هـــي النعمـــة العظمـــى وراحـــة روحـــه هـــي البغيـــة الزهـــري وغايـــة أوطـــار

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۇستاز، ئەدىب سالىھ داموللا ھاجىم دىيارىمىزنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ئۆلىمالىرىدىن بولغان ئاتۇشلۇق ئەھمەد خەتىب ھاجى داموللام بىلەن ئۆزئارا دوستلۇقنى تېخىمۇ چىڭىتىش مەقسىتىدە قۇدا-باجا بولۇشقا پۈتۈشۈپ، ئوغلىنى خەتىب ھاجىمنىڭ ئاچىسىنىڭ قىزىغا ئۆيلەپ قويىدۇ. بۇ ياش ئەر-ئايالالار بىر باللىق بولغاندىن كېيىن ئۆزئارا چىقىشالماي ئاجرىشىپ كېتىدۇ. داموللا ھاجىم بۇنىڭدىن قاتتىق ئەپسۇسلىنىپ، ئۆزرىخاھلىق ئېيتىش يۈزىسىدىن يالقۇنلۇق ھېسسىياتلارغا تولغان بۇ شېئىرنى يېزىپ ئەھمەد خەتىب ھاجىمغا ئەۋەتىدۇ.

ئاساسىي مەزمۇنى:

داموللا ھاجىم قەسىدىدە ئومۇمىي مەزمۇنغا ماس ھالدا ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ناھايىتى بىئارام بولغانلىقىنى بايان قىلىپ، زامانىنىڭ گەردىشىدىن، نامەردلىكىدىن شىكايەت قىلىدۇ. زاماندا ۋاپا يوقلۇقىنى، كىشىنى بىردەم خۇشال قىلسا، ئارقىدىنلا كىشىگە خاپىلىق، كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى، بۇ ئىشلارنىڭ تەقدىر-قىسمەتلەر ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىپ ئۆتىدۇ.

ئەھمەد خەتىب داموللا ھاجىمنىڭ ۋۇجۇدىدىكى پەزىلەتلەر، خىسلەتلەرگە ئالقىش ياغدۇرۇپ، ئۇنىڭ ھۆسن-خۇلقى، مۇلايىملىقى، خۇشخۇيلۇقى، مەردلىكى، ساپدىللىقى، مەنمەنچىلىكتىن خالىي كەمتەرلىكى، چىقىشقاقلىقى، ئالىيجاناب پەزىلىتى قاتارلىقلارنى بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ جانلاندۇرۇش ۋاستىسىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، يۈكسەك پەللىگە كۆتۈرۈپ مەدھىيىلەيدۇ.

بۇ زاتنىڭ كۆپلىگەن ئىلىملەردىكى يۇقىرى قابىلىيىتىنى، مۇشكۈلات كىتابلارنىڭ قىيىن مەسىلىلىرىنى كۆپ قىينالمايلا يېشىپ بېرەلەيدىغانلىقىنى، تەپسىر ئىلمىگە ماھىر بولۇپ، ئايەتلەرنىڭ مەنە-مەزمۇنلىرىنى زامانىۋى ئىلىملەرگە تەتبىقلاپ چۈشەندۈرەلەيدىغانلىقىنى، ھەدىس ئىلمىدە كامالەت ئىگىسى ئىكەنلىكىنى، ئىلىمگە تەشنا بولۇپ ھوزۇرىغا كەلگەن تالىپلارنى ئىلىم

[1] المحيار: الكثير التحير
[2] السامر ج سمر وسمار: مجلس المتسامرين
[3] معثار: كثير العثار والسقوط

